# تارىم

1

1993

www.uyghurkitap.com



ئۇ ماتېرىيال كۆرمەكتە.

مۇھەممەتجان راشىدىن پېشقەدەم شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن 1958 ـ يىلدىن باشلاپ شۇغۇللانغان. ھازىرغىچە ئۇنىڭ 450 شېئىرى، ئىككى داستانى، سەككىز ھېكايىسى ئېلان قىلىنغان، «كاككۇك گۈلى»، «يىللار ئىزى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغان، «ئانا تاغلار» ناملىق شېئىرى ۋە بىر تۈركۈم ساتىرىلىرى مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇ تەرجىمە بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ بەزى ئەسەرلەرنى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان. ھازىر ئىلى ناھىيىسىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى.



ئۇ پېشقەدەم ئەدىبلەر بىلەن مۇھاكىمە ئۈستىدە.



ئۇ ھەۋەسكار ئاپتورلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرماقتا.



ئۇ نەۋرىلىرى بىلەن بىللە

# ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

43-يىل نەشرى

1

1993


باش مۇھەررىر

مۇھەممەت شاۋۇدۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر

ئارسلان

مەسلىھەتچىلەر

ئابلىز نازىرى، ئەلقەم ئەختەم

تەھرىر ھەيئەتلەر

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، ئارسلان، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، ئابلىكىم باقى، تۇرغان شاۋۇدۇن، تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن، قەييۇم تۇردى، مەھەممەت شاۋۇدۇن، مۇھەممەت زۇنۇن، مەھمۇد زەيدى، ئىمىن تۇرسۇن، ئىمىن ئەخمىدى، زوردۇن سابىر.

# بوستاندا

## نەسرىي ئەسەرلەر


م. هوشۇر..........خاسىيەتلىك قار (پوۋېست).............................. 4
ئارسلان......... .........ئۇپۇقتىكى سۇرەتلەر (پوۋېست)......................... 34
م. نۇردۇن............هاشىم تۇماق (هېكايە)...................................... 89
ر. هوشۇر..............بۇمۇ تۇرمۇش (هېكايە)..................................111
ن. توختى............ئۆرۈك هەر يىلى چېچەكلەيدۇ (هېكايە)..................116


## شېئىرلار


م. خۇرسەندى..........ئىزغىرىن ئۇيلار........................................... 29
ئا. ئابدۇللا...........قىران سۆيگۈلەر........................................... 30
م. روزى..............شېئىرلار.......... ............................................ 32
ر. قاسىم...............مۇساپىرنىڭ قىسسىسى (داستان)........................ 74


## مۇهاكىمە ۋە تەقرىز


م. ئىمىن...............ئەدەبىيات ـــ تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسىمۇ ياكى «ئاپتورنىڭ
ئۆز ـ ئۆزىنى ئىپادىلىشى» مۇ.........................129


## دۇنيا ئەدەبىيات ئېقىملىرىغا نەزەر


ۋ. ۋولف...............تامدىكى داغ (هېكايە).....................................141

## نەسرىدىن ئەپەندى يېڭى لەتىپىلىرىدىن

ئەپەندىنىڭ ئامالى.................................. 152

## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

ئەدىبلىرىمىز 1992 - يىلدا.......................... 156
............................................................ 157

* * *

بۇ ساندىكى رەسىم ۋە ماۋزۇلارنى، م. ئايۇپ، م. نۇرمەمەتلەر ئىشلىگەن.

مەتتىمىن ھوشۇر



(پوۋېست)

# خاسىيەتلىك قار



## 1

زۆھرە!

ساڭا خەت يېزىش قارارىغا كەلدىم.

سەن ھېلىمۇ مەن تاشلاپ كەتكەن ھېلىقى قىيسىق، كونا ئۆيدە تۇرۇۋاتامسەن، قولۇمغا سوغۇق كويزا سېلىنغاندا چىرقىراپ يىغلىشىپ قالغان ئىككى ئوغلۇم ھاياتمۇ، يوق؟ بىلمەيمەن. ئەمما، نارەسىدىلىرىمنىڭ ئاشۇ كۈنكى يىغا ئاۋازى بۈگۈنگىچە قۇلىقىمدىن كەتمىدى. شۇ ئىشلارنى ئويلىسام، يۈرىكىمنى مۈشۈك تاتىلىغاندەك ئازابلىنىپ كېتىمەن.

بۈگۈن كېچە، كارىۋىتىمنىڭ ئاستىدىن ساپما كەشىمنى ئىزدەۋېتىپ: نېمىشقا شۇ كۈنگىچە زۆھرەگە بىرەر پارچىمۇ خەت يازمىدىم؟ دەپ ئويلىنىپ قالدىم. ئايرىلغىنىمىزغا شۇنچە يىللار بوپتۇ. ئارىمىزنى ناھايىتىمۇ ئۇزۇن يوللار، تاغ - داۋانلار، تۈرلۈك مەملىكەتلەرنىڭ چېگرا - توساقلىرى توسۇپ تۇرۇپتۇ. لېكىن، كۆزۈمنى يۇمساملا يىراقتىكى شۇ مۇقەددەس ماكان — لايقىپ ئاقىدىغان دەريالار، چوققىلىرىدىن قار كەتمەيدىغان ئاقباش تاغلار، ئېتىزلار ئارىسىدا سوزۇلۇپ ياتىدىغان توپىلىق يوللار، پىژغىرىم ئاپتاپتا كۆكۈللۈك سايە تاشلاپ تۇرىدىغان يوغان ئۈجمە دەرەخلىرى، تار، ئەگرى - بۈگرى كوچىلىق مەھەللىلەر ھېلىمۇ ئېنىق كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ... ئادەم بىلەن لىق تولۇپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى بۇ يەر شارىمىزدا ئادەتتىكى بىر ئىنسان ھاياتىنىڭ قىممىتى خەشەكچىلىكمۇ بولمىسا كېرەك، بەزىدە مەن تەقدىر بورىنىنىڭ مېنى ئاشۇ قىممەتلىك نەرسىلىرىمدىن ئايرىپ، قانداق قىلىپ شۇنچە يىراق يەرلەرگە تاشلىۋەتكىنىنى زادى ئويلاپ يېتەلمەيمەن. بالىلىقىم، تەنتەكلىكىم ئۆتكەن شۇ ئانا ماكانىنى، تۇنجى قېتىم مۇھەببەتلىك بېقىشلار بىلەن يۈرىكىمنى يىللىتقان جاپاكەش

ئايالىم ـــ سەن، كۆڭلىكىڭنىڭ پېشىنى تۇتۇپ يىغلاپ قالغان سەبىي بالىلىرىم بىر بىر كۈنمۇ يادىمدىن چىقمىدى. بەزىدە ئۆكسۈپ يىغلىغۇم كېلىدۇ، لېكىن، ئۆپچۆرەمدە نېمىشقا ياش تۆكۈۋاتقىنىمنى چۈشەنگىدەك ئادىمىممۇ يوق...

شۇ خىياللار بىلەن كارىۋاتنىڭ ئاستىدىن ئىزدەۋاتقان نەرسەمنى شۇنچە سىيپاش تۇرۇپمۇ تاپالماپتىمەن. ئېسىمنى يىغىپ قارىسام، ساپما كەش قولۇمنىڭ ئۇچىدىلا تۇرۇپتۇ. بۇ كەشنى كىيىپ نەگە بارماقچى، نېمە قىلماقچى بولغانلىقىمنى يەنە ئېسىمگە ئالالمىدىم. ئورنۇمدا قايتا سوزۇلۇپ ياتتىم.

زۆھرە! مەن ئۆلۈپ كېتىمەن. ئۆزىنىڭ يات ئارىدا ئۆلۈپ كېتىدىغىنىنى بىلىپ تۇرغان ئادەمنىڭ كۆڭلىدىنمۇ سۇنۇق كۆڭۈل بولمىسا كېرەك. چۈنكى ئۇ يورۇق جاھان، يورۇق قۇياش، يورۇق ئاسماننى تاشلاپ، قايتىپ كەلمەيدىغان بىر يەرگە يۈرۈش ئالدىدا تۇرغان يولۇچىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ قەلبى ھەسرەتكە، پۇشايمانغا تولغان بولىدۇ. بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بارلىق كەچۈرمىشلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا خىرەلەشكەن قەدىمىي بىر رەسىم ياكى بولمىسا سەھەردە كۆتۈرۈلگەن تۇماندا داۋالغۇپ تۇرغان مەنزىرىلەردەك غۇۋا نامايان بولىدۇ-دە، پاك بىر ئادەمنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ھاياتىدا ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلىرى ئۈچۈن يىغلاپ تۇرۇپ تۇۋا قىلغۇسى كېلىدۇ. مېنىڭ تەسەۋۋۇرىمدىكى ئەڭ پاك ئادەممۇ سەن. ئېسىڭدىمۇ؟ بىز تۇنجى قېتىم قار باسقان ئاپئاق بىر دالىدا سۆيۈشمىگەنمىدۇق؟ قار-ئاقلىقنىڭ، پاكلىقنىڭ سىمۋولى ئەمەسمۇ؟ ...بەلكىم، يازغان خەتلىرىم ساڭا يېتىپ بارالماس ياكى سەن قايتا تۇرمۇشلۇق بولغان بولساڭ، خاتىرجەملىكىڭنى بۇزۇشنى خالىماي، دۇنيانىڭ قايسىبىر بۇرجىكىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان مەندەك بىر قاچقۇننىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋېلىشنى رەت قىلارسەن. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، يۈرىكىمدىكى ئاداققى سۆزلىرىمنى ساڭا، پەقەت ساڭىلا ئېيتقۇم كېلىدۇ. ئەگەر راستىنلا ئۆلۈپ كېتىپ قالسام بۇ مېنىڭ خوشلىشىش سۆزلىرىم بولۇپ قالار.

بۈگۈن سەھەردە كېسەل كارىۋىتىم يېنىدا پەيدا بولغان ئاياغ تىۋىشىنى ئۇيقۇلۇق سېزىپ ياتتىم. دوختۇر ئايالىم (بۇ ھازىرقى ئايالىم، ئىسمى ھىدايەت خانىم) بىلەن شۇنچە ئاستا پىچىرلاشقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئېنىق ئاڭلىدىم. دوختۇرنىڭ: كېسەلنى ئېلىپ چىقىپ كېتىڭلار، كۆڭلى تارتقان نەرسىنى بېرىڭلار، دېگەن گەپلىرىنىڭ مەنىسىنى كىم بىلمەيدۇ. بۇ «ئۇزۇنغا بارماي ئۆلىدۇ» دېگەن سۆزنىڭ سىلىق ئېيتىلىشى... دوختۇر چىقىپ كەتتى. ئايالىم بېشىمدا ئولتۇرۇپ ئۈنسىز يىغلىدى. نېمىشقىدۇر، «ئۆلۈم!» دېگەن سۆز ماڭا خۇددى چەكسىز بوشلۇققا تاراپ، بارغانسېرى سۇسلاپ كېتىۋاتقان بىر ئەكس سادادەك ئاڭلاندى؛ كۆز ئالدىمغا كۆيۈپ تۈگەۋاتقان شام، قاراڭغۇ تۈن ئاسمىنىدىن كۆچكەن بىر يۇلتۇز، شېخىدىن ئايرىلىپ پۇلاڭشىپ چۈشۈۋاتقان بىر تال يوپۇرماق كەلدى-دە، ئۇزۇندىن بۇيانقى جىددىيلىكىم پەسىيىپ، كۆڭلۈم ئارام تېپىپ قالغاندەك بولدى. دۇنيادا ئۆلمەيدىغان كىم بار؟! ئۆلۈم دېگەن بۇ رەھىمسىز ھەقىقەت ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر. ئۇ

www.uyghurkitap.com

شاھىنىڭ تاجىسىغا، گادايىنىڭ نالىسىغا قارىمايدۇ. ئەجەل — ھەممىمىزنىڭ پېشانىمىزگە پۈتۈلگەن، ھېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان ۋە بۈگۈن بولمىسا ئەتە، سەھەردە بولمىسا كەچتە چوقۇم سادىر بولىدىغان مۇقەررەرلىك!

ئايالىم شىپىرلاپ كىيىم ئاسقۇدىن بىر نېمىنى ئالغاندەك قىلدى-دە، نەگىدۇر غايىب بولدى. بەلكىم ئۇ ئازدىن كېيىن ماشىنا ئېلىپ كېلىپ مېنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كېتىدۇ. «دوختۇر سىزنى چوقۇم ساقىيىپ كېتىدۇ، ئەمدى ياخشى بولۇپ قالىسىز» دېگەندەك تەسەللى گەپلەرنى قىلىدۇ. دوختۇردىن چىققىنىمنى ئاڭلاپ قولۇم-قوشنىلار يوقلاپ كىرىدۇ. ئۇلار چىرايلىرىغا زورىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ ئەھۋالىمنى سورايدۇ. «ئۆتكەنكىدىن كۆپ ياخشى بولۇپ كېتىپتۇ، چىرايىمۇ بىر ئوبدانلا بولۇپ قاپتۇ» دېيىشىپ كۆڭلۈمنى ياسايدۇ. ئىشىكتىن چىقىپلا: قاراڭلار، ئورۇقلاپ ياغاچتەكلا بولۇپ قالغىنىنى... دېيىشىپ، مېنىڭ بىر قانچە يىلنىڭ ئالدىدىكى مەغرۇر يۈرگەن چاغلىرىم توغرىسىدا غەيۋەتكە چۈشىدۇ. ئەگەر مەن راستىنلا ئۆلۈپ كېتىدىغان بولسام ئۆيگە قايتىپ چىقىپ باشقىلارنى يەنە ئاۋارىچىلىققا سېلىشىمنىڭ، ياخشى تاماقلارنى يەپ كۈتۈلۈشىمنىڭ ھاجىتى نېمە؟...

ئورنىمدىن تۇرۇپ، بالنىتسىنىڭ كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ، ئۆز كىيىملىرىمنى كەيدىم. ئۇزۇن كەتكەن زالدىن پۈتۈمنىڭ ئۇچىدا دېگۈدەك مېڭىپ ئۆتۈپ، دوختۇرخانىدىن ئاستىلا قېچىپ چىقتىم. دوختۇرخانىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئالدىدا قانداقتۇر بىر ئىت يېتىلىۋالغان خانىمغا سوقۇلۇپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدىم. ھەر ئىككىلىمىز بىر-بىرىمىزگە قاراپ ئەپۇ سوراشتۇق. خانىمنىڭ ئۆزى شۇنچىلىك سېمىز، يېتىلىۋالغىنى بولسا ئورۇق بىر تايغان ئىدى. خانىم چىرايىمغا قاراپ ھەيران قالدى-يۇ، دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى ۋە يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ:

— سىز بۇ دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقان بىمار ئوخشىمامسىز؟ — دېدى.

— شۇنداق، — دېدىم.

— ناھايىتى ئورۇقلاپ كېتىپسىز، ئايال كىشى تۇرۇپ سىزنى ئۆرۈۋەتكىلى تاسلا قالدىم، خۇدا بىر ساقلىدى.

— ھېچ ۋەقەسى يوق.

— نېمىشقىدۇر ئورۇقلار مېنىڭ خەيرىخاھلىقىمنى قوزغايدۇ. بۇ كۈچۈك نەسىللىك كۈچۈكلاردىن ئىدى. يېقىندىن بېرى سەۋەبسىزلا ئورۇقلاپ كېتىۋاتىدۇ. مانا، مۇمكىن بولسا مەن بەدىنىمدىكى گۆشلەردىن سىزگە خالىغانچە بېرىشكە تەييار ئىدىم.

— رەھمەت، ماڭا ئەمدى گۆشنىڭ لازىمى يوق. مەن پات ئارىدا ئۆلۈپ كېتىمەن.

قورقىنىدىن ئايالنىڭ كۆزى چەكچىيىپ كەتتى.

— ئۈمىدسىزلەنمەڭ، سىزگە شىپالىق تىلەيمەن! — دېدى-دە، بۇرۇلۇپ ماڭدى.

«بۇ خانىم سېمىزلەر كۇلۇبىنىڭ ئەزاسى بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدىم. بۇ يەردە شۇنداق بىر كۇلۇبمۇ بار. بۇ كۇلۇبنىڭ ئادەملىرى «سېمىزلار ئاق كۆڭۈل كېلىدۇ» دەپ ئۆزلىرىدىن تولىمۇ پەخىرلىنىشىدۇ.

ئايالىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالماسلىق ئۈچۈن دوختۇرخانىنىڭ ئالدىدا كىرا ماشىنىسىغا چىقتىم-دە، بىر هازا ماڭغاندىن كېيىن، «خەيرلىك سەھەر» ساتىراشخانىسىنىڭ ئالدىدا ماشىنىدىن چۈشۈپ قالدىم. بۇ شەھەر بويىچە ئەڭ ئەتىگەن ئېچىلىدىغان ساتىراشخانىلارنىڭ بىرى ئىدى. بۇ دۇكاننى دەسلەپتە بىر تۈركىيىلىك ئاچقان دېيىشىدۇ. رەڭگارەڭ چىراغلىرىنى چاقنىتىپ يېرىم كېچىگىچە ئوچۇق تۇرىدىغان باشقا ساتىراشخانىلارنىڭ ئەكسىچە بۇ ساتىراشخانا ئەتىگەن ئېچىلىپ، ئەتىگەن تاقىلىدىكەن. چاچ-ساقىلىنى ئالدۇرۇشقا پەقەت ئەتىگەنكى ۋاقىتنىلا ئاجرىتالايدىغان ئالدىراش كىشىلەر، تۈنەپ قالغان يەرلىرىدە ئۆزىگە پەرداز قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن خانىملار بۇ يەرگە كېلىشىدىكەن. كېيىن بۇ دۇكان بىر قانچە خوجايىنلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ تىجارەتنى سەھەردىن باشلايدىغان ئەنئەنىسى ئۆزگەرمىگەنىدى.

«خەيرلىك سەھەر» نىڭ كەڭ دېرىزىسىدە ئېسىقلىق تۇرغان، چېچى ئەڭ يېڭى مودىدا ياسالغان خانىمنىڭ رەسىمىنى يىراقتىنلا كۆردۈم. يېقىنلاشقانسېرى بۇ رەسىمدىكى گۈزەلنىڭ يوغان كۆزلىرى خۇمارلىشىپ، خېرىدارنى دۇكانغا شەرەتلەيتتى. ئىشىكنى ئېچىشىم بىلەن زەي ۋە ھەر خىل ماي، ئەتىرلەرنىڭ قويۇق پۇرىقى دىمىغىمغا ئۇرۇلدى. دۇكان خالىي ئىدى. ساتىراشخانىم ئەينەككە قاراپ ئۆزىنىڭ قاش كۆزىنى جۆندەۋاتاتتى. ئۇ بۇرۇلۇپ ماڭا قاراپ قورقۇپ كەتكەندەك بولدى-دە:

— ياخشىمۇ سىز... كېلىڭ! ...دېگەن گەپلەرنى ئارانلا ئاغزىدىن چىقىرالىدى. ئېھتىمال، ئۇنىڭ كۆزىگە ئەرۋاھتەك كۆرۈنۈپ كەتكەن بولسام كېرەك، چوڭ ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ئۆزۈممۇ چۆچۈپ كەتتىم. چىرايىمدا قان دىدارى كۆرۈنمەيتتى. ئورۇقلۇقىمدىن كۆزۈمنىڭ چاناقلىرى ئىچىگە پېتىپ، ئىككى مەڭزىمنىڭ سۆڭىكى پۈلتىيىپ چىقىپلا قالغانىدى. ئەلەم بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويدۇم. بىر چاغلاردا مىلتىقنىڭ ئاستىدا ئىشلىگەن چاغلىرىمدىمۇ مۇنچىلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمىغانىدىم... مەيلى ئەمەسمۇ، ئۆلۈپ كېتىۋاتقان ئادەم ئۈچۈن سەت-چىرايلىق، ئورۇق-سېمىزلىكنىڭ نېمە پەرقى؟

— چاچ-ساقىلىمنى ياساپ قويۇڭ! — دېدىم ئارقامدا تېخىچە تېڭىرقاپ قاراپ تۇرغان خانىمغا.

ئۇ ھەر كۈنى بۇ دۇكاندا نەچچە ئون ئادەمنىڭ چاچ-ساقىلىنى سىيپاپ پاختىدەك يۇمشاپ، ئۆزىدىمۇ، كىشىدىمۇ ھېچقانداق سېزىم ھاسىل قىلالماس بولۇپ كەتكەن قوللىرىنىڭ ئىنچىكە بارماقلىرى بىلەن چېچىمنى رەتلەپ:

— چېچىڭىزنى قانداق پاسوندا ياساپ قويسام بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئىختىيارىڭىز، مېنىڭ مۇشۇ تۇرقىمغا لايىق بىر نېمە قىلىپ قويسىڭىزلا بولىدۇ. سىز بىلمەيسىز، مەن يېقىندا ئۆلۈپ كېتىمەن. ئۆلۈپمۇ كېتەرمەنمۇ، دەپ ئۇزۇندىن بېرى ئازابلانغانىدىم. جەزمەن ئۆلۈپ كېتىدىغىنىمنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم تىنچىپ قالدى. تەقدىر تۈرمە ئەمەس-تە. ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولامدۇ؟ مەن

بىر چاغدا تۇرمىدىنمۇ قاچقان... ئۆلـۈپ كېتىش ئالدىدا بولسىمۇ سەل ئۆزۈمنى تۇزەشتۇرۇپ قوياي»، دەپ ئالدىڭىزغا كىردىم. تۇرمىدە ئۆلۈمگە ھۆكـۈم قىلىنغان بىر مەھبۇسنى كۆرگەنىدىم. ئۇ ھەر كـۈنى دېگۈدەك ساقال - بۇرۇتىنى قىرىپ ناھايىتى پاكىز يۈرەتتى... قانداق پاسوندا بولسا بولىۋېرىدۇ، ـــ دېدىم.

ساتىراش خانىم ئالدىراپ ئالدىمغا پەرتـۇق تارتـتى. ساقال - بۇرۇتۇمغا ماغزاپ سۈركەپ ئىشىنى باشلىۋەتتى. ئۇ پات - پات ئەينەكتىن قورقۇنچ ئىچىدە چىرايىمغا قاراپ قوياتتى. ئۇنىڭ مېنى «روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسى» دىن قېچىپ چىققان بىر نېمە بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ، ئىتتىكرەك يولغا سېلىۋەتمەكچى بولىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. يۇمشاق ئۇرۇندۇقتا سوزۇلۇپ يېتىپ كۆزۈمنى يۇمدۇم - دە، خىيالغا كەتتىم.

خېلى يىللارنىڭ ئالدىدا بۇ ساتىراشخانىغا بىر قېتىم كەلگىنىم ئېسىمدە. شۇ چاغدا، ئەينەكتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئەنە ئاۋۇ خېرىدارلار ئولتۇرىدىغان ئۇزۇن دىۋان ھازىرقىدەك ھاۋارەڭ رەختتە ئەمەس، يېشىل بەرقۇت بىلەن قاپلانغانىدى. دىۋاندا ياشقىنە ئىككى خانىم بىر رەسىملىك ژۇرنالنى ۋاراقلاپ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. شۇ چاغدا مېنىڭ چېچىمنى ياسىغىنى مۇشۇ ساتىراش خانىممۇ، باشقا بىرسىمۇ ئېسىمدە يوق. ئىشقىلىپ، ئۇ ھازىرقى بۇ خانىمدىن ياشراق ۋە يۇرەكلىكرەك كۆرۈنگەنىدى. ئۇمۇ ئارىلاپ ئۆۋەت كۈتۈپ ئولتۇرغان خانىملارنىڭ پارىڭىغا ئارىلىشىپ قوياتتى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرى باشتا مودا كىيىملىرى، يېقىندا ئۆتكۈزۈلمەكچى بولۇۋاتقان ئىت بەيگىسى، قانداقتۇر بىر كېچىدىلا مىليونلاپ ئاقچا ئۇتۇۋېلىپ بېيىپ كەتكەن ئامەتلىك بىر خانىم ئۈستىدە بولدى. ئىككى ئايال خېرىدارنىڭ چىرايى ئالدىمدىكى ئەينەكتىن ماڭا ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بىرى قوڭۇر چاچ، ئاق يۈزلۈك، زەڭگەر كۆز، بۇرۇنلىرى ئىنچىكە، قىپقىزىل بويالغان كالپۇكلىرى بەكمۇ نېپىز، پۇتلىرى ئۇزۇن، مۇشۇ يەردىكىلەرنىڭ نەزەرىدە گۈزەل ھېسابلىنىدىغان خانىملاردىن ئىدى. ئىككىنچىسى بولسا قارا قۇمچاق، يۈزلىرى يۇمۇلاق، قوي كۆز، كالپۇكلىرى قېلىنراق كەلگەن، دوستىغا سېلىشتۇرغاندا ئانچە چىرايلىق بولمىسىمۇ كىشىگە يېقىملىق كۆرۈنىدىغان، ئاسىيا قان تىپىدىكى ئايال ئىدى. تۇيۇقسىز ئۇلارنىڭ تۈرك تىلىدا سۆزلىشىۋاتقىنىنى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. بۇ يەرگە ھەر تەرەپتىن كېلىپ قالغان كۆچمەنلەر بەزىدە ئۆزلىرىنىڭ مەخپىي سىرلىرىنى بىر - بىرىگە بۇ يەردىكىلەرنىڭ كۆپچىلىكى چۈشەنمەيدىغان ئاشۇنداق تىللاردا ئېيتىشىدۇ. بۇ ئىككىيلەن ساپ تۈرك بولمىغان تەقدىردىمۇ تۈركىيىدە بىر مەزگىل يۈرۈپ جان باققان خانىملاردەك قىلاتتى. ئۇلار مېنىڭ تۈرك تىلىنى بىلمىدىغىنىمنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ھالدا پىچىرلاپ كۈلۈشۈپ، بەخۇدۇك پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. گەپ مېنىڭ ئۈستۈمدە بولۇۋاتاتتى.

ـــ مۇنۇ چاچ ياستىۋاتقىنى قانداقراق؟ ـــ دەپ سورىدى ئاق يۈزلۈك خانىم دوستىدىن، ـــ قارا، تەقى - تۇرقىمۇ يامان ئەمەسكەن، كىيىم - كېچىكىگە قارىغاندا

ئۇقتىمۇ يۈرۈشۈپ تۇرغان بىر نېمىدەك قىلىدۇ.

— ساڭا باپ كېلەمدۇ نېمە، — دېدى قاراقۇمچاق خانىم.

— ماڭىمۇ؟ بىر كېچىلىككە دېسەڭ كۆرۈپ باقساق بولىدۇ... ساڭا نەرى باپ كەلمىگىدەك.

— ئەرلەرنىڭ ھەممىسىدىن سەسكەنىدىم.

— ھەممىسىلا سەن ئۇچراتقانلاردەك قوپال بولىۋەرمەيدۇ... كېيىن خالاپ قالىسەن.

— قېنى خالاپ قالغاندا بىر گەپ بولار... سەن ھەر قانداقىدىن قايتمايسەنغۇ - ھە؟

— پۇرسەت بولسا «ياق» دېيىش ئەخمەقلىق. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش. پەقەت مۇئامىلىسى، قىلىدىغان قىلىقلىرى ئوخشىمايدۇ. بىزنى قىزىقتۇرىدىغىنىمۇ شۇ... راستىمۇ؟ سەن دەپ باقىنە...

قاراقۇمچاق خانىم ئاغزىنى توسۇپ كۈلۈپ دوستىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمىدى. ئاندىن ئۇلار مېنىڭ چىراي - شەكلىم، كىيىملىرىمنى يېشىپ يالىڭاچ بولغاندىن كېيىنكى كۈلكىلىك ھالىتىم ۋە ئايالالار بىلەن بىللە بولغاندا قانداق قىلىقلارنى چىقىرىشىم توغرىسىدا بىمەنە پەرەزلەرگە چۈشۈپ، تېتىقسىز چاقچاقلار بىلەن كۈلۈپ قېتىپ قېلىشتى.

كىيىملىرىمنى كىيىپ بولغاندىن كېيىن پۇل تۆلىدىم، ئاندىن ھېلىقى خانىملارغا قاراپ تۈرك تىلىدا:

— خوش، شۇنداق قىلىپ قايسىڭلار بۈگۈنكى كەچلىك تاماقنى مېنىڭ بىلەن بىللە يەيدىغان بولدۇڭلار؟ — دېدىم.

تېخىچە ماڭا قىزىقىش بىلەن قاراپ تۇرغان ئايالالارنىڭ ئۆڭسۈلى قېچىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپلا قېلىشتى. خىجالەتچىلىكتىن ھەر ئىككىلىسىنىڭ چىرايىغا سۇس قىزىللىق يۈگۈردى. «خۇدايا شۈكرى! ھەر نېمە بولسا قىزىرىشنى ئۇنۇتمىغانلاردىن ئىكەن» دەپ ئويلىدىم ۋە تالاغا قاراپ ماڭدىم. شۇ چاغدا ئۇلاردىن بىرى ئېسىنى يىغىپ:

— كەچۈرىسىز، سىز تۈركىيىلىكمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— جۇڭگولۇق! — دەپ جاۋاب بەردىم مەن.

شۇ خانىملار بۈگۈن بۇ يەردە بولغان بولسا، مېنىڭ بۇ قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالغان ئەپتىمگە قاراپ يەنە قانداق مۇلاھىزىلەرنى قىلىشاتتىكىن؟...

ساتىراش خانىم ئىشىنى ئالدىراش تۈگىتىپ ئالدىمدىن پەرتۇقنى يېشىپ ئالدى. ئەينەككە قاراپ ئۆزۈمگە ئازراق بولسىمۇ ئىسكەت كىرىپ قالغانلىقىنى كۆردۈم. ئارقامدا تۇرغان ساتىراش خانىم مېنى تېخىچە ئەندىشە ئىچىدە كۆزىتىپ تۇراتتى. ئېھتىمال ئۇ: بۇ قاچقۇن پۇل تۆلەرمۇ، يوق؟ پۇل تۆلىمىسىمۇ تېزرەك كۆزدىن يوقالسا بولاتتى، دەپ ئويلاۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئارقامغا بۇرۇلۇپ ئۇنىڭ قولىغا كۈتكىنىدىن كۆپرەك پۇل تۇتقۇزدۇم. ئۇ ھەيران بولۇپ:

www.uyghurkitap.com

ــ يەنە باشقا خىزمىتىڭىز بارمىدى؟ ــ دەپ سورىدى.
ــ رەھمەت ئالدىرايمەن ــ دېدىم.

**2**

زۆھرە!

ساتىراشخانىدىن چىقىپ چوڭقۇر نەپەس ئالدىم. ئالدىمدىكى تار كوچىنى كېسىپ ئۆتۈپ شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىلىرىنىڭ بىرىگە چىقتىم. يولدا كىچىك ماشىنىلار ئېقىن سۇدەك ئاستا ئاقماقتا ئىدى. پىيادىلەر يولىمۇ ئىشقا ماڭغان ئادەملەر بىلەن تولغانىدى. ئاسمانغا قارىدىم. بۈگۈن ھاۋا ناھايىتى ياخشى ئىدى. لېكىن بۇ ئالدىراش ئادەملەرنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ كۈلۈپ تۇرغان قۇياشقا، كۆپكۆك ئاسمانغا ۋە ئۇنىڭ بىر چېتىدە قېتىپ قالغان پاختىدەك ئاپئاق بۇلۇتلارغا، ئاۋۇ ئېگىز بىنانىڭ ئۈستىدە تۆۋەنگە ھەيران بولۇپ كۆز تىكىپ تۇرغان كەپتەرلەرگە قاراشقا چولىسى يوق ئىدى. بۇ يەردە ھەممە ئىش شۇنداق ئالدىراشلىق، جىددىيلىك ئىچىدە ئۆتىدۇ. ئىشقا كېتىۋاتقانلار، كېچىلىك سىمېنىدىن قايتقانلار، نەرسە ـ كېرەك ئالماقچى بولۇپ دۇكانمۇ ـ دۇكان باش تىقىپ يۈرگەن خېرىدارلار، ۋەدىلىك جايغا ئالدىراۋاتقان خانىملار، بەيگە، قىمار مەيدانلىرىنى ئاۋات قىلىدىغان پۇللۇق بايۋەتچىلەر، يۈزلىرىگە غەلىتە بەلگىلەرنى سىزىۋالغان توپ مەستانىلىرى، ھەتتا ئاۋۇ كونا بىر گىتارنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، پۇتىنى سۆرەپ كېتىپ بارغان قېرى تىلەمچىمۇ شۇنداق ئالدىراش ئىدى. مۇشۇنداق مۇھىت ئىچىدە ھاياتلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، تالىشىش، جان بېقىش تەقەززاسى مېنىمۇ ئالدىراشقىمۇ قىلىپ قويغانىدى. لېكىن مەن ھازىر نېمىگە ئالدىرايمەن؟ ئۆلۈمگە ئالدىراپ يەتكىلى بولمايدۇ، ۋاقتى ـ سائىتى توشقاندا ئۇ ئۆزى ئىزدەپ كېلىدۇ...

ئالدىراش يۈرگەن شۇ ئادەملەرگە ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇپ خېلى ۋاقىتقىچە بازار ئايلاندىم. تونۇش ئادەملەر بىر ـ بىرى بىلەن باش كىيىمىنى كۆتۈرۈپ سالاملىشىپ



ئۆتەتتى. ئەنە ئاۋۇ ياشانغان كىشى چىرايلىق بىر يىگىت بىلەن بىر خانىمنى قولتۇقلاپ، نېمىلەر توغرىسىدىدۇر قىزغىن پاراڭلىشىپ كېتىپ باراتتى. زىبۇ-زىننەت دۇكىنىنىڭ ئالدىدا مۈرىلىرى ئوچۇق كۆڭلەك كىيگەن بىر خانىم قارشىسىدىكى ساقاللىق كىشىنىڭ دولىسىغا خۇددى ئەرلەردەك ئۇرۇپ، نېمىلەردۇر دەپ كۈلۈۋاتاتتى. شۇنچە ئادەملەر ئىچىدە مېنىڭ بىلەن باش لىڭشىتىپ قويغىدەك بىرەر تونۇشىمۇ ئۇچرىمىدى. مېنىڭ ئۇستۈمدىكى ئېسىل كىيىملەرنىڭ، يانچۇقۇمدىكى قىممەت باھالىق چەك ۋە پۇللارنىڭ قىممىتى زادى نېمىگە تەڭ؟ ئەجەبا، ئۇلار مېنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغىنىمنى، كۆڭلۈمنىڭ بەكمۇ مىسكىن ئىكەنلىكىنى بىلمەمدىكىنە!؟

شۇنداق، بۇ بىر يات مەملىكەت، يات ماكان، ئۇلار مېنىڭ كىملىكىمنى، نەدىن، قانداق بولۇپ كېلىپ قالغانلىقىمنى، كەچۈرمىشلىرىم، مىجەزىم، ئارزۇ-ئىستەكلىرىمنى نەدىن بىلسۇن. ئەگەر ئۆزۈمنىڭ يۇرتىدا بولغان بولسام، شەھەرنىڭ چېتىدىكى ھېلىقى مەھەللىدىن بازارغا يېتىپ كەلگىچە ئونلىغان ئادەملەر بىلەن ئەھۋاللىشىپ ئۆتكەن بولاتتىم. شۇ تاپتا ئۆزۈمنى قايناق بازاردا ئەمەس، ئادەمسىز چۆل-جەزىرىدە كېتىپ بارغاندەك يېگانە ھېس قىلدىم...

چۈشلۈك تاماققا «ئالەمگە نەزەر» مېھمانخانىسىغا يېتىپ كەلدىم. بۇ ئەللىك قەۋەتلىك ناھايىتىمۇ ئاۋات بىر مېھمانخانا. ئۇنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى ئاشخانىدىن جۇڭگوچە قورۇما، تۈرك تاماقلىرىنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ. ئۆزۈمگە كالا گۆشى قوردىقى بىلەن ئازراق ئۇسسۇلۇق بۇيرۇتتۇم. بۇنداق چوڭ رېستورانلاردا كىشىنىڭ ئالدى يەيدىغان نېمىدىن تولىراق پىچاق، ئارا، چوڭ-كىچىك تەخسە، قەدەھ، شالداما، سۇرتكۈچ قەغەز دېگەندەك بىر نېمىلەر بىلەن تولۇپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقىمىكىن، تاماق باھاسىمۇ ناھايىتى قىممەت بولىدۇ. شۇنداق چاغلاردا، ھېلىقى بىزنىڭ كاسىپلار، ئېلىپ ساتارلار، دېھقانلارنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭى بىلەن گۈرۈلدەپ تۇرىدىغان بازارلىرىمىزدىكى ئىسلىنىشىپ كەتكەن، پاكار، ئاددىي ئاشخانىلارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىمەن. ئۇ يەردە ھەر بىر ئاشخانا، ھەر بىر ئۇستامنىڭ قولىنىڭ تەمى ئۆزگىچە بولىدۇ. شۇ ئەرزان، لەززەتلىك مانتا، سامسا، پولو، لەغمەن، ئۇگرە ئاشلارنى ئويلىسام ھېلىمۇ ئاغزىمغا سېرىق سۇ كېلىدۇ. بىزنىڭ ئادەملىرىمىز تەردىن نەملەشكەن دوپپىلىرىنى بىر-بىرىگە چاپلاپ، قىستىلىپ ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قېنىق دەملەنگەن قىزىق چاينى ھۇزۇرلىنىپ ئىچىپ ئولتۇرۇپ بىر-بىرىگە ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن، توغرىدىن-توغرا قىلىشىدىغان قوپال، ساددا گەپلىرىنى، قىزىق چاقچاقلىرىنى ئويلىسام ھېلىمۇ ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرەيمەن...

تاماقتىن كېيىن ھاردۇق يېتىپ ئۇگدەپ قالغان ئوخشايمەن. بىرىنىڭ:

— ئەپەندىم!— دېگەن ئاۋازىدىن ئۆزۈمگە كېلىپ كۆزۈمنى ئاچسام، ئالدىمدا يېشى توختىغان بىر ئەر مۇلازىمەتچى تۇرۇپتۇ.— كەچۈرىسىز، ئارامىڭىزنى بۇزۇپ قويدۇم، ساقلىقىڭىز يوقمۇ، قانداق؟ — دېدى ئۇ.

— رەھمەت، سەل ھاردۇق يەتكەن ئوخشايدۇ.

www.uyghurkitap.com

— چىرايىڭىز ياخشى ئەمەس، كۆرۈنىدۇ. سەل ئەنسىرەپ قالدۇق. بۇ يەردە ئېلىمىش ئۆيى بار، بىلھاسىمۇ بەك قىممەت ئەمەس. ئازراق ئارام ئالامسىز؟

— بوش ياتاق بولسا ماڭا بىرەرىنى يازدۇرۇپ قويماسىز، ئەڭ ياخشىسى يۇقىرى قەۋەتلەردىن، خالىيراق بىر ئۆي بولسۇن.

— قانچە كۈنلۈك؟

— بىر كۈن... ئىككى كۈن بولسىمۇ بولىدۇ. قانچە كۈنلۈك ئۆمرۈم قالغىنىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ، يېقىن ئارىدا ئۆلۈپ كېتىمەن.

كۈتكۈچى ھەيران بولۇپ قاراپلا قالدى.

— قىزىق، سىز قايسى دىنغا ئىشىنىسىز؟ — دېدى ئۇ، — ھە، ئۇنداق دېگىنىم، سىزمۇ ئاڭلىغان بولغىيدىڭىز، ھازىر بەزى دىنلارنىڭ مۇخلىسلىرى ياشاشنى بىمەنە ئىش دەپ بىلىپ، مەلۇم بىر كۈننى ئۆلىدىغان كۈنى قىلىپ بەلگىلەپ ئۆلۈۋالىدىغان ئىشلارمۇ يۈز بېرىدىغان بوپقالدى.

— مەن ھېچقانداق دىنغا ئىشەنمەيمەن. پەقەت خۇدانىڭ بارلىقىغا، بىرلىكىگە ئىشىنىمەن. ئاللانىڭ ئالدىدا بىز مەيلى قايسى دىندا، قانداق ئىنىدا بولايلى ھەممىمىز باراۋەر. دىن — ئىنسانلارنىڭ خۇدانى ئىزدەش يولىدا ياراتقان كۆز قاراش، ئەقىدىلىرىدىن. باشقا نەرسە ئەمەس...مېنى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىپ بىزگە بىرەر ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرەمدىكىن، دەپ ئەنسىرىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. مەن ۋاقتى - سائىتى توشقاندا ئۆزى كېلىدىغان ئۆلۈمنى كۈتۈۋاتىمەن.

— چۈشەندىم، — دېدى ئەر مۇلازىم، — سىزنىڭ بۇ قاراشلىرىڭىزنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئېتىقاد!

كۈتكۈچى ئالدىراش مېڭىپ بېرىپ پوكەي يېنىدىكى تېلېفوننى قولىغا ئالدى. بۇ يەردىكى ئادەملەردە پەلسەپىۋى مەسىلىلەر ئۈستىدە بەس - مۇنازىرە قىلىشىپ كېتىدىغان مۇشۇنداق بىر ئادەت بار. مەنمۇ ئۇلارنى دوراپ دىن توغرىسىدا خىيالىمغا كەلگەن ئاشۇنداق بىر نېمىلەرنى دېدىم. ئازدىن كېيىن بىر ياش كۈتكۈچى قىز كېلىپ مېنى يۇقىرى قەۋەتتىكى ياتىقىمغا باشلاپ ئەپچىقىپ قويدى. ياتاققا چىقىۋېدىم، ئاشخانىدىكى مۇكدەشتىن مەندە ئەسەرمۇ قالمىدى. يوغان تەشتەك گۈلنىڭ يېنىغا قويۇلغان ئۈستەل ئالدىدا ئولتۇرۇپ ساڭا بۇ خەتنى يېزىشقا باشلىدىم.

زۆھرە ئۇزاق يىللارنىڭ ئالدىدا، ئادەم ئۆلتۈردى، دەپ ئەيىبلىنىپ سوغۇق كامىرغا تاشلانغىنىمدا، مۇشۇ سېسىق تارچۇقتا ئۆلۈپمۇ كېتەرمەنمۇ، دەپ ناھايىتى قورقاتتىم. كېيىن، بىز يىراق بىر چۆللۈكتە ئىككى يىلغىچە ئىشلىدۇق. ئىش ئېغىر، تاماق ناچار، مەھبۇسلارنىڭ بەزىلىرى ئىششىپ، قورسىقى كۆپۈپلا ئۆلۈپ قالاتتى. ئەتراپ چەكسىز كەتكەن قۇملۇق ئىدى. ئۆلگۈچىنى يۇيۇپ، كېپەنلەپ، نامىزىنى چۈشۈرىدىغانمۇ ئادەم يوق ئىدى. قۇمنى تۆت چاسا قىلىپ ئورەك كولايتتۇق ۋە جەسەتنى ئورەككە چۈشۈرەتتۇق. بىرەر باغلام قۇمۇش ياكى جىگدىنىڭ شاخ - شۇمبىلىرىنى تېپىپ ئەكىلىپ جەسەت ئۈستىگە تاشلاپلا كۆمۈپ قوياتتۇق. بەلگە ئۈچۈن

ئۇنىڭ بېشىغا قونى كۆپرەك دۈۋىلىنىپتەتتۇق. ئەمما، چۆلنىڭ ئىسسىق شاماللىرى بىر ـ ئىككى كۈندىلا ھېلىقى قۇم دۈۋىسىنى ئۇچۇرۇپ تۈگىتىپ، چەكسىز قۇملۇزق بىلەن پەرقسىز قىلىپ قوياتتى. شۇ ئىشلارنى كۆرگىنىمدە ئاسمانغا قاراپ: «ئەي ياراتقان ئىگەم، ھەر نېمە قىلساڭ قىل، ئەمما ئۆلۈكۈم بۇ چۆل ـ جەزىرىدە قالمىسۇن» دەپ نالە قىلغانىدىم. مانا ئەمدى، «جەسىتىم ئانا ۋەتىنىمدىن، تونۇش ئادەملىرىمدىن يىراق مۇشۇ يات ئەلدە قالارمۇ» دەپ ئازابلىنىدىغان بولدۇم. نېمىشقا شۇ چاغدا، شۇ زەي كامىردا، ئاشۇ بوران ئۇچۇپ تۇرغان قۇملۇقتا ئۆلۈپ قالمىغانىدىمەن، دەيمۇ ھەسرەت چېكىمەن.

زۆھرە، بۈگۈن مۇشۇ يەرگىچە يازاي. مۇبادا، بۇ خېتىم قولۇڭغا تېگىپ ماڭا خەت يازماقچى بولۇپ قالساڭ، لىپاپىتىكى ئادرېسنى يېزىپ، «ھىدايەت خانىم ئارقىلىق تىلەك ئەپەندىگە تەگسۇن» دېسەڭ بولىدۇ.

3

زۆھرە!

بۈگۈن كېچە مەن قونغان بۇ مېھمانخانا بىناسى بىر زامانلاردا شەھەر بويىچە ئەڭ ئېگىز ئىمارەت ھېسابلىنىدىكەندۇق. مېھمانخانا سىرتىدىن قارىغان ئادەمگە ئەللىك قەۋەتلىكتەك بىلىنىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە قىرىق يەتتە قەۋەت. ئارختېكتور ئۇنى شۇنداق كۆركەم ۋە غەلىتە لايىھىلىگەن. بىنانىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدە ھەممە تەرىپى ئەينەكتىن ياسالغان بىر كوفىيخانا بار بولۇپ، بۇ يەردە ئىچىملىك ئىچكەچ شەھەرنىڭ پۈتۈن مەنزىرىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ مېھمانخانىنىڭ «ئالەمگە نەزەر» دېگەن نامىمۇ ئەنە شۇنىڭدىن قالغان. بۇ بىنا توغرىسىدا مۇنداق بىر ھېكايىمۇ تارقالغان.

«ئالەمگە نەزەر» نىڭ خوجايىنى بۇ بىنانى سالدۇرۇپ ئۈچ يىلدىن كېيىن، بۇ يەردە ئۆزىنىڭ ئەللىك ياشقا تولغانلىقىنى تەبرىكلەپ كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپتۇ. زىياپەتكە شەھەر باشلىقىدىن تارتىپ شەھەردىكى بارلىق مەشھۇر شەخسلەر، كاتتا بايلارنىڭ ھەممىسى قاتناشقان، دېيىشىدۇ. مېھمانلار ئېسىل شارابلارغا قېنىپ، ئويۇن تازا قىزىغان ۋاقىتتا ساھىبخان ئورنىدىن تۇرۇپ:

— خانىملار، ئەپەندىلەر، مېنىڭ بىر سوئال سورىشىمغا رۇخسەت قىلغايسىلەر. مەن نېمە ئۈچۈن بۇ مېھمانخانىنى سىرتىدىن قارىغاندا ئەللىك قەۋەت، ئەمەلىيەتتە قىرىق يەتتە قەۋەت قىلىپ سالدۇردۇم؟ بۇ سوئالىمغا رەپىقەمنىڭ جاۋاب بېرىشىنى تەلەپ قىلىمەن، — دەپتۇ.

ئۇنىڭ رەپىقىسى كۈتۈلمىگەن بۇ سوئالدىن مېھمانلارنىڭ ئالدىدا تېڭىرقاپ قاپتۇ. ئۇ دەماللىققا مۇۋاپىق بىر جاۋاب تاپالماي:

— سىز ئەزەلدىن ئاشۇنداق غەلىتە قىلىقلارنى چىقىرىش ئارقىلىق نام قازىنىشقا خۇشتار ياكى بۇ لايىھىلىگۈچىنىڭ كالىمىسىغا كېلىپ قالغان ئاجايىپ بىر پىلان

بولۇشىمۇ مۇمكىن ياكى بولمىسا، ئىچىدىمۇ ئەللىك قەۋەت قىلىنىشقا خىراجەت يەتمىگەندۇ... ـ دېگەندەك پەرەزلەرنى تەۋەككۇلسىگىلا دەپ بېقىپتۇ. خوجايىن:

ـ تاپالمىدىڭ! ـ دەپ ئايالىنىڭ ھەممە پەرەزلىرىنى رەت قىپتۇ ۋە مېھمانلارغا قاراپ، ـ قېنى، قىممەتلىك مېھمانلىرىمىنىڭ ئىچىدىن بۇ سوئالغا كىم جاۋاب بېرىپ باقىدىكىن، ـ دەپتۇ.

شۇ چاغدا، مېھمانلار ئارىسىدا ئولتۇرغان ياش، گۈزەل بىر خانىم ئورنىدىن تۇرۇپ:

ـ سىز بۇ بىنانى ئۆزىڭىزنىڭ قىرىق يەتتە ياشقا كىرىدىغان يىلىڭىزغا ياساپ پۈتتۈرۈشنى پىلانلاپ قىرىق يەتتە قەۋەت قىلىپ سالدۇرغان. شۇ چاغدا، يەنە ئۈچ يىلدىن كېيىن ئۆزىڭىزنىڭ ئەللىك ياشقا تولغانلىق خاتىرە كۈنىنى مۇشۇ بىنادا داغ ـ دۇغىلىق ئۆتكۈزۈشنىمۇ كۆڭلىڭىزگە پۈككەنسىز. شۇڭا، ئۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ئەللىك قەۋەتلىكتەك قىلىپ لايىھەلەنگەن، ـ دەپتۇ.

زىياپەت زالىدا ئولتۇرغان پۈتۈن مېھمانلار جايىدا بېرىلگەن بۇ جاۋابقا ئاپىرىن ئوقۇشۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ چاۋاك چېلىشىپتۇ. مېھمانخانا خوجايىنى كىشىلەرنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرۇپ:

ـ خانىملار، ئەپەندىلەر! ئايالىم تۇرمۇشۇمدىكى مۇشۇ ئادەتتىكى بىر ئىشقىمۇ ئەقلىنى يەتكۈزەلمەي، مېنى ھەرقايسىڭلارنىڭ ئالدىدا تەڭلىكتە قويدى. ھازىردىن باشلاپ بۇ خانىمنى ئايالىم دەپ تونۇمايمەن. ئەگەر تەكلىپىمنى مۇۋاپىق كۆرسە، ئاشۇ ئەقىللىق خانىم بىلەن تويلىشىدىغانلىقىمنى ئېلان قىلىمەن! ـ دەپ سوئالغا توغرا جاۋاب بەرگەن ھېلىقى ياش خانىمنى كۆرسىتىپتۇ.

بۇ يەردە ئادەمنىڭ تەقدىرى ھەش ـ پەش دېگۈچە ئويۇنچۇققا ئايلىنىپ قالىدىغان شۇنداق كۈلكىلىك ئىشلارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. ئەسلىدە ھېلىقى گۈزەل خانىم مېھمانخانا خوجايىنىنىڭ ئويىنىشى ئىكەن. ئۇ ئۆز ئويىنىشىغا شۇنداق جاۋاب بېرىشنى ئۆگىتىپ قويغان بولسا كېرەك. خوجايىنىنىڭ ئايالىمۇ بوش كەلمىگەن ئوخشايدۇ. كېيىن ئۇ ئېرى بىلەن ئون يىلغا يېقىن داۋالىشىپ، ئاخىرىدا، بۇ بىنانى ئۇنىڭدىن تارتىۋالغانىكەن. خوجايىن ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن پۇلنىلا قوغلىشىدىغان ئادەم بولغاچقا «ئالەمگە نەزەر» بىر مەزگىل پاھىشە ئاياللار ۋە ھەر خىل تەۋەككۈلچىلەرنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلىنىپ، سېسىق نامى پۇر كەتكەن ئىكەن. ئايال خوجايىنىنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ساپلىشىپتۇ. ھازىر بۇ بىنانىڭ كۆركەم سىرتقى كۆرۈنۈشى ساقلاپ قېلىنىپ، ئىچى زامانغا لايىق جاھاز ۋە قۇرۇلمىلار بىلەن يېڭىلانغان بولۇپ، شەھەردىكى يېڭىدىن سېلىنىۋاتقان ئاسمان ـ پەلەك بىنالار ئارىسىدا يەنىلا ئۆز سۈلىتىنى يوقاتماي قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا.

چۈشتىن كېيىن، «ئالەمگە نەزەر» نىڭ ئۈستىدىكى ئەينەكلىك كوفېيخانىغا چىقتىم. دېرىزىگە يېقىن بىر ئورۇنغا ئولتۇردۇم ـ دە، ئىچىملىك بۇيرۇتتۇم. ئەينەكتىن شەھەرنىڭ پۈتۈن مەنزىرىسى ئېنىق كۆرۈنەتتى. شەھەر سىرتىدىكى سالا ـ سالا ئېتىزلىقلار،

تۇتاش كەتكەن ئورمانلار تېخىمۇ يىراقتا بولسا غۇۋالىق ئىچىدە ئېغىناپ ياتقان دېڭىز كۆزگە چۈشەتتى. يۇقىرىدىن قارىغاندا شەھەر كوچىلىرى كىشىگە ئېگىز بىنالارنىڭ ئارىسىدا قىسىلىپ، تارىيىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىت بولغاچقا كوچىلاردىكى ئادەملەر تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتكەنىدى. ماشىنىلار، ئادەملەر غايەت زور شاۋقۇن ئىچىدە تەۋرىنەتتى...

يۇرتۇمدىكى شەھەرلەرنىڭ ئاجايىپ بىر چەت مەھەللىلىرى بولىدىغان، كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تېزەك تاتىلاپ دانلاۋاتقان توخۇلار، پېشايۋانلاردا بۇقۇلدىشىپ تۇرغان كەپتەرلەر، قەيەرلەردىدۇر ئانىسىنى ئىزدىگەن قوزىلارنىڭ مەرىشى، شىلدىرلاپ سۇ ئېقىۋاتقان مەھەللە ئۆستەڭىدىن ئېتىكىنى يىغىپ سۇ ئېلىۋاتقان قىزچاق، تۈيۈقسىز ھاڭراپ پۈتۈن مەھەللىنى بېشىغا كىيىدىغان ئېشەكلەرنىڭ ئاۋازى، قولىغا ئۇزۇن تاياق تۇتۇۋالغان دېۋانىنىڭ پېشىنى تالاپ غەزەپلىك ھاۋشۇۋاتقان ئىتلار... كېچىلىرى مەھەللە سىرتىدىكى تېرەكنىڭ بېشىدا چۇۋۇلدىشىپ قاقىلدىشىدىغان قارغىلار، تېرەكنىڭ ئۈستىگە ئېسىلىپ قالغان تولۇن ئاي، ھارۋىكەشلەرنىڭ يىراقتىن ئاڭلىنىدىغان مۇڭلۇق ناخشىسى... كۆڭلۈمدە ساقلىنىپ قالغان شۇ خاتىرىلەرنى ئەسكە ئالسام، قەدىمىي مەملىكەتلەر توغرىسىدىكى گۈزەل رىۋايەتلەرنى ئاڭلاۋاتقاندەك بولىمەن.

زۆھرە، بىزنىڭ كونا مەھەللىمىزنىڭ كۆرۈنۈشلىرىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ.

بۇ مەھەللىنى كىشىلەر «ئويمان مەھەللە» دەپ ئاتىشاتتى. شەھەرنىڭ چېتىگە جايلاشقان بۇ مەھەللىنىڭ ئورنى چوڭلارنىڭ ئېيتىشىچە: ئەسلىدە قىش - ياز سۇ يىغىلىپ تۇرىدىغان بىر ئويمانلىق ئىكەن. كېيىن، بازارنىڭ ئەخلەتلىرى، كىملەرنىڭدۇر ئەكىلىپ تۆككەن توپا - تاشلىرى بىلەن تىنىپ، بۇ بىر پارچە يەر قۇرۇقدىلىپ قاپتۇ. ئاندىن بۇ يەرگە شەھەرنىڭ كەمبەغەللىرى، كاسىپلار ئۆي سېلىشقا باشلاپتۇ. ھەر كىم دەرۋازىسىنى خىيالىغا كەلگەن تەرەپكە ئېچىپ، ماڭىدىغان تارغىنا يول قويۇشۇپ ھويلا تاملىرىنى سوقۇشۇپتۇ. نەتىجىدە بۇ يەردە ھېچقانداق لايىھىلىگۈچىنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايدىغان شۇنداق غەلىتە كوچىلار پەيدا بولغانىكەن.

بۇ يەرنىڭ بىر كوچىسىدا كېتىپ بېرىپ «خالتا كوچىغا كىرىپ قالدىممۇ، قانداق؟» دەپ ئارقاڭغا قايتماقچى بولسەن، تاقاشقان يەرگىچە بېرىپ قارىساڭ، سولغا كەتكەن يەنە بىر تار كوچىنى كۆرىسەن؛ پاكار تاملار، قىيشايغان دەرۋازىلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، ئۇدۇلۇڭدىكى يەنە بىر دەرۋازىنىڭ ئالدىغا بارغاندا، ئوڭغا كەتكەن ئىككىنچى بىر كوچا كۆز ئالدىڭدا پەيدا بولىدۇ. بۇ كوچىلارغا زادى كېلىپ باقمىغان ئادەملەرنىڭ بېشى ئايلىنىپ، بىر دەرۋازىنىڭ ئالدىدىن بىر نەچچە قېتىم چىقىپ قالىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ بولىدۇ... مەھەللە ئوتتۇرىسىدىكى مەسچىتنىڭ ئالدىدا كىچىككىنە مەيدانىمۇ بار. مەسچىتنىڭ دەرۋازىسى يېنىدىكى كۆتەكتە دائىم پاراڭلىشىپ ئولتۇرىدىغان بىر نەچچە بوۋاينى ئۇچرىتىسەن، بوۋايلارغا سالام بېرىپ مېڭىۋېرىپ، قانداقتۇر بىر ئەگمىلەر، بۇرۇلۇشلاردىن ئۆتسەڭ تېخى بىر ئۆستەڭ سۇمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ سۇ خۇددى مۆجىزە كۆرسىتىۋاتقاندەك بىردە قايسىبىر ھويلىلار ئىچىدىن

www.uyghurkitap.com

ئېقىپ چىقىپ يولىنىڭ يان تەرىپىدە پەيدا بولۇپ قالىدۇ ـ دە، يەنە قانداقتۇر بىر ھويلىلارنىڭ شورىلىرىدىن كىرىپ غايىب بولىدۇ. ئۈستەڭنى ياقىلاپ مېڭىۋەرسەڭ بىردىنلا كەڭ جاھانغا ــ كۆكتات، بۇغداي، قوناقلار تېرىلغان يېشىللىقلارغا ئۆلىشىسەن.

بىزنىڭ بۇ مەھەللىنىڭ ئادەملىرىگە بىرەر ھارۋا ئوتۇن ساتقان دېھقان ياكى بىرەر ماشىنا كۆمۈر چۈشۈرگەن شوپۇرنىڭ جېنىغا ۋاي ئىدى. ئۇلار ھەم جىلىچىلىك ھەم ھەيرانلىق ئىچىدە كىملەرنىدۇر تىللاپ، نېمىلەرنىدۇر دەپ غۇدۇراپ، ھەربىر پۇرۇلۇشلاردا ئالدى ـ كەينىگە شوخشۇپ، تاملارنىڭ بېقىنلىرىنى سىجاپ ئۆتۈپ، بۇ يەرگە ئىككىنچى كەلمەسلىككە مىڭ قېتىم قەسەم ئىچىپ، مەنزىلىگە ئاران يېتەتتى.

قىش كۈنلىرى مەھەللىمىز باشقىچە تۈسكە كىرەتتى. ئۆگزىگە قار ئېرىغدىغلى چىققان كىشىگە ئاپئاق قارغا پۈركىنىپ ياتقان مەھەللە، دۈمچەك ـ دۈمچەك ئۆيلەر، باغلار، مەھەللە چېتىدىكى ئېتىزلار ئۆزگىچە گۈزەل كۆرۈنەتتى. قار قېلىن ياغقان پەللىرى ھېلىقى تار كوچىلارغىمۇ قار تاغدەك دۆۋىلىنىشىپ كېتەتتى. بالا ۋاقىتلىرىمىزدا شوخلۇق قىلىپ ئۆگزىدىن قارغا سەكرەپ دومىلاپ ئوينىشاتتۇق... ئېسىمدە قېلىشىچە: تولىراق نامراتلار ئولتۇراقلاشقان بۇ مەھەللىگە كېيىن ھۆكۈمەت «ئازاد مەھەللە»، «تاڭ نۇرى كوچىسى» دېگەندەك چىرايلىق ناملارنى قويۇپ باققان. ھەتتا، ھەر بىر دەرۋازىنىڭ بېشىغا «بەخت كوچىسى» دېگەن يالتىراپ تۇرغان خېتى بار تۆمۈر نومۇرلىرىنى قاققان بولسىمۇ، لېكىن بۇ مەھەللىنى شەھەرلىكلەر ئادىتى بويىچە يەنىلا «ئويمان مەھەللە» دەپ ئاتاشتى.

بۇ مەھەللىنىڭ ئادەملىرىمۇ ئاجايىپ ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا چوڭلىرىمىزنىڭ ئىشى ئالدىراشمىتىكىن ياكى بالا تېپىپ ئىسىم قويۇشنى بىلمەمتىكىن، تۇغۇلغان بالىلىرىغا ئۇتتۇر كەلگەن بىر ئىسىمنى، قانداقتۇر بىر قۇلىقىغا سىڭىشىپ قالغان ياكى ئاشۇ مىنۇتتا تۇيۇقسىزلا خىيالىغا كېلىپ قالغان ياكى بولمىسا قايسىبىر شۆھرەتلىكرەك ئۆتكەن ئاتا ـ بوۋىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ، ھەتتا بەزىلىرى ئۆزىنىڭ ئىسمىنىمۇ قايتىلاپ قويۇپ قويىۋېرەتتى. بەزىلىرى تېخى قاپىيىگە باي، ئۇستا شائىرلاردەك بالىلىرىنىڭ ئىسمىنى بىر ـ بىرىگە قاپىيىلەشتۈرۈپ سادىر، نادىر، قادىر... دېگەنلەرنى ياغدۇرۇۋېتەتتى. بۇ بالىلار چوڭ بولغاندىن كېيىن قارىساڭ، بىر كوچىدىلا مەمەتتىن ئىككى ـ ئۈچى، سەمەتتىن تۆت ـ بەشى پەيدا بولۇپ قالاتتى. شۇڭا بەزىدە كېچىلىرى كېلىپ جىنايەتچىنى تۇتماقچى بولغان ساقچىلارمۇ ماۋۇ كوچىدىكى ئەخمەتجاننى تۇتىمەن دەپ، باشقا بىر كوچىدىكى ئەخمەتجاننى تۇتۇپ كېتىپمۇ قالاتتى. مۇنداق چاغلاردا ساقچىلارمۇ ھەرگىز «خاتا تۇتۇپ قويۇپتۇق» دېگەن گەپنى قىلمايدۇ. مۇنداق دېگەندە بىرىنچىدىن، ساقچىلارنىڭ ئابرويى ـ ئېتىبارىغا ياخشى ئەمەس، ئىككىنچىدىن، ھېلىقى ئەخمەتجاننىڭ سىرتقا چىقىپ كۆرەڭلەپ، قانۇن ئورۇنلىرىمىزنىڭ ئۈستىدىن ھەر نېمىلەرنى دېيىشى تۇرغانلا گەپ. مۇنداق ئۇقۇشماسلىقلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا ساقچىلىرىمىزنىڭمۇ ئۆز ئۇسۇلى بار. ئالدى بىلەن خاتا تۇتۇلغان ھېلىقى ئەخمەتجاننى رەسمىي سوراقخانىغا ئېلىپ چىقىدىغان گەپ. ئاندىن تازا

سۈرى بار سوراقچىدىن بىر ـ ئىككىسى ئۇنىڭ كۆزىگە قادىلىپ تۇرۇپ: خوش ئەخـمەتاخۇن، قىلغان گۇناھىڭلىنى بىلەمسىلەر؟ ئالدى بىلەن ئۆزۈڭ ئىقرار قىلغىنىڭ ياخشى!» دەپ قويسىلا بولغىنى. بىزنىڭ ئادەملىرىمىز شۇنچىلىك ساددىكى «خاتا تۇتۇلدۇم» دېگەن نەرسە ئۇنىڭ كاللىسىغىمۇ كىرىپ ـ چىقمايدۇ. دۇنيادا پەقەت سەۋەنلىك ئۆتكۈزمەي ياشىيالايدىغان ئادەمدىن زادى قانچىسى بار؟... ھېلىقى ئەخمەتجان ئاغىنىمىزمۇ كوچىدا گۆر ـ گۆر ۋارقىرىغىنى بىلەن ساقچىلارنى كۆرگەندە كىچىكلەپ كېتىدۇ. دۇدۇقلاپ:

— پۇكۇنچىدىن ئىككى يۈز سوم ئالغىنىم راست، ئالمىدىم ئەمەس ئالدىم. مانا خۇدا تۇرۇپتۇ تېنىۋالغىنىم يوق... لېكىن ـ زە، يېقىندىن بېرى ئىش ـ ئوقەتنىڭ تايىنى يوق بېرەلمەيۋاتىمەن... بەلكىم خوتۇنىنىڭ ئىشىنى دەمسىلەركىن، خوتۇنىنى ئىككى بالا بىلەن ئۆيدىن مەن قوغلاپ چىقارمىدىم. مەنمۇ ئادەمغۇ، بالىلار ئۆزۈمنىڭ تۇرسا. خوتۇن ئۆزى ئانام بىلەن چىقىشالماي بالىلارنى ئېلىپ كېتىپ قالدى. ئەمـدى مەن بۇ دۇنيادا شۇ يالغۇز ئانامنى دەپ ياشىمىسام ماڭا بۇ ھاياتلىقنىڭ نېمە كېرىكى... — دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ ئەيمەنگىنىدىن سوراقچىغا يەر ئاستىدىن قاراپ قويىدۇ.

— يەنچۇ؟ — دەيدۇ سوراقچى ئەلپازىنى ئۆزگەرتمەي.

— يەنە... يەنە... — دەپ كېكەچلىگىنىچە ئەخمەتجان قايسىبىر چاغدا ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ ئاغزىغا كەلگەن گەپلەرنى قىلغىنىنى ئېسىگە ئېلىپ، — خۇدا تۇرۇپتۇ. ئىشەنسەڭلار ھەممىسى مەستچىلىكتە بولغان گەپ. ئۆزۈمدىن ئۆتكەن، ئاچ قورساقتا شۇنچىۋالامۇ ئىچكەن بارمۇ. قىلغان ئىشلىرىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئەتىسى ئۇقسام مەھەللە ئىمامىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپتىمەن. ئەتراپتا قاراپ تۇر ـ غانلارنىڭ: «ۋاي بەچچىغەر، ئۇنداق قىلما، قولۇڭ قۇرۇپ كېتىدۇ!» دېگىنىگە قا ـ رىماي، مۇشت ئاتىمەن دەپ ئۆزۈمنى دەسسىيەلمەي ئېرىققا يۈملاپ چۈشۈپتىمەن. ئۇستىبېشىم لاي پېتى ئۆمىلەپ قوپۇپ، قېيىن ئاتامنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بېرىپ دەر ـ ۋازىسىنى جالاقشىتىپ تېپىپ، ئاغزىمنى بۇزۇپ... — دەپ ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا زادىلا ئېغىزغا ئېلىشقا بولمايدىغان ئەپسانە گەپلەرنى چىقارغىلى تۇرىدۇ.

— بولدى، بولدى! — دەپ ئۇنىڭ كېپىنى بۆلۈۋېتىدۇ سوراقچى، — سېنىڭ نېمىلەرنى قىلىپ يۈرگىنىڭنى بىز ئوبدان بىلىمىز. كېچە سېنى بىر ئاگاھلاندۇرۇپ قويايلى، ھوشىنى يىغىۋالسۇن دەپ چاقىرتىپ ئەكەلگەن. قايتىپ بېرىپ ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى يېزىپ تاپشۇر. مۇندىن كېيىن دىققەت قىل ـ ھە!

ساقچىدىن چىقىپ كېتىپ بارغاندا ئەخمەتجاننىڭ كاللىسىغا ھەرگىزمۇ «كېچە مېنى بۇ يەرگە زادى نېمىشقا تۇتۇپ كېلىنىشتى» دېگەن سوئال كەلمەيدۇ، بەلكى ئۇ تېخى بايا ساقچىغا ئېيتىشقا ئۇلگۈرمىگەن ئىشلار — قەيەردىدۇر بىر يەردە باشـقىلارنىڭ قولىدىن تاسادىپىي ئېلىپ چېكىپ سالغان نەشە، سەھرادىكى قايسىبىر تويدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، مەستچىلىكتە ئاغىنىلىرى بىلەن ئوغرىلىغان بىر ـ ئىككى

توخۇ دېگەندەك نېمىلەرنى ئويلاشقا باشلايدۇ-دە، مەھەللىدە خېلى ۋاقىتلارغىچە ياۋاشلاپ كېتىدۇ.

مۇنداق ئوخشاش ئىسىمدىكى ئادەملەرنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا بىرەر لەقەمنى ئۇلاپ قويماي بولمايتتى. شۇڭا، بىزنىڭ ئۇ مەھەللىمىزدە لەقەمسىز كىشى يوق دېگۇدەك ئىدى. مۇنداق خىلمۇ خىل لەقەملەر ئۇلارغا يا ئاتا-بوۋىسىدىن مىراس قالاتتى ياكى بولمىسا ئۆزىنىڭ نامۇ-ئەمەلى، چىراي-شەكلى، مىجەز-خۇلقى تۈپەيلىدىن سىڭىشىپ قالاتتى. ئادەتتە، بۇ مەھەللىگە كېچىسى تۇرماق، كۈندۈزى بىرەرنى ئىزدەپ كەلگەن كىشىمۇ لەقىمىنى بىلمەي تۇرۇپ زادىلا تاپالمايتتى. ھەر ھالدا مەھەللىمىزنىڭ ئادەملىرى مۇنداقلارنى تولا كۆرۈپ ئادەتلىنىپ قالغاچقا، ھەر قانداق ئادەمنى ئوچۇق چىراي قارشى ئالىدۇ. ئادەم ئىزدىگۈچىنىڭ:

— ئەمەتنىڭ ئۆيى قەيەردە؟ — دېگەن سوئالىغا، ئۇلار:

— قايسى ئەمەتنى ئىزدەيسىز؟... چوڭىنىمۇ، كىچىكىنىمۇ، ياكى ھېلىقى ئەمەت چوقۇرنىمۇ؟...— دېگەندەك بىر مۇنچە سوئاللار بىلەن جاۋاب بېرىدۇ.

مېھمان ئۆزى ئىزدىگەن ئادىمىنىڭ لەقىمىنى بىلمىسىمۇ، ئۇنىڭ چىراي-شەكلى ياكى شۇغۇللىنىدىغان كەسپى، ھېچ بولمىغاندا ئوڭ مەڭزىدىكى خال، ئېڭىكىنىڭ ئاستىدىكى بىرەر تال سۆگەل قاتارلىق بىرەر بەلگىسىنى ئېيتىپ بېرەلىسىمۇ كۇپايە. مەھەللىدىكىلەر «ھە، پالانچى ئەمەتنى ئىزدەيدىكەنسىزغۇ» دېيىشىدۇ-دە، تۈپتۈغرا ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئاپىرىپ قويۇشىدۇ.

كەچ كىرىپ، شەھەر ئۈستىگە تۈن قانىتىنى ياپتى. ئادەم كۆپىيىپ كوفىيخانىنىڭ ئىچى بارغانسېرى قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ئەمدى بۇ يەردە ھەر خىل كېچىلىك كۆڭۈل ئېچىش، قەدەھ سوقۇشتۇرۇشلار قىزىپ كېتىدۇ. ئورنۇمدىن تۇرۇپ بىر كېرىلدىم-دە، ئىچىملىكلەرنىڭ پۇلىنى تۆلەپ، ياتىقىمغا قايتىپ چۈشتۈم. ياتاقنىڭ كوچا تەرەپتىكى بالكونىغا چىقىپ تۆۋرۈككە يۆلەندىم. تۆۋەندە شەھەرنىڭ ئەڭ ئاۋات كوچىلىرىنىڭ بىرى سانسىز ئېلېكتر چىراغلىرى بىلەن كۈندۈزدەك يورۇپ تۇراتتى. شۇ تاپتا ئاشۇ كوچىلارغا كىرىپ بارساڭ، ماڭا ئوخشاش ۋاقتىنىڭ قىسلىقىدىن خەتنى ئۇزۇن يازىدىغان ئالدىراش كىشىلەر، خوتۇنىدىن باشقا ھېچكىمدىن قورقمايدىغان باتۇرلار، پۇلنى خەجلىمەي ساناپ كىر قىلىۋېتىدىغان سېخىيلار، ئاچقۇچنى ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۇنتۇلۇپ قېلىپ ئىشىكىنى بۇزۇپ ئېچىپ كىرىدىغان ئېسى كۆچلۈك ئەپەندىلەر بىلەن تولغان بۇ ئەركىن دۇنيانىڭ خىلمۇ خىل قەھرىمانلىرىنى ئۇچرىتىسەن. كىشىگە ھەر خىل بوياقلار تۆكۈلۈپ كەتكەندەك بىلىنىدىغان كۆللۈك رەختلەردە كىيىم كىيىۋالغان غەلىتىلىك خۇمارلىرى يېرىم يالىڭاچ خېنىملار، ئەرەنچە ياسىنىۋالغان ئاياللار، ئاياللاردەك ياسىنىۋالغان ئەرلەر... بىر يېنىپ، بىر ئۆچۈپ تۇرغان رەڭگا رەڭ چىراغلار كۆزۈڭنى ئېلىشتۇرۇپ

تائسخانا، قاۋاق ۋە ھەر خىل كىچىلىك سورۇنلاردىن ئاڭلىنىپ تۇرغان ۋاـ راڭ ـ چۇرۇڭلار، بوۋاقنىڭ ئىڭىرىشى، كالىنىڭ مۆرىشى، ھەرىنىڭ غارتىلداشلىرىغا ئوخشايدىغان مۇزىكا ئاۋازلىرى قۇلاق مېڭەڭنى يەپ، كۈن بويى ئارام تاپمىغان بۇ شەھەرنىڭ ئۆزىنىمۇ ھالىدىن كەتكۈزۈۋېتىدۇ. جىددىيچىلىكتىن نېرۋىلىرى چىڭىپ، چىڭقىلىپ كەتكەن بىر مۇنچە ئادەملەر ئاراملىق ئىزدەپ ھەپتە ئاخىرىسىدا شەھەر سىرتىغا، دېڭىز بويلىرىغا بېرىشقا ئاران ئۈلگۈرىدۇ.

زۆھرە، يازغانلىرىمنى ئوقۇپ بېقىپ ھەيران بولدۇم، ساڭا بۇ يەردىكى ئەھـ ۋاللىرىمنى، دېمەكچى بولغان يۈرەك سۆزلىرىمنى ئېيتىشنى ئۇنتۇلۇپ، يازمىسامىمۇ ئۆزۈڭ بىلىدىغان كونا مەھەللىنىڭ كۆرۈنۈشلىرىنى سۈرەتلەپ كېتىپتىمەن. مۇنداق خاتىرىلەرنىڭ قىممىتىنى ۋەتىنىمدىن ئايرىلغان مېنىڭدەك مۇساپىرلا چۈشىنەلەيدۇ. يۇرتۇمنىڭ ئاشۇ نامرات، ئاددىي ھالىتىنى بۇ يەردىكى ھەشەمەتلەر بىلەن سېلىشـ تۇرغىنىمدا، ماڭا يەنىلا شۇ ئەگرى ـ بۈگرى، تار كوچىلار، ھەتتا ھېلىقىدەك جىناـ يەتچىلەرنى خاتا تۇتۇپ قويىدىغان بەزى تەجرىبىسىز ساقچىلارمۇ قىممەتلىك بىلىنىدۇ.

چارچىدىم. قالغان گەپلەرنى كېيىنكى خېتىمدە يازىمەن. كۆتكۈچىنى چاقىرىپ بۇ خەتنى ھازىرلا پوچتىغا سالغۇزۇۋېتىمەن.

زۆھرە، شۇ تاپتا مەنمۇ مۇشۇ لىپلىپقا سىغقان بولسام، قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ ۋەـ تىنىمگە يېتىپ بېرىپ، ھېلىقى بېقىنلىرى سىجىلىپ كەتكەن، پاكار توپا تاملارـ دىن مېۋە شاخلىرى ئارتىلىپ چۈشۈپ تۇرىدىغان مەھەللە كوچىلىرىغا كۆلۈپ كىرـ رىپ بېرىپ ھەممىنى ھەيران قالدۇرسام، قانداق ئاجايىپ ئىش بولغان بولاـ لاتتى ـ ھە!؟...لېكىن، ۋاقتى كەلگەندە ئادەمنىڭ شۇ ئاددىي بىر پارچە قەغەزگىـ مۇ ئايلىنالمايدىغىنى ناھايىتىمۇ ئېچىنارلىق ئىش!

4

زۆھرە!

- بۈگۈن چۈشتىن كېيىن يەر ئاستى پويىزغا ئولتۇرۇپ، بۇ چوڭ شەھەرنىڭ بىر بېشىدىن يەنە بىر بېشىغىچە ماڭدىم. شەھەرنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭىدىن يىراقلاشقاچـ قىمىكىن، يەر ئاستى يولدىن چىققاندا كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالغاندەك بولدى. ھاۋا بۈگۈنمۇ ناھايىتى ياخشى ئىدى. مۇشۇ ئەتراپتا بىر كەڭ مەيدان بار بولۇپ، ئۇ يەرگە ھەر شەنبە چۈشتىن كېيىن قەدىمىي مۇزىكىلارنى ئورۇندايدىغان مۇزىكانىتلار پەيدا بولىدۇ. مۇزىكا ئاڭلاشقىمۇ كۆپىنچە بوۋاي ـ مومايلار، تۇرمۇشتا بەختى كېلـ مىگەن، رېئاللىقتىن بەزگەن خىيالپەرەسلەر يىغىلىدۇ. بۇ يەردىكى بەزىلەر ئۆزىنى «قەدىمىي پەرەسلەر» دەپمۇ ئاتىشىدۇ. ئۇلار قەدىمىي نەرسىلەرنى سېغىنىدۇ، يېڭىلىقـ نى رەت قىلىدۇ. دۇنيادىكى ھازىرقى يېڭى نەرسىلەرنى، ئىلىم ـ پەن مۇۋەپپەقىيەتـ لىرىنى «ئاخىرقى ھېسابتا ئىنسانىيەتنى ھالاك قىلىدىغان نەرسىلەر» دەپ قارايدۇ.

مەنچۇ؟ مەنمۇ بىر سېغىنغۇچىمەن. ئەمما، قەدىمىيلىكنى ئەمەس، ۋەتىنىمنى سېغىنىمەن. مەن ئۈچۈن ۋەتىنىمنىڭ قەدىمىي ھالىتىمۇ، ھازىرىمۇ، كەلگۈسىمۇ ئوخشاشلا قىممەتلىك... بۇ ھەيتىنىڭ ئاخىرقى كۈنىدە ئازراق ئارام ئېلىپ خىيال سۈرۈش ئۈچۈن شۇ يەرنى تاللىۋالدىم.

مەن يېتىپ كەلگەندە مەيداندىكى مۇزىكانتلار قەدىمىي بىر كۈينى ئورۇنداشنى باشلىۋەتكەنىدى. سايىۋەنلەر ئاستىدىكى دۈگىلەك ئۈستەللەرنىڭ ئەتراپىغا قويۇلغان ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرغان كىشىلەر مۇزىكا تىڭشاۋاتاتتى. چەت ئەللەردە مۇشۇنداق سائەتلەپ زېرىكمەي ئولتۇرۇپ مۇزىكا تىڭشايدىغان ئادەملەرنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بىزنىڭ يۇرتىمىزدا بولسا كۆپىنچە ناخشىسىز ساز بولمايدۇ. بىرەر سازچى قولىغا دۇتار ياكى تەمبۇرنى ئېلىپ بىردەملا قۇرۇق تىرىڭلاتسا، ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئىچى پۇشۇپ «ناخشىسىنىمۇ ئېيتىماسەن!» دېيىشىدۇ. ئېھتىمال، بۇ ئادەملەر بىلەن بىزنىڭ تەربىيىلىنىشىمىز، مىللىي پسىخىكىمىز ئوخشاشمىسا كېرەك... بوش ئورۇنلارنىڭ بىرىگە بېرىپ ئولتۇردۇم. كۈتكۈچى ئارقامدىنلا يېتىپ كەلدى.

— سورۇنىمىزنى ئاۋات قىلغىنىڭىزغا خۇشالمىز. بىرەر نەرسە كېرەكمۇ؟

بىر ئورۇندۇقنى ئىگىلەپ ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئازراق پۇل خەجلىمەيمۇ بولمايدۇ. بىر شىشە ئۇسسۇلۇق بۇيرۇتتۇم. چۈشتىن كېيىنكى ھاۋا تىنجىق ئىدى. مۇزىكىچىلارغا سايە تاشلاپ تۇرغان دەرەخلەرنىڭ ئالقاندەك كەڭ يوپۇرماقلىرىمۇ گويا شۇ قەدىمىي كۈيلەردىن سېھىرلەنگەندەك جىمجىت ئېسىلىپ تۇراتتى... شۇ بىر قانچە يىل ئىچىدە بېشىمدىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرىم مېنى ھالسىزلاندۇرغانىدى. جىمجىتلىقنى، جىمجىتلىق ئىچىدە خىيال سۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتىم. ئېھتىمال، قورساق بېقىشنىڭلا كويىدا پالاقلاپ يۈرگەن بولسام نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۇنتۇپ قالغان بولاتتىممىكىن، ئەمما ھازىرچە قولۇمدا يېتەرلىك مال-دۇنيارىم بار. بۇ باياشاتچىلىق ماڭا ھېچقانداق بەخت ئېلىپ كەلمىدى. كۈندىلىك تۇرمۇش غېمىدىن قۇتۇلغان كۈنۈمدىن باشلاپ مېنى تېخىمۇ خىيال بېسىۋالدى. گويا تەقدىر مېنى باياشاتچىلىق ئىچىدە مەسخىرە قىلماقچى بولۇۋاتقاندەك، يىراقتا قالغان يۇرتۇمنى، نامرات كۈلبەمنى، قىقىراپ يىغلىشىپ قالغان بالىلىرىمنى ھەر ۋاقىت ئېسىمگە سېلىپ تۇراتتى.

— ئەپەندىم، ئاشۇ قۇشلارغا دان چېچىش ئۈچۈن ئازراق پۇل چىقىرالامسىز؟

بېشىمنى كۆتۈرسەم، ئالدىمدا ئىچىملىك ۋە بۇزۇقچىلىقتىن چىرايى بوزىرىپ، كۆزلىرىنىڭ ئاستى قارىداپ كەتكەن بىر كىشى تۇراتتى. ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە قۇياش نۇرى ئاستىدا يىللىق تاۋلىنىپ ياتاتتى. يۈرىكىمدە بولسا غەشلىك ھۆكۈمران ئىدى... مەيداننىڭ بىر چېتىدە دانلاپ يۈرگەن كەپتەرلەرنى كۆردۈم. ھېلىقى ئادەمگە ئۈنچىقماي پۇل سۇندۇم.

بۇ مەدەنىي قەلەندەر كېتىشى بىلەنلا ئۈستەل يېنىدا ساقال-بۇرۇتلىرىنى پاكىز قىرىپ، رەتلىك كىيىنگەن، سالاپەتلىك يەنە بىر كىشى پەيدا بولدى. قولىدىكى قىممەت باھالىق ھاسىدىنلا ئۇنىڭ دۆلەتمەن ئادەم ئىكەنلىكىنى پەملىگىلى بولاتتى.

ئۇ يەتمىش ياشلاردىن ھالقىغاندەك كۆرۈنەتتى. چىرايىدىكى سانسىز ئۇششاق قورۇق-
لار ئۇنىڭ تولىمۇ ئۇزۇن بىر مۇساپىنى جاپالىق قەدەملەر بىلەن بېسىپ ئۆتكەن
ئادەم ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

— ماۋۇ بوش ئورۇندۇققا ئولتۇرۇشقا رۇخسەت قىلامسىزكىن؟ — دېدى ئۇ.

— مەرھەمەت! — دېدىم مەن.

مويسىپىت ئورۇندۇققا جايلىشىپ، قولىدىكى ھاسىسىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈك-
گە ئېلىپ تۇرۇشىغا كۈتكۈچى پەيدا بولدى. ئۇ ئۆزىگە بىر ئىستاكان پىۋا بۇيرۇ-
دى ـ دە، ماڭا قاراپ:

— سىز يەنە باشقا بىرەر نەرسە ئىچەمسىز؟ — دېدى.

— رەھمەت! — دېدىم مەن.

ئاندىن ئۇ ۋالاقلاپ سۆزلەپ كەتتى.

— بۇ يەرگە مەن ھەر شەنبە كېلىپ مۇزىكا تىڭشايمەن. ئادەم قېرىغاندا
جىمجىت ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈشنى ياخشى كۆرۈپ قالىدىكەن. قاراڭ، بۇ ئەتراپتا
ئولتۇرغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ماڭا ئوخشاش يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان قېرىلار.
ئۇلار ساز تىڭشىغاچ ئۆزلىرىنىڭ ياشلىقىنى، ئۆتمۈشىنى ئەسلىشىدۇ. قارىسام سىزمۇ
خىيالغا كېتىپ قاپسىز. ئەمما، سىز تېخى ياش.

— ئۆزۈم ياشتەك كۆرۈنگىنىم بىلەن روھىم قېرىپ كەتتى.

— شۇمۇ گەپ بوپتۇمۇ! ياشلىقنىڭ قەدرىنى بىلىش كېرەك. بىز ھەممىمىز
پۇل تاپىمىز دەپ پالاقلاپ ئالتۇندەك چاغلىرىمىزنى ئۆتكۈزۈۋېتىمىز، پۇل تېپىپ
باي بولغاندا ئۆزىمىزنىڭ قېرىپ، ھېچ ئىشقا چامى يەتمەيدىغان ھالغا كېلىپ قال-
غانلىقىمىزنى كۆرىمىز ـ دە، ھەسرەت چېكىمىز. ھەر قانچە باي بولسىڭىزمۇ ئۈچ
ۋاقلا تاماق يەيسىز، پۇلۇم بار دەپ جىق يەۋالسىڭىز ئاشقازاننى كاردىن چىقىرى-
سىز؛ كىيىممۇ شۇنداق، ئوشۇق كىيىۋالسىڭىز ئۆزىڭىزگە يۈك بولىدۇ. ياشلىقنى مەنى-
لىك ئۆتكۈزۈش كېرەك، سىزنىڭ تېخى ياشايدىغان ۋاقتىڭىز، خىيالغا پېتىشقا تېخى
ئەتىگەن.... ئايالىڭىز باردۇ؟

— بار.

— مانا مەن بىر نەچچە يىلدىن بېرى بويتاقمەن. ئۆيدە يالغۇز زېرىكىمەن..
ئايالىڭىز بىلەن بەختلىك ئۆتىدىغانسىز؟

— بىلمەيمەن.

ئۇ ئەجەبلىنىش نەزەرى بىلەن ماڭا قارىدى.

— شۇنداق، — دېدى ئۇ، — ئايال خەقنى چۈشەنمەك تەس. ئۇلار جاۋابى قىيىن
تېپىشماققا، مەزمۇنى چىگىش كىتابقا ئوخشايدۇ. بۇ كىتابنى ئوقۇمىسا كىشى زېرىكى-
دۇ... مۇھەببەت دېگەن زادى نېمە؟ بىر ئائىلىدە ئىناق ياشاشنىڭ ئۆزىمۇ چوڭقۇر
بىر مۇھەببەت. كۆپىنچە بىز بۇنى ئادەتتىكى ئىش دەپلا قارايمىز. مانا مەن ئايالىم
بىلەن ئوتتۇز يىل ئوبدان ئۆتكەن. ئوتتۇز يىل ئوڭايمۇ؟ ئۇ گۈزەل ۋە ياش ئىدى.

www.uyghurkitap.com

— سىزدىن كىچىكمىدى؟

— مېنىڭدىن توپتوغرا يىگىرمە ياش كىچىك ئىدى. ئەمما، ئۆي ئىشلىرىغا ئانچە چېۋەر ئەمەستى. ئۆزىنىمۇ بەكلا تۈزەشتۈرۈپ كەتمەيتتى. ئېھتىمال ئۇ «ئېرىمنىڭ يېشى چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۆزۈمنى ئارتۇقچە ياساپ يۈرۈشۈمنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق» دېگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن...نېمىلا بولمىسۇن ئۇ سەممىي، سادىق، ياخشى ئايال ئىدى. ياش قۇرامىمىزدىكى پەرقىنىڭ چوڭلۇقىدىنمۇ، مەن ئۇنىڭ مېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا ئانچە ئىشەنمەيتتىم. ھاياتىمدا ئۆتكۈزگەن ئەڭ چوڭ خاتالىقلىرىمنىڭ بىرى ئەنە شۇ ئىشەنمەسلىكتىن كېلىپ چىقتى...ۋاتىلداپ مۇزىكا ئاڭلىشىڭىزغا دەخلى يەتكۈزدۈممۇ؟... قېرىلىق...

— ياق، ناھايىتى ياخشى بىر ھېكايىنىڭ كىرىش قىسمى باشلاندى.

— شۇنداق، ئاشۇ ئىشەنمەسلىكتىن كېلىپ چىقتى... ئارىمىزدا مۇنداق بىر ۋەقە سادىر بولدى. بىر كۈنلەردە بايقىسام، ئايالىم ئۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ پەرداز قىلىدىغان، كىيىمىنىڭ پاسونلىرىنىمۇ يېڭىلاپ، ياسىنىپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. بۇرۇنلاردا ئۇ ئۆيدىن چىقمىشقا ئانچە قىزىقمايتتى، ئەمدى بازاردىن بولىدىغان سودىلىقلارنى ئۆزى يۈگۈرۈپ يۈرۈپ پۈتتۈرىدىغان بولدى. دېرىزە پەردىلىرىنى پات ـ پات ئالماشتۇرۇپ، گۈلدانلارغا ھەر كۈنى يېڭى گۈللەرنى چېلاپ قوياتتى. غىزا ـ تاماقلارنىمۇ ناھايىتى مەززىلىك قىلىپ پىشۇرىدىغان بولدى. مىجەزى خۇش خۇيلىشىپ، ماڭا بولغان مۇناسىۋىتىمۇ يىللىقلىشىپ كەتتى. مەن خۇشال بولدۇم. ئەمما، قانچە ئويلاپمۇ تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ تېگىگە يېتەلمىدىم. كۆڭلۈمدە غۇۋا بىر گۇمان پەيدا بولدى. بىر پايلاقچىنى ياللىۋېلىپ ئۇنىڭ ئىزىغا سېلىپ قويدۇم. بىر ھەپتىدىن كېيىن، ھېلىقى لەنىتى پايلاقچىدىن: «ئەپەندىم، خانىمىڭىزنى ئۆيىڭىزدىن ئىككى كوچا نېرىدىكى سودا دۇكىنىدا ئىشلەيدىغان بىر يىگىت ياخشى كۆرۈپ قالغاندەك قىلىدۇ» دەپ تېلېفون كەلدى. ئەتىسى ئايالىم ئۆزىنى تۈزەپ كوچىغا مېڭىشى بىلەن تەڭ مەنمۇ ئوغرىدەك ماراپ ئارقىسىدىن چىقتىم. نېرىقى كوچىنىڭ دوقمۇشىدا چوڭ بىر سودا سارىيى بار ئىدى. ئايالىم توپتوغرا شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ماگىزىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، مىغ ـ مىغ ئادەملەر ئارىسىدا ئۇنى يىتتۈرۈپ قويدۇم. ئىككىنچى قەۋەت، ئۈچىنچى قەۋەت، ھەتتا تۆتىنچى قەۋەتكىچە چىقتىم. قايتىپ يەنە بىرىنچى قەۋەتكە چۈشتۈم. قارىسام، ئايالىم بىرىنچى قەۋەتتە ـــ يېمەكلىكلەر تىزىلغان ئۇزۇن مال جاھازىسىنىڭ يېنىدا تۇراتتى. قامەتلىك، كېلىشكەن بىر ياش يىگىت ئۇنىڭ ئارقىسىدا پايىپېتەك بولۇپ مال تاللىشىپ بېرىۋاتاتتى. يىگىتنىڭ كۆزىدە تېخى ئىش كۆرمىگەن ياش باللاردا بولىدىغان ئەيمىنىش ئارىلاش تەشنالىق چاقناپ تۇراتتى. ئايالىممۇ يىگىتنىڭ ئالدىدا قىزىرىپ ناھايىتى چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى. ئۆز خانىمىمنىڭ كىشىنىڭ كۆزى چۈشكىدەك شۇنچىلىك گۈزەل ئىكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ تۇنجى قېتىم ھېس قىلدىم. ئاخىرىدا يىگىت ئايالىمنى سارايىنىڭ ئىشىكىگىچە ئۇزىتىپ قويدى. ئايالىم كەتكەندىن كېيىنمۇ ئارقىسىدىن ئۇزاققىچە قاراپ قالدى...

ــ يېڭى بىر پاجىئە ئەنە شۇنداق باشلاندى، دەك...

ــ ياق، مەن ئۇلارنى بىرەر ئەسكى ئىش قىلىشماقچى بولۇشتى، دەپ ئېيتالمايمەن. ھەر ئىككىلىسىنىڭ چىرايىدىكى قىزىرىشلاردىن تېخى ئۇلارنىڭ قەلبىدە پاك، غەرەزسىز بىر يالقۇنىنىڭ يېڭىدىن يېنىۋاتقانلىقىنىلا كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. شۇنداق بولسىمۇ، كەچتە ئايالىمنى قاتتىق تىللىدىم. ئۇ ھېچقانداق ئىزاھاتمۇ بەرمەي، ئۇنچىقماي يەرگە قاراپ ئولتۇردى. سودا سارىيىنىڭ خوجايىنىغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ ھېلىقى يىگىتنى ئىشتىن بوشاتقۇزۇۋەتتىم... ۋىجدان بىلەن ئېيتقاندا، ھەممىمىزنىڭ تۇرمۇشىدا مۇھەببەتكە ئوخشاپ كېتىدىغان مۇنداق ئىشلار غىل ـ پال كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ؛ بەزى ئىشلار كۆڭۈلدە مەڭگۈ سىر بولۇپ ساقلىنىپمۇ قالىدۇ. لېكىن، مەن ئايالىمنىڭ كۆڭۈل دۇنياسىدا يېڭىدىن پەيدا بولۇشقا باشلىغان، ئۇنى ھاياجانغا، لەرزىگە سېلىۋاتقان مەنىۋى نەرسىنى ئەنە شۇنداق رەھىمسىزلىك بىلەن ۋەيران قىلىۋەتتىم. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ ئۆزىنى بۇرۇنقىدىنمۇ بەتتەر تاشلىۋەتتى. جاھاننىڭ كارىدىن بېزىپ، شىددەت بىلەن قېرىدى ـ دە، ئاغرىققا چېقىلىپ، ئىككى يىلغا قالمايلا ئۆلۈپ كەتتى.

ــ ئۆلۈپ كەتتى!؟

ــ شۇنداق، بار ـ يوقى ئىككى كۈنلا يېتىپ ئۆلۈپ قالدى...

موزىسىپىت بىر ھازا جىمىپ كەتتى. مۇزىكىچىلار ئىككىنچى بىر مۇزىكىنى ئورۇنداۋاتاتتى. ئۇ كەتمەكچى بولغاندەك ھاسا تايىقىنى قولىغا ئالدى ـ دە، ئۇياق ـ بۇيېقىغا قاراپ قويۇپ، يەنە جايىغا ئېلىپ قويدى.

ــ ئاياللارنىڭ ھەممىسىنى يامان دەيدىغانلارغا قارشىمەن. سىزچە قانداق؟ ــ دەپ سورىدى ئۇ يەنە ماڭا قاراپ.

ــ پىكرىڭىزگە قوشۇلىمەن، ئاياللارنىڭ ھەممىسىنى يامانغا چىقىرىدىغانلار ئۆزىنىڭ قوينىدا ياتىدىغان جورىسىنىڭمۇ، ئۆزىنى تۇغقان ئانىسىنىڭمۇ ئايال ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىسا بولىدۇ.

ــ توپتوغرا ئېيتتىڭىز! ــ دەپ تەستىقلىدى ئۇ، ــ مەن بۇ ۋەقەلەرنى سىزگە نېمىشقا سۆزلەپ قالدىم؟... ھە، بايا مەن سىزدىن «ئايالىڭىز بىلەن بەختلىك ئۆتىدىغانسىز؟» دەپ سورىسام، «بىلمەيمەن» دېدىڭىز. دېمەكچىمەنكى، بەختلىك بولۇش دېگەننىڭ مەنىسى باشقا گەپ ئەمەس، ئىناق ئۆتۈۋاتقان بولساڭلار شۇ ئىناقلىقنى قەدىرلەش كېرەك...

ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىگە كۈلۈپلا قويدۇم. خوشلىشىپ ماڭماقچى بولۇپ ئورنىمدىن تۇردۇم.

ــ مەنىسىز پاراڭلار بىلەن سىزنى بىزار قىلىپ قويدۇمغۇ دەيمەن؟ ــ دېدى ئۇ.

ــ ئىبرەتلىك بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەردىڭىز، رەھمەت!

ــ سىز تۇركىيىلىكمۇ؟

ــ ياق، جۇڭگولۇقمەن.

ــ جۇڭگو! ــ ئۇ بۇ سۆزنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالدى، ــ ھە، ئاجايىپ دۆلەت.

ــ جۇڭگوغا بارغانمۇسىز؟

— بارغان، بەش يىلنىڭ ئالدىدا چەت ئەلگە ساياھەتكە چىققاندا بارغان... قاراڭ، بىزنىڭ بۇ يەردە ھەممە نېمە ئۆزگىرىپ كېتىۋاتىدۇ. ئېگىز بىنالار، تېز سۈرئەت يوللىرى، ياشلىرىمىزنىڭ بارغانسېرى غەلىتىلىشىپ كېتىۋاتقىنى... قېرىپ قالغاچقىمۇ بەزى نەرسىلەرگە كاللام يەتمەيدۇ. مەسىلەن: يەر شارى ئادەم بىلەن تولۇپ كېتىۋاتقاندا يەنە بىزگە ماشىنا ئادەم دېگەنلەرنىڭ نېمە لازىمى؟ ھېلىقى ئېلېكترونلۇق مېڭە دېگەنلەرچۇ؟... ئاللا ماددىنىڭ ئاتومىغا بەند قىلىۋەتكەن كۈچنى قوزغاپ بومبىلارنى ياسىۋىدۇق، دەھشەتلىك ئاقىۋەتلەرگە دۇچ كەلدۇق... بىز يەر شارىنىڭ قېنىنى شوراش بەدىلىگە ئالغا ئىلگىرىلەۋاتىمىز، تەبىئەتنىڭ ئەسلى قىياپىتىگە بۇزغۇنچىلىق سېلىۋاتىمىز. ئاخىرىدا بىزنى شۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆزى ھالاك قىلىدۇ، تەبىئەتنىڭ ئۆزى جازالايدۇ... ئىشەنمەمسىز؟ تەرەققىيات بىزنى شۇ يەرگە ئاپىرىدۇ... ھە، جۇڭگو، جۇڭگودا يەنە نۇرغۇن قەدىمىي نەرسىلەر ئۆز ئەينى ساقلىنىپ قاپتۇ. ئۇ ئاشۇ قەدىمىي قىياپىتى بىلەن كىشىدە ئاجايىپ ھەيۋەتلىك تۇيغۇلارنى پەيدا قىلىدىكەن...



مانا، بۇ مېنىڭ ئىسمىنامەم. خالىغان ۋاقتىڭىزدا ئۆيۈمگە كېلىڭ، قارشى ئالىمەن... يالغۇزلۇقتا زېرىكىمەن، كېلىڭ، پاراڭلىشىمىز.

— رەھمەت! — دەپ ئۇنىڭ قولىدىن ئىسمىنامىنى ئالدىم، — دوختۇر مېنى يېقىن ئارىدا ئۆلۈپ كېتىسەن دېگەن، ھايات بولسام، ملا بارىمەن.

— سىز؟... نېمىدەپ ئۆلۈپ كەتكۈدەكسىز، — مويسىپىت كۈلۈپ كەتتى، — ئورۇق كۆرۈنىسىز... دوختۇرنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپمۇ كەتمەڭ. مانا مەن ئېيتتىم: تېخى ياشايسىز!

دېڭىز تەرەپتىن ئۇرغان شامال باياتىن بېرى بولۇۋاتقان تىنجىقنى كۆتۈرۈپ كەتكەنىدى ... سۆھبەتدىشىم بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلاشتىم.

## 5

زۆھرە!

راستىمنى ئېيتسام، ئۆزۈمنىڭ كېسەللىكىمگە ئۆزۈمنىڭمۇ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. گۈركىرەپ بوران چىقىپ تۇرغان بىر كېچىدە كۆرگەن دەھشەتلىك چۈشۈم ئېسىمدە

تۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا، ئېغىر بىر يەر چىگداش ماشىنىسى گۈرۈلدەپ كەلگىنىچە كېلىپ مېنى بېسىپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى، «مەن ئۆلدۈم!» دەپ ئويلىدىم، لېكىن، ساق قالغىنىمغا ھەيران قالدىم. يەرگە خۇددى قەغەزدەك چاپلىشىپ كەتكەن بولسامۇ، يۈرىكىم يەنىلا ھاياجاندا دۈپۈلدەپ ئۇرۇپ تۇراتتى... ھەرقانچە غەيرەت قىلسامۇ ئورنىمدىن تۇرالمىدىم. بىردەمدىلا ئەتراپىمغا ئۇششاق باللار ئولاشتى. ئارىدىن يېشى چوڭراق بىرى مېنى يەردىن سويۇپ ئالدى. قەغەزدەك يالپاقلىنىپ كەتكىنىمنى كۆرۈپ «پاھ، لەگلەك قىلىپ ئۇچۇرۇپ باقساق، قالتىس بىر ئادەم لەگلەك بولغىدەك!» دەپ ۋارقىرىدى. ئەتراپتىكى باللارمۇ خۇشال بولۇپ چۇرقىراشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆپچۆرەمدە ئىش قايناپ كەتتى. كىمدۇر بىرى بىر كاللەك كاناپ يىپ تېپىپ كەلدى. بىر قانچىلىرى قولى- قولىغا تەگمەي تارازا، قۇيرۇقلارنى چىگىشتى. قايسىبىرى قىزىقچىلىق قىلىپ ئىككى مۆرەمنىڭ ئارىلىقىغا بىر دارقىراتمىمۇ بېكىتىپ قويدى... بىر چاغدا پەردىنىمۇ يەڭگىل بولۇپ لەپىدە ئاسمانغا كۆتۈرۈلدۈم. ئايھاي، نېمىدېگەن ئاجايىپ مۆجىزە! ئۆمرۈمدە ئۆزۈمنى ئەڭ بەختلىك ھېس قىلغان مىنۇتلىرىممۇ شۇ بولغان بولسا كېرەك. ئۈستۈمدە پاختىدەك ئاپئاق بۇلۇتلار، ئۇنىڭمۇ يۇقىرىسىدا چەكسىز كۆك ئاسمان، ئۇلۇغۋار قۇياش ۋاللىداپ نۇر تۆكۈپ تۇرۇپتۇ. تۆۋەندە چاسا - چاسا تىزىلغان بىنالار، بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن يوللار... تۇيۇقسىز كۆزۈم كۆكۈش تۇمان ئىچىدە سوزۇلۇپ ياتقان دېڭىزنىڭمۇ ئۇ تەرىپىدە ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قارلىق بىر چوققىغا چۈشتى. ھاياجاندىن يۈرىكىم تېخىمۇ قاتتىق دۈپۈلدەپ كەتتى. «قار، قار! مەن قارنى كۆردۈم!...» دەپ تووۋلىۋەتتىم.

قار! پۈتۈن دالىلار مۇزدەك، ئاپئاق قار بىلەن پۈركىنىپ ياتىدىغان ئاجايىپ مەنزىرىنى بۇ يەردە زادىلا ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقىمىكىن، قار ماڭا بەكمۇ سىرلىق، مۇقەددەس بىلىنىدۇ. يىراقتىكى كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ئانا يۇرتۇمنى دائىما قار ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلار ئارقىلىق ئۆزۈمگە باغلايمەن... كىچىكىمدىن قارنى ياخشى كۆرەتتىم. قىش كۈنلىرى ئەتىگەندە ئورنىمدىن تۇرۇپلا تالاغا قارايتتىم. يېڭى قار ياغقان بولسا خۇشاللىقىمدىن دېرىزە تەكچىسىگە چىقىۋېلىپ سەكرەپ كېتەتتىم. قار توختىغاندىن كېيىن قاتتىق سوغۇق بولۇپ، يوپۇرماقسىز دەرەخ شاخلىرىدا، دېرىزىلەردە خىلمۇ خىل قىراۋ گۈللىرى ھاسىل بولاتتى. چانىلىرىمىزنى سۆرەپ مەھەللە چېتىدىكى دۆڭلۈكلەرگە قاراپ يۈگۈرىشەتتۇق. خۇشاللىقتىن مەڭزىلىرىمىز ئوت بولۇپ ياناتتى... ھەيران ئىدىمكى، ئاپئاق، تازا، ئاجايىپ مۆجىزات بولغان قار بۇ يەردە يوق ئىدى.

كۈچلۈك باھار شامىلى مېنى كۆتۈرۈپ ئەنە شۇ كۆكتە تۇتۇپ تۇراتتى. مەن يەنىمۇ يىراقلارغا ئۇچۇشنى، تېخىمۇ ئېگىزگە پەرۋاز قىلىشنى، ھېلىقى قۇملۇقلار بىلەن ئورالغان قاقاس يۇرتلارغا، بۈيۈك چوققىلىرى دائىما قار - مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان تاغلار تەرەپكە كېتىشنى خالايتتىم. لېكىن، كېلىشمىگە باغلانغان يىپ ماڭا كاشىلا قىلاتتى. «سادىغاڭ كېتەيلەر مېنى قويۇۋېتىڭلار، قويۇۋېتىڭلار! مەن ئاشۇ

دېڭىزلارنىڭمۇ ئۇ چېتىگە، قارلىق تاغلار تەرەپكە كېتىشنى خالايمەن!» دەپ ۋارقىرايتتىم. تۆۋەندىكىلەر مېنىڭ پەريادىمنى ئاڭلايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇلار مېنىڭ زارلىنىشلىرىمنى ئۆزلىرى بېكىتكەن دارقىراتمىدىن چىققان نەغمە دەپ بىلىپ، «قاراڭلار، ماۋۇ لەگلەكنىڭ چىرايلىق سايرىشىنى!» دېيىشەتتى. لەگلەكنىڭ يىپىنى گاھ يىغىپ، گاھ قويۇپ بېرىپ، مېنىڭ نالە-پەريادىمدىن ھۇزۇرلىنىشاتتى. قۇشلار خۇددى مېنى مەسخىرە قىلغاندەك، ئۈستۈمدىن ئەركىن ئۇچۇپ ئۆتۈشۈپ، چەكسىز بوشلۇقنىڭ قەيەرلىرىدىدۇر غايىب بولۇشاتتى... ئاھ، دۇنيادا قۇشلاردىمۇ بەختلىك نەرسە بارمىدۇ؟ ئۇلار يەر شارىنىڭ ھەقىقىي پەرزەنتلىرى، ئۇلار ئۈچۈن چېگرا مەۋجۇت ئەمەس، قانات قاقىدىكلا ماجالى بولسا خالىغان يېرىگە ئۇچۇپ بېرىپ، خالىغان يېرىگە قونالايدۇ... چېگرىلار بىز ئۈچۈن زادى نېمىگە ھاجەت؟ نېمە ئۈچۈن بىز بۇ سۆيۈملۈك يەر شارىمىزنى سىم توساقلار بىلەن توسۇپ، بۆلەكلەرگە بۆلۈۋالىمىز؟!...

ئاشۇ غەلىتە چۈشنى كۆرگەندىن باشلاپ ئۆزۈمنى راستتىنلا يالپاقلىنىپ، پەرگە ئوخشاش يېنىك بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالغاندەك سېزىدىغان بولدۇم. يېگەن-ئىچكىنىم چىرايىمغا چىقمايدىغان بولدى. تېنىمدىن ئەت قاچتى. ئۆلۈمگە رازى بولۇپ قالدىم. خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە ھېلىقى يەر چىگداش ماشىنىسىنىڭ گۇرۇلدىگەن ئاۋازى قۇلىقىمدىن كەتمەي قويدى.

## 6

زۆھرە!

كېچە دېڭىزغا يېقىن بىر جايدىكى مېھمانخانىدا قوندۇم. ئورنۇمدىن سەھەر تۇردۇم-دە، شۇ ئەتراپتىكى پوچتىخانىغا باردىم. ساڭا يازغان خەتلىرىمنى پوچتىغا سالدىم. بۇ ئىش مەيۈس كۆڭلۈمگە ئارام بەرگەندەك بولدى... ھازىر ياتاققا قايتىپ كېلىپ دېرىزە ئالدىدا ئولتۇرۇپتىمەن. مېھمانخانىنىڭ ئالدىدىكى ماشىنا قويۇش مەيدانىدا رەڭگارەڭ ماشىنىلار قاتارلىشىپ تۇرۇپتۇ. بۈگۈن يەكشەنبە، دېڭىز بويىدا ئادەم كۆپ بولىدىغان كۈن. بۇ مېھمانخانىدىن بەشيۈز مېتىرچە تۆۋەنلەپ ماڭغاندا دېڭىزغا ئۇلىشىسەن. ئۇ يەردە ئەڭ ياخشى بىر چۆمۈلۈش مەيدانى بار. يالىڭاچ دېڭىزدەك يۈرگەن ئەرلەر، ئاياللار، قارا بەدىنىنى ئاقارتماقچى بولۇپ چۆمۈلۈۋاتقانلار، ئاق بەدىنىنى قارايتماقچى بولۇپ كۈن نۇرىغا قاقلىنىپ ياتقانلار، يالىڭاچ بەدەنلەردىن ھۇزۇرلانغۇچىلار... ئىشقىلىپ، ئۇ يەردىن ھەممە ئىقلىمدىكى ئادەملەرنى تاپقىلى بولاتتى.

شۇ تاپتا ئولتۇرۇپ مەھەللىمىزنىڭ ئادەملىرىنى ئەسلەپ قالدىم. مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىمدا ئۆزۈمچە يازغۇچى بولۇش خىيالىم بار ئىدى. بىر چاغلاردا مەھەللىدىكى ئادەملەرنىڭ لەقىمى، خۇلقى، مىجەزى ئۈستىدە خاتىرىمۇ يازغانىدىم.

ئېسىمدە قېلىشىچە مەھەللىمىزدە تۇراخۇن دېگەن بىر ئادەم بولىدىغان، مەھەللىدىكىلەر ئۇنى «تۇراق پاتقاق» دەپ چاقىرىشاتتى. تۇراخۇن ئۆمۈر بويى لاي ئېتىپ ئۆتكەن ئادەم ئىدى. لاي ئېتىشكىمۇ شۇنچىلىك ئۇستا ئىدى. كېسەككە لاي ئەتمەكچى بولسا ئاۋۋال توپىنى ئوبدان يۇمشىتىپ، تاش-داڭگاللىرىنى تېرىۋېتىپ، سۇ قويۇپ بىرلا

ئۆرۈيتتى ـ دە، لاي تەييار بولاتتى. ئۇنىڭ قويغان كېسەكلىرى شۇنچىلىك بىجىرىم ۋە سۈپەتلىك چىقاتتى. چوڭلار: «تۇراقنىڭ ئەتكەن سامانلىق لېيىنى ئۆگزىگە يېيىتسا سېمونتتەك چاراڭلاپ تۇرىدۇ، پەقەت يېرىلمايدۇ؛ سىلىق سۇۋاققا ئەتكەن لايلىرى ئۇستىدە تامچى ئۇستامىلارنىڭ ھاندۇۋىسى ئۇسسۇل ئوينىغاندەك مېڭىپ كېتىدۇ» دەپ ماختىشاتتى. دوغىلاق، مىختا كەلگەن بۇ ئادەم كىشىنىڭ كۆزىگىمۇ گويا لاي ئېتىش ئۈچۈنلا تۆرەلگەندەك كۆرۈنەتتى. كېيىن، ئۇ بىز بىلەن ئەترەتتە بىللە ئىشلىدى. ئۇ يەردىمۇ ئۇنىڭ كۈنى ئەترەتنىڭ قورۇلۇشلىرىغا لاي ئېتىش بىلەن ئۆتتى. ئۇ ياۋاش ئادەم ئىدى. قاچانلا قارىسا كىيىم ـ كېچەكلىرى لاي يۇقى بولاتتى. باشقىلارنىڭ «ھوي تۇراق پاتقاق!» دەپ چاقىرىشىغا ئۇ پەقەت ئۈندىمەي كۈلۈپلا قوياتتى.

«ئابدۇرېھىم گۆي» دەيدىغان يەنە بىر ئادەم بولىدىغان، مەھەللىدىن چىققاندا ـ چوڭ كوچىنىڭ ئېغىزىدا ئۇنىڭ ۋېلىسىپىت رېمونت قىلىدىغان كىچىككىنە دۇكىنى بار ئىدى. دۇكاننىڭ تۆت تېمى ۋە ئىشىكىدىكى قوپال مىخلارغا كونا گۇگۇسۇنلار، داتلىشىپ كەتكەن ۋېلىسىپىت قاسقانلىرى، ياماق چۈشۈۋېرىپ توقۇملىشىپ كەتكەن كامېرلار ۋە ھەرخىل ئۆلچەمدىكى كۈلۈچلارنى ئېسىۋېتەتتى. دۇكىنىنى ئېچىپ، ئىشىك ئالدىغا ناسۇس، ئامبۇر، يېلىم قاچىسى، چوپسا ۋە ھەرخىل ۋىنتلار سېلىنغان قۇتىلىرىنى ئەچىقىپ يېيىپ قويسىلا ئوقىتى يورۇشۇۋېرەتتى. «گۆي» دېگەن بۇ گەپ ئۇنىڭ ئاغزىدىن كۈنىگە مىڭ قېتىم چىقاتتى. ھەرقانداق ئاغىنىسىنى ئۇ «ھەي پالانچى گۆي!» دەپلا چاقىراتتى. ۋېلىسىپىت ياساۋېتىپمۇ «ناسۇس دېگەن گۆينى قايسى گۆي ئالدى... ئامبۇر دېگەن گۆي ھېلىلا مۇشۇ يەردە تۇراتتىغۇ... ماۋۇ قايسى گۆينىڭ ۋېلىسىپىتى...» دەيتتى. ھاراقنىمۇ ئوبدانلا ئىچىپ قوياتتى.

كېيىن، مەھەللە ھۆكۈمىتى «ئەترەتكە چۈشۈپ ئىشلەيسەن» دەپ ئۇنىڭ رېمونتچىلىق دۇكىنىنى تاقاتقۇزۇۋەتتى. شۇ كۈنى كەچتە ئۇ ھاراقنى تازا ئىچىپ كېلىپ «ھەي گۆيلار، ئەمدى مۇشۇ رېمونتچىلىق دېگەن گۆينىمۇ قىلغۇزۇشماسەن!...» دەپ مەھەللە باشلىقلىرىنى پوخادىن چىققىچە تىللىدى. ئاخىرىدا يەنە ئەترەتكە باردى. ئەترەتتە ئىشلىگەندىن باشلاپ تېخىمۇ ھاراقكەش بولۇپ كەتتى. باشقىلار بىلەن ھاراق ئىچىشكەندە ئۇ: «قېنى، ھارىقىڭنى ئىتتىكرەك قۇيۇشماسەن گۆيلار!» دەپ ساقىينى ئالدىرىتاتتى. ھاراق تۈگىسە: «ھاراق دېگەن گۆي تۈگەپ قالاي دېدىمۇ نېمە؟ قايسى گۆي ماگىزىن دېگەن گۆيغا بېرىپ كېلىدۇ؟» دەپ ئەڭ بۇرۇن يانچۇقىنى كولايتتى. ئەگەر ئۇ ئۆزى ساقىي بولۇپ ھاراق قۇيۇپ قالسا ناھايىتىمۇ قىزىق ئىشلار بولاتتى. «قېنى غاچ ـ غۇچ ئىچەمسىلەر گۆيلار، ئىچەمسىلەر!» دەپ نۆۋىتى كەلگەنلەرنى ئالدىرىتاتتى. ھاراق تۈگەپ ئىككىنچى بىر بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئاچقاندا بايا ھاراقنىڭ كىمگە كېلىپ توختىغىنىنى ئۇنتۇپ قالاتتى ـ دە، «ھاراق قايسى گۆيگە كەلگەنتى؟... بولدىلا، ئابدۇرېھىم دېگەن گۆيدىنلا باشلاي!» دەپ ئۆزى كۆپپىدە ئىچىۋېتەتتى. شۇڭا ئۇ ھەرقانداق سورۇندا ھەممىدىن بۇرۇن مەست بولاتتى، يەنە ھەممىدىن كېيىن قايتاتتى.

بىز بىلەن ئارىتام قوشنا ئابلا دېگەن بىر ئادەممۇ بار ئىدى. ئۇنى خەقلەر «ئابلا

www.uyghurkitap.com

پىت» دېيىشەتتى. ئابلا ئاكا كەمبەغەل بولسىمۇ ناھايىتى تەرىشچان، مېھماندوست ئادەم ئىدى. ئانچە - مۇنچە ياغاچچىلىق قىلىپ بۆشۈك ياساپ جېنىنى باقاتتى. ئۇنىڭغا نېمىشقا «پىت» دېگەن لەقەمنىڭ قويۇلۇپ قالغىنىنى چۈشەنمەيتتىم. رەھمەتلىك مومام بىر كۈنى ماڭا بۇ لەقەمنىڭ تارىخىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى.

«پىت» دېگەن لەقەم ئابلا ئاكىغا ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىسىدىن قالغانىكەن. بىر زامانلاردا شەھىرىمىزدە «پىت بازىرى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر بازارمۇ بولغانىكەن. ئەلۋەتتە بۇ بازاردا پىت سېتىلمايدىكەن، ئەسكى - تۈسكى، كىيىم - كېچەك، تۆمۈر - تەسەك سودىسى بولاتتىكەن. ئۇ يەردە كۆپىنچە شەھەرنىڭ نامراتلىرى ئېلىم - بېرىم قىلىشاتتىكەن. كونا زامانلاردا پىت دېگەن بۇ جانىۋار شۇنداق نۇرغۇن بولاتتىمكىن، مومامنىڭ ھېكايە قىلىپ بېرىشىچە: شۇ زاماندىكى ھۆكۈمەتنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭمۇ كىيىم - كېچىكى ناھايىتى ئاۋارە ئىكەن. ئۇلار سېپىلنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ پىت باقسا، قارىسىلدىغان ئاۋازى تۆۋەندە كوچىدا كېتىپ بارغان ئادەملەرگە ئاڭلىناتتىكەن. (مومام قىزىقچىلىق قىلىپ بەزى گەپلەرنى ئاشۇرۇۋېتەتتى.) ئۇ چاغلار، يامۇلنىڭ ئىچىدىكى ياغاچنى شادا قىلىپ ياساپ قويغان قەپەسلەرگە زىنداندىكى جىنايەتچىلەرنى ئەچىقىپ سولاپ قويىدىغان ئىشلارمۇ بار ئىكەن. بۇ ئىش يامۇلغا كىرگەن - چىققانلارغا ئىبرەت بولسۇن دەپ شۇنداق قىلىناتتىكەن. قەپەسنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغان چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن بىچارىلەرنىڭ شۇنچە ئۇرۇقلۇقىغا قارىماي، پىتلىرى دەھشەت يوغان بولاتتىكەن. قەپەسكە ئاپتاپ چۈشكەندە جىنايەتچىلەر پىتىنىڭ دەستىدىن ئولتۇرالماي، كىيىملىرىنى سېلىپ يېنىغا قويۇپ قويسا، پىتلىرى كىيىمنى كۆتۈرۈپ ماڭاتتىكەن...

ھېلىقى ئابلا ئاكىنىڭ بوۋىلىرى بىر زامانلاردا ئاشۇ پىت بازىرىدا ئوقەت قىلىپ كۈنىنى ئالغان بولسا كېرەك. ئابلا ئاكىغا دادىسىدىن ھېچنېمە قالماي، شۇ «پىت» دېگەن لەقەم قاپتۇ. ئابلا ئاكا ئۆزىنى لەقىمى بىلەن ئاتىغانىنى ئاڭلىسا ناھايىتى ئاچچىقى كېلەتتى. لېكىن، مەھەللىمىزدە لەقەمسىز ئادەم بولمىغاچقا، كىشىلەر بىر - بىرى بىلەن لەقىمىگە يۆلەپ چاقچاق قىلىشاتتى. ئابلا ئاكىنىڭ تەگتۈشلىرىمۇ بەزىدە ئەتىگەندىلا ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ:

— كىمنىڭ قويىدىن چىقتىڭ ھوي! — دەيتتى.

— ئاپاڭنىڭ!... — دەيتتى ئابلا ئاكا زەردە بىلەن. ئاغىنىلىرى:

— ئەتىگەندە نېمانچە چاقىسەن ھوي، شۇنىڭغا قارىغاندا كېچىچە ئاچ قاپسەن - دە! — دەپ كۈلكە قىلىشاتتى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

مۇتەللىپ خۇرسەندى

# ئىزغىرىن ئويلار

## ياغلىق قاپاق

بىر قېتىملا
ياغ ئېلىنغانىدى ئۇنىڭغا،
ئۇزاق يىللار بولدى بۇنىڭغا.
شۇندىن بېرى
سەن ئاتايسەن ياغلىق قاپاق دەپ،
مەن ئاتايمەن ياغلىق قاپاق دەپ،
كۈندە ياغ بوپ تۇرسىمۇ قازان
ياغلىق قازان دېمىدۇق ئەجەب؟
بىلمىدىم
يا ئەقلىمىز بولدى بىزنىڭ كور،
يا ئويۇتاي دېمىدى ئازراق
ياغلىق قاپاق دېگەن ئاشۇ بىچارە
زاكىسىدىن پېشانىسى شور.

## قىز كۈلكىسى

ئۇ باھارنىڭ يىللىق ئاپتىپى،
يازنىڭ مەيىن شامىلىدۇر ھەم.
ئۇ سەھەرنىڭ يارقىن نۇرلىرى،
دولقۇنلاردا پارلىغان كۆركەم.

ئۇ چۆللەردە شىلدىرلىغان سۇ،
داللارنى سۆيگەن تۇنجى قار.
كىچىككىنە يۇرىكىدۇر ئۇ،
باللارنىڭ رايىش، بىغۇبار.

ئۇ قۇشلارنىڭ ساددا كۈيلىرى،
كىيىكلەرنىڭ شەھلا كۆزى ھەم.

ئۇ تاغلارنىڭ سولماس گۈللىرى،
قىيالارغا يېپىشقان مەھكەم.

ئۇ باغلارغا يېپىلغان تۇمان،
قىممىتىنى يوقاتماس سەنئەت.
ئۇ ئەبەدلىك تىرىلگەن ئارمان،
بىزگە سىلىپ پۈتمەس شېرىن دەرت.

## ئىشەنچ ھەققىدە

دەپ يۈرۈپسەن:
ئۇنى دىلىمدىن
سۆيىمەنۇ، ئىشەنمەيمەن ياق!
ھەي ساددا قىز،
ماڭا دىل بەرگەن
مۇھەببەتكە ئىشەنگىن شۇنداق.
ئىشەنگەندەك زېمىنغا تاغلار،
ئىشەنگەندەك باھارغا باغلار.
ئىشەنگەندەك قىرغاقلارغا شىلدىرلىغان سۇ
چىرالارغا شەھلا كۆز ئاھۇ...

## ئەسلەش

مەن بىر كىتاب
بەتلىرىگە يېزىلغان يوللار،
بار ئۇندا قۇشقاچلارنىڭ توزۇغان پەرى
توپىلىق يول
كىچىككىنە كۆل.
بار گۈللەرنىڭ نازۇك جىلۋىسى
توغراقلىرى قۇرۇپ كەتكەن چۆل.
باردۇر يەنە

www.uyghurkitap.com

ئاق كىچىنىڭ ئاپئاق يۈزىگە
سىڭىپ كەتكەن خورسىنىش، ئارمان.
مۇھەببەتنىڭ قىزارغان كۆزى،
تەنتەنىسىنىڭ قەسەملەر يالغان.
باردۇر شىمال ئاسمىنىدىكى
بىر يۇلتۇزنىڭ نۇرلىرى كۆركەم.
بار بۇككىدە گۈللىگەن ۋادا
تېرىلمىغان ئىپتىزلارمۇ ھەم.
ياقۇت رەڭلىك شەپەق بار ئۇندا
ۋە چوققىغا سانچىلغان بايراق.
بار ھېچنېمە يېزىلمىغان بەت،
يىلقىلىرى توزۇغان يايلاق.

### شائىر يۈرىكى

1

ئۇ دالىنىڭ قىزىل تورغىيى،
كىشنەپ تۇرغان ئالتۇن تايدۇر ھەم.
ئۇ توپارەڭ شاراب چىنىسى،
گىرۋىكىگە ئۇيۇپ كەتكەن غەم.

2

ئۇ بۇلبۇلدۇر باھار دەردىدە،
سايراپ چىققان تۈن بويى ھارماي.
ئۇ سەھەرنىڭ يارقىن جىلۋىسى،
زەڭگەر كۆكنى قۇچقان ھىلال ئاي.

3

ئۇ كۈيلىرى ئۇچۇن ھاياتنىڭ،
مەھكەم تارتىپ قويۇلغان زىل تار.
ئۇ تىنىقى ئۇچۇن يالپۇزنىڭ،
قىر تۈۋىگە كۆمۈلگەن ئىسپار.

4

ئۇ باھاردا يېرىلغان كۆك مۇز،
يەرگە تېمىپ چۈشكەن ئاچچىق تەر.
ئۇ دۇنيانىڭ ئارامى ئۇچۇن،
قاناتلىرى توزۇغان كەپتەر.

5

ئۇ جۇلالىق ياقۇت پارچىسى،
نېپىسىپ ئەمەس ھېچكىمگە بىراق.
ئۇ ئاچا يول تاختايلىرىدا،
پارلاپ تۇرغان مەغرۇر جۇپ سوراق.

ئابدۇرېھىم ئابدۇللا

# قىران سۆيگۈلەر

### ... ئاي - جانان

يار جىلمىيىپ قايرىلسا قىيا،
چاچلىرىدىن توزۇيتتى قوندۇز.
كۈلكىسىدىن تۈن باغرى زىيا،
كۆزلىرىدىن يورۇيتتى يۇلتۇز.

قىياسىمدا كۆرەتتىم ئۇنى،
ئەقىدە بۇ، ئەمەس ياتسىراش.
خىياللىمدا سۆيەتتىم ئۇنى،
تومۇرۇمدا ئايلىنىپ قۇياش.

قارالأيتتىم چېھرىگە قانداق
نىگاھلىرىم ئېغىپ، ئاداشماي؟
يېنىپ تۇرسا بەرقىدىن چاقماق،
جىلۋىسىدىن كۆزۈم قاماشماي.

دادىللىقنى كۈتتۈم ئۈمىدتە،
ئىشق سېھرى بەرمىدى ئىمكان.
لەرزى قىلار سۆيگۈ سۈكۈتتە،
ۋىسالدىنمۇ لەزىزكەن ھىجران.

قاي كۈنىكىن، قايسى شۇم سائەت؟
ئېزىلتقۇنىڭ چۈشتۈق دامىغا.
پايمال بولدى مۇقەددەس تاقەت،
داغ چۈشۈردۇق سۆيگۈ شانىغا.

لەۋلىرىمىز چوغدەك تېگىشىپ،
ياندى بىر ئوت دىلدا، بېغىشتا.
كېتىشمىسەك دەرھال قېچىشىپ،
كۆل بولاتتۇق ئاشۇ يېنىشتا.

جانان بەكرەك قېچىپتۇ يىراق،
كېچىلەردە ئاسماندا زاھىر.
جانغا پاتتى جۇدالىق بىراق،
سۆيگۈ دېگەن شۇكەنغۇ ئاخىر...

## قارا ۋە قىزىل

قارا دېگەن زۇلمەتكە تەققاس،
لېكىن كۆزۈك قىلدى مەھلىيا.
ئاشىقلىقنىڭ ئۆزى مەھكۇملۇق،
زۇلۇم كۆرسەم كۆرەي مەيلىيا!
دەردلىرىڭمۇ ھۇزۇركەن شۇنچە،
پەرىمۇسەن، ياكى ئەۋلىيا؟

كۆزلىرىڭنىڭ نۇرى ئالدىدا،
يالغۇز قۇياش قالدى مۇڭلىنىپ.
يورۇتاركەن ئەسلى ئالەمنى،
ئىككى قارا قۇياش نۇرلىنىپ.
تون بولاركەن ئەمدى پەملىسەم،
ئۇخلىساڭ گەر كۆزۈك يۇمۇلۇپ.

*   *

كۆز ئالدىمدا يالقۇنسەن ئۆزۈك،
(يالقۇن دېگەن قىپقىزىل نەرسە.)
ئوت كەتكەننى كۆرگەن مەن تالاي،
قاچار مەخلۇق ئاڭا دۇچ كەلسە.
سەمەندەردەك كىرەي ئوتۇڭغا،
يايىرىۋال دەپ جەننەتنى بەرسە.

قىزىل رەڭدىن تىترەپ تەنلىرىم،
قورقۇتاتتى قاننىڭ جىلۋىسى.
قان رەڭگىدە ياناغان لەۋلىرىڭ،
بولدى توۋا! سۆيگۈم قىبلىسى.

قورققانلىرىم سەندە يېقىملىق،
جازامۇ بۇ، تەقدىر ھىيلىسى؟

## قۇلمۇمەن سۇلتان؟...

مەن سېنى يار دېسەم كۆيىدۇ يۈزۈم،
ياق، دېسەم يۈرەكتە ئىشق زوراۋان.
قۇل قىلىپ ئېلىشقا كېلەمسەن ئۆزۈك؟
سېنىڭسىز ياشاشتىن قۇللۇق پاراۋان.

بۇ سۆزدىن خار كۆرمە مېنى پەرىشتەم،
يارالمىش، كەلمىشىم بىر غەيۇر بەندە.
چاقنايدۇ غۇرۇردىن ھەربىر ھۇجەيرەم،
نە ئىلاج؟ بوپقالدىم ساڭا پەيۋەندە.

بۇ سۆزدىن خار كۆرمە مېنى پەرىشتەم،
ئاشىقلىق زىنىتى شۇنداق بەدەلدە.
ئەجەلگە تىك بېقىپ شائىرچە كۈلسەم،
يېزىلدى چاقماقتىن ئاسمانغا ھەلدە.

ئەزرائىل ھەيۋەمدىن قاچقاندا بەدەر،
ياندىشىپ ماڭغانتۇق قول سېپ بويىنغا.
قاچارمەن ئەيمىنىپ ئۇپۇققا قەدەر،
كىر! دېسە سەن سۇپەت جانان قويىنغا.

بىر ساڭا قۇل بولۇش ئامەتتۇر ماڭا،
ئېسىڭدىن چىقماس، ھە، پات ـ پات
دەررىلەش.
چاچرىغان قېنىمدىن گۈل تۇتاي ساڭا،
تەڭ كېلەر دەررەڭگە قايسى پەپىلەش؟

خىيالەن مىڭ كۆزدە كۆرەرمەن سېنى،
پۇتۇڭنىڭ ئۇچىغا قاراپ پۈكۈلۈپ،
«لەببەي» دەپ يېقىنلاپ پۈرارمەن سېنى،
ۋە شۇندا كېتەرمەن ئېرىپ، تۆكۈلۈپ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇھەممەت روزى

# شېئىرلار

## غايە دېگەن چېچەكلەيدۇ يۈرەكتە

تورغايلارغا دىل خانەمنى ئۇتتۇرغان،
شاراق - شاراق ئاياغ ئىزى سىلكىنسە.
سامان يولى ئېلىپ قاچقان چۈشۈمنى،
يېشىل گۈلگە سۇنغان كۆلكە تۆكۈلسە.

يوقىلىشنىڭ يوقاتقۇچى ئانىسى
تەۋرىنىدۇ تىقىلغانچە كۆزۈمگە.
كۆلۈپ ئۆتەر مۇھەببەتتىن بەك يىراق،
ئېھ، ئەزەلدىن قىستالغۇچى كۆزۈمگە.

مىڭ خىل رەڭدە تېڭىرقسام بەربىر
يۈرىكىمنى كۆچمەن قۇشلار باغلاپ قوي.
تىلسىز تۈنلەر تاماملىغىن ناخشاڭنى،
ساڭا مۆككەن چۈشلىرىمنى ساقلاپ قوي.

بۇ ئەزەلدىن تۈگىمىگەن رىۋايەت،
ئالتۇن ياپراق، ئۇماق ياپراق ئاسمىنى.
يىغلىتىدۇ شاماللارنى شىلدىرلاپ،
مۈزىكىنىڭ ئورماندىكى دولقۇنى.

كۆرۈنمىسەڭ بوسۇغامدا خۇشالمەن،
سېنى قوغلاپ مەۋجۇتقۇ مەن ئەسلىدە.
قويۇپ بەرگىن تىلسىز بولاي مەيلىمنى،
غايە دېگەن چېچەكلەيدۇ يۈرەكتە.

## يەككە ئۈنچىلەر

1

تېڭىرقىغان پەلسەپىلەر قۇببىسى،
ئىلاھلارنىڭ نەزەرىدىن ھالقىدى.
ئەلەملەرنىڭ شىركەيپىلىك مەيىنى،
مەۋجۇداتنىڭ ئىچمىگىنى قالمىدى.
يۈرەكلەردىن تۆكۈلىدۇ مارجانلار.

2

قەلەندەرنىڭ تىلەشلىرى تۈگەمدۇ،
باشلىرىغا مال - دۇنيانى تۆكسەڭمۇ.
كۆنۈپ قالغان كۆڭۈل قانداق يانىدۇ،
ھەمراھ ساڭا ئۇ دۇنيادا، ئۆلسەڭمۇ.

## تۇمانلىق شەھەردە بوزارغان قۇياش

شۇئىرغان لېۋىدىن تۆكۈپ قىراۋنى،
بۇ شەھەر بوپقالدى ئاق چاچلىق موماي،
كۆندۈرگەن كەپتەرلەر يۇلقۇنسا كۆككە،
ناخشىلار تامچىيدۇ تىلىدىن تالاي.

كىرپىككە ئارام يوق قىراۋ گۈلىدىن،
توپا رەڭ بۇلۇتلار ئاسمانغا خانىش.
ئاھ، كوچا ئاپتوبۇسى قىزىل چىراغقا —
قىراۋنىڭ دەردىدىن قىلار نامايىش...!

تۇماننىڭ ئاستىدا تېپىلغان قەدەم،
ئۇيياقتىن بۇياققا يۈرەر ئالدىراش.
ئەسلىدە كېزىك بوپ تارتىپتۇ ئاغرىق،
تۇمانلىق شەھەردە بوزارغان قۇياش.

## يالپۇز

سۈزۈك ئېرىق بويىدا يالپۇز،
چۈش كۆرىدۇ دېڭىز چۈشىنى.
قەددىنى سېپ بوشلۇقلار ئارا،
تۇرار تەڭشەپ ئالەم ئىشىنى.

سۈزۈك بۇلاق بويىدا يالپۇز،
ياپرىقىدا شەبنەملەر زىلال.
بىر تال شەبنەم سىرغىسا، توپان —
بۇ ئالەمنى قىلىدۇ مالال.

سۈزۈك ئېرىق بويىدا يالپۇز،
شامال بىلەن سۆيۈشەر تۈندە.
شامال تۆكسە بىر تال بەرگىنى،
قىلىپ قويار ھاۋانى دەپنە.

سۈزۈك بۇلاق بويىدا يالپۇز،
( يۈيۈنماقتا دېڭىزدا سەنەم)
ئۇ يارالغان بولسا گەر يالغۇز،
يارالمىغان بولاتتى ئالەم.

## ئاخشامقى چۈش، ئاخشامقى خىيال

ئاخشامقى چۈش، ئاخشامقى خىيال،
كونىدۇر ئۇ، كونا شۇ قەدەر.
ئاخشام ساڭا بەرگەن بولسا بال،
بەلكى بۈگۈن تەكلەيدۇ زەھەر.

ئاخشامقى چۈش، ئاخشامقى خىيال،
كەتتى ئۆتۈپ قايتمىقى بەك تەس.
قايرىلسەن ئارقاڭغا قىيماي،
قالغانتى ھە، ئۇندا ئالتۇن كەش.

ئاخشامقى چۈش، ئاخشامقى خىيال،
كەتتى ئۇزاپ پاتقاندەك قۇياش.
قايتماق بولساڭ راستتىنلا ئۇ ھال،
مۇمكىندۇر بەلكى
كىچىكلىسەڭ ئاۋۋىلى بىر ياش!

## ئىز

شېغىللىق ساي يولىنىڭ بويىدا،
بىر غېرىب ئۆي قاپتۇ مۆكۈلىنىپ.
شامال يالاپ ئۆتكەن تاملاردىن
چاڭ - توزانلار تۇرىدۇ ئۈچۈپ.

قاراپ قالدىم ئاڭا بىر مەھەل،
ھەر بېقىشتا بىر سىرلىق سوئال.
جاۋاب بولۇپ تۈيۈلار بەزەن
ئىشىك ئالدى يېپىلغان پاخال.

بەزەن ئۇندىن كېلىدۇ سىرلىق،
بىر تارىخنىڭ مىسكىن قىسسىسى.
بەزەن يەنە سۆزلەيدۇ بىر سىر
ۋە ھەم توپا باسقان چەللىسى.

شامال ئۇرۇپ تۇرىدۇ غۇر - غۇر،
تاغ تەرەپتىن سوغ ۋە ئىزغىرىن.
ئاھ، خىياللار ئىزدەيدۇ جاۋاب،
تۈيغۇلاردىن چېقىلسا چېقىن.

سىرلىق ئالەم، ئاھ، سىرلىق زېمىن،
سادايىڭنى تاراتماسەن تېز؟!
كەلدى بىر ئۈن ئۇپۇق تەرەپتىن،
بۇمۇ چۆلگە تاشلانغان بىر ئىز.





ئارسلان

# ئۇپۇقتىكى سۈرەتلەر

(پوۋېست)*

## سەككىزىنچى باب

كۆز ئالدىمىزدا يېشىل بوستانلىق قۇچاق يېيىپ جىلۋە قىلاتتى. قىڭغىر-سىڭغىر پاكار ئۆيلەر قاتارلىرى شەكىللەندۈرگەن مەھەللىلەر بۈك-باراقسان باغلارنىڭ ئەتىر سېپىلگەن رەڭدار روماللىرى ئارىسىدىن مارىلايتتى. مەھەللە ئۆپچۆرىسىنى قورشىغان بولۇق زىرائەتلەر دېڭىزدەك چايقىلاتتى. سول تەرەپتە دىماغنى يارغىدەك جىگدە پۇراقلىرىنى تارقىتىپ، سېپىلدەك ئۇزاقلارغا سوزۇلغان توقايلىق تۇراتتى. بىز مە- ھەللىگە ئۇدۇل كىرىشتىن ئېھتىيات قىلىپ، توقايلىققا قاراپ يول تۇتتۇق. جىگدە ۋە سۆگەت شاخلىرى چىرمىشىپ كەتكەن توقايلىقنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا بىر-بىرى بىلەن بەسلىشىپ يۈگۈرۈشۈۋاتقاندەك ئۈچ ئۆستەڭ سۇ شارقىراپ ئاقاتتى. ئەپلىكرەك جاينى تاللاپ ئۆستەڭلەردىن ئاتلاپ ئۆتتۇق. ئۆستەڭلەرنىڭ ئۇ قېتى چەكسىز دالا ئىدى. سۇنى ياقىلاپ يۇقىرىغا ئازراق مېڭىۋىدۇق، ئۆستەڭ بويىدىكى قېلىن دەرەخلەر ئارى- سىدىن بىر قورۇ-جاي ئۆزىنى كۆرسەتتى. يېقىنلاپ بېرىپ، يوغان سۆگەت سايىسىگە باغلاقلىق تۇرغان تەڭگە چىپار ئاتنى كۆردۇق. دەرۋازا غىچىرلاپ ئېچىلدى. قورۇ ئىچىدىن دۇبۇلغا ۋە ساۋۇت كىيگەن قاۋۇل، چەبدەس بىر يىگىت بىلەن ئۇنىڭغا يۆلىنىپ ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر ئايال كىشى چىقىپ كەلدى. بىز دەرەخلەر ئارىسىدىلا قەدەملىرىمىزنى توختاتتۇق. شاخ-يوپۇرماقلارنىڭ دالدىسىدا بولغانلىقىمىزدىن ئۇلار بىزنى بايقىمىدى. ئايال رومىلىنىڭ ئۇچىدا كۆزلىرىنى سۈرتتى. يىگىت ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى:

---

* بېشى ئۆتكەن ساندا.

— بولدى يىغلىمىغىنا ئانا، نېمىشقا كۆز يېشى قىلىسەن، مەن قوشخانىغا ماڭغان قوي ئەمەسقۇ، ئەل - يۇرتنى قوغداشقا كېتىۋاتىمەن. يالغۇز ئەمەسمەن، يېنىمدا پۈتۈن بىر قوشۇن، قاغان ئۆزى تاللانغان ياشلاردىن تەشكىللىگەن تۆت مىڭ كىشىلىك ئالاھىدە قوشۇن بارغۇ. يولبارستەك دوستلىرىم، سەپداشلىرىم بار. بىزنىڭ يېڭىشىمىزگە ئىشەنچىم كامىل.

— تەڭرى سىلەرنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، دۈشمەننىڭ يۈزى قارا بولغاي، — دېدى ئانا يىغلامسىرىغان ھالدا، — ئانا يەر ئىلاھى ئوماي سىلەرگە مەدەت بەرسۇن.

يىگىت ئېتىنى باغلاقتىن يەشتى. ئات شاش بولۇپ، ئېغىزدۇرۇقى بىلەن تىز-گىنىنى چايناپ تۇراتتى. ئالدى ئوڭ پۇتىدا تاقەتسىزلىك بىلەن يەرنى تاتىلاپ-تاتىلاپ قوياتتى. يىگىت ئاتنىڭ يايلىنى تاراپ، يۈز - كۆزلىرىنى سىيلىدى، ئانا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بوپتۇ، بارغىن بالام، ئوغۇل بالا جەڭگە تۇغۇلارمىش. ئانا يەرنى ئوت ئىچىدە قالدۇرماڭلار! — ئانا قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ، ئوغلىغا ئاق يول تىلىدى.

— ئامانمۇ سىلەر قوتاتقۇلار، — دېدىم مەن دەرەخ شاخلىرىنى ئىككى ياققا قايرىپ چىقىۋېتىپ، ئىلاج بار كونا ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنى گېپىمگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە تىرىشىپ.

— ياخشىمۇ سىلەر، تېنىڭلار ساق، كۆڭۈڭلار ئوبدانمۇ؟ — دېدى يىگىت بىزگە بۇرۇلۇپ قاراپ، — يىراقتىن كېلىۋاتقان ئوخشىماسىلەر، لەشكەر بولغىلى ماڭغان بولساڭلار نېمىشقا قوراللىڭلار يوق؟ نېمە ئادەم سىلەر؟

— بىز سوغدىيانا دۆلىتىدىن ئىدۇق، بۆلتۈر ئالىكساندىر بىزنىڭ ئېلىمىزنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، پېرسىيىگە يۆتكىلىپ سودىگەرلىك قىلىپ جان باقتۇق، — دېدىم مەن. قىيا ئادەم گېپىمنى بۆلدى:

— سودا - سېتىق ئىشلىرى بىلەن سىلەر تەرەپكە كېلىۋاتاتتۇق، مال - مۈلكىمىزنى بۇ يەردىن يىراقتىكى بىر چۆلدە قاراقچىلار بۇلاپ كەتتى. يىلىڭ - يالىڭاچ قالغىلى تاماس قالدۇق.

ئانىنىڭ كۆزلىرىدە دەرھال ئېچىنىش ئەكس ئەتتى. يىگىت بېشىمىزدىن ئايىغىمىزغىچە بىر قۇر سەپ سېلىپ چىققاندىن كېيىن دېدى:

— ئەسلىدە سارايغا بارساڭلارمۇ ھالىڭلارغا يېتەر ئىكەندۇق. بىراق، بۈگۈن بولمايدۇ. ئۇيغۇر ئېلىگە ياۋ باستۇرۇپ كېلىپ قاپتۇ، قاغان ئەلگە ئۇرۇشقا تەييارلىنىش بۇيرۇقى چۈشۈردى.

— ۋاي باللىرىم، بېشىمىزغا بالا ياغاي دەۋاتىدۇ، — دېدى ئانا پەرىشانلىق بىلەن، — كۈنپېتىش تەرەپتىن زېمىنىنى قارا قۇمدەك قاپلاپ سان-ساناقسىز ياۋ لەشكىرى بېسىپ كېلىۋاتقۇدەك. ئۇلارنىڭ ئالدى ھازىر بىزنىڭ چەت چېگرىدىكى كۆزەتچىلىرىمىزنى، قېرىنداشلىرىمىزنى قىرغىن قىلىۋېتىپتۇ.

— نەدىن كەلگەن ئەجۈز - مەجۈزلەر ئىكەن ئۇ؟ — سورىدى قىيا ئادەم.

www.uyghurkitap.com

ــ سىلەرنىڭ ئېلىڭلارغا ھۇجۇم قىلغان ھېلىقى بالاخور ئالېكساندىر بولامدۇ، ئۇ يۇنان ئېلىنىڭ قاغانى ئىمەش.

ــ ھە، ئۇنى ئالېكساندىر ماكېدونسكى، دېيىشىدۇ، ــ دېدىم مەن، ــ ئۇ تەلۋە سەركەردە.

ــ سىلەر ئۇنى خېلى بىلىدىغان ئوخشىمامسىلەر؟ ــ دېدى يىگىت گۇمان نەزەرىدە قاراپ.

ــ بىز ئۇنىڭ توغرىسىدا مۇھىم لەشكىرىي خەۋەر ئېلىپ كەلدۇق. خاقان بىلەن كۆرۈشسەك بولاتتى.

ــ بۇ مۇمكىن ئەمەس، ئۇنىڭدىن كىچىكرەكى بىلەن كۆرۈشۈشىنىڭ ئامالىنى قىلغىلى بولسىمۇ چوڭ ئىش، بوپتۇ، ياخشى ئادەملەردەك تۇرىسىلەر، بىزنىڭ سەنگۇننىڭ ئالدىغا باشلاپ باراي، ــ دېدى يىگىت، ــ قېنى، تونۇشۇپ قالايلى، مېنىڭ ئېتىم بۇلغاق.

ــ سىزگە مالاللىق يەتكۈزىدىغان بولدۇق، ــ دېدىم مەنمۇ ئىسمىلىرىمىزنى ئېيتىپ بولۇپ.

ــ ھېچگەپ يوق، ئاۋۇ كۆرۈنگەن دۆڭدىن ئەگىپ ئۆتسەڭلار بىر يول بار، شۇ يولدىن ماڭغاچ تۇرۇڭلار. مەنمۇ كۆپ ھايالىشماي كەينىڭلاردىن يېتىمەن.

ئانىنىڭ زۇمرەت كۆزلىرىدە لىغىرلاپ تۇرغان ياشنى كۆرۈپ، كۆڭلۈم بىر قىسمىلا بولدى. جانجىگەر ئوغلى ــ كۆز گۆھىرىنى جەڭگە ئۇزىتىۋاتقان ئانىنىڭ قەلبىدە شۇ تاپتا قانداق يالقۇنلار گۆرۈلدەۋاتقانلىقى چاقماق تېزلىكىدە خىيالىمدىن كەچتى. بىز ھاياتنىڭ ئەجەل خەۋپىگە دۇچ كېلىپ تۇرغان كىرىۋىكىدە ۋىدالىشىۋاتقان ئانا ــ بالىنى ئايرىلىش پەيتىنىڭ ئازاب ۋە بەختلىرىدە قالدۇرۇپ، كۆرسىتىلگەن دۆڭ تەرەپكە جۈنەپ كەتتۇق. ئۇلار ئەبەدىي ئۇنتۇلماس ئەسلىمىلەردىن ۋاقىت ۋاراقلىرىغا سۈرەتلەر چۈشۈرۈپ، ئۇ سۈرەتلەرنى كۆڭۈل ئۆيلىرىگە ئاسماقتا ئىدى.

بۇ يول يىلان ئىزىدەك ئەگرى ــ بۈگرى ئىكەن. بىز تېخى ئەمدىلا بىر ــ ئىككى دۆڭدىن ئەگىپ ئۆتتۈۋىدۇق، دەرۋەقە، ھايال بولمايلا ئارقىمىزدىن ئاتنىڭ دۈپۈر ــ دۈپۈرى ئاڭلاندى. بۇلغاقنىڭ بويىننى ئاق قۇدەك ئېگىپ، گىدىيىۋالغان ئېتى يېنىمىزدا شامالدەك چاپسان يېتىپ كەلدى.

ــ سىلەرنى ساقلىتىۋەتتىمغۇ دەيمەن ــ ھە، مانا، مانا، يەنە ئازراق ماڭساقلا بىزنىڭ قوشۇن ئۆتىدىغان يولغا چىقىمىز. مەن ئۇلارنى شۇ جايدىكى تاش ئادەم بار قاپتالدا ساقلىماقچى ئىدىم.

بىز بىللە قاتارلىشىپ ماڭدۇق. تىزگىننىنى قاتتىق تارتىپ كېتىۋاتقىنىغا قارىماستىن، ئۇنىڭ ئېتى ھەدەپ چاپچىپ ئالغا ئىنتىلەتتى. بىز يورغىلاپ دېگۈدەك پىيادە مېڭىپ ئۇنىڭغا ئاران ــ ئاران يېتىشىپ باراتتۇق. سۈرئەتنى ئاستىلىتىش ئۈچۈن يىگىتنى كەپكە تۇتۇپ ماڭماقچى بولۇپ، مەن گەپ تەشتىم:

ــ ياۋ ئەھۋالىدىن خېلى خەۋىرىڭلار باردەك قىلىدۇ، قۇلىقىڭلار ئۇزۇن ئىكەن ــ دە.

— ئۇزۇن قۇلاقلار بار، چارلىغۇچىلىرىمىزمۇ ياخشى ئىشلەيدۇ. ئۇلار قوشۇنىنىڭ سەزگۈر كۆز - قۇلاقلىرىدۇر. بۇ يونان قارا نىيەتچىلىرى ئەسلىدە قىستالار ئىمىش. ئۇلار كۆك تەگرىسى ئوت، ھاۋانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغاي، — دېدى بۇلغاق ئىسكەردە سىڭاريان ئولتۇرۇپ بىزگە قاراپ، — بۇ ئالېكساندىر دېگەننى كۆرگەنمىدىڭلار.

— كۆرمىگەن، ئاڭلىغىنىمىز بار، — دېدىم مەن كېپىمنى سوزۇپ، — ئۇ ياش جاھانگىر.

— ياش بولغىنى بىلەن ناھايىتى پەلە نەرسە ئىمىش، — دېدى بۇلغاق، — مېنىڭ تاغام سوغدىلار بىلەن بىللە يۇنانغا قاتناپ سودا - سېتىق قىلاتتى. ئۇلار شۇ ئالېكساندىرنىڭ قوشۇنىغا ئەگىشىپ مىسىرغىچە بېرىپ سودا قىپتۇ. ئۇنىڭدىن كەلگەن خەتتە ئېيتىلىشىچە، مىسىرلىقلار ئالېكساندىرنى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن دەيمىش. بىزنىڭ بۇياقتىكى سودىگەرلەر، بەزى ئادەملەرمۇ ئۇنى شۇنداق ئاتىشىپ يۈرىدۇ. ئۇ يېڭىلمەس سەنگۇنمىش.

— زۇلقەرنەيىن دېگىنى ئۈيغۇرچە قوشمۈڭگۈزلۈك، دېگەن سۆز، — دېدىم مەن ئىزاھ بېرىپ، — بۇ ماكىدونىيىلىك ئالېكساندىرنىڭ ساۋۇتىغا قوش مۈڭگۈز سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. دەرۋەقە ئۇ ياش بولغىنى بىلەن بايلىقى ۋە قورالى ئۆزىنىڭكىدىن كۆپ ئۈستۈن دۈشمەنلىرىنى بىر - بىرلەپ يېڭىۋالدى، جاھىللىق قىلغانلىرىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزدى.

— يۇنانلىقلارنى كۆرگەنمۇسىز؟ — قىيا ئادەم بۇلغاقتىن سورىدى.

— كۆرمەيچۇ، بىز كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقىچە بولغان نۇرغۇن ئەللەرنىڭ، تائىپە، ئۇلۇسلارنىڭ ئادەملىرىنى ئۇچراتقان. يۇنانلىقلار، ھىندى، پېرسىيە، مىسىرلىقلارمۇ پات - پات شەھەر - سەھرالىرىمىزغا سودا - سېتىق، سەيلە - تاماشىلارغا كېلىپ تۇرۇشىدۇ. سوغدىيانلارغۇ بىزنىڭ ئېلىمىزدىمۇ كۆپ، ئۇلار بىلەن بىز بىر قەۋمنىڭ ئادەملىرىدەك ئۆتىمىز. بىزنىڭ ئادەملەرمۇ بۇياقتىن ئۇياققا كارۋان تارتىپ يىپەك ئاپىرىپ ساتىدۇ. مەنمۇ قامان - باخشىلىرىمىزدا ئاز - تولا ئوقۇغان، بىراق، يات ئەللەرنىڭ تىللىرىنى تۈزۈك بىلمىگەچكە، ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ سىردىشىپ باقمىغان. سىلەر ئالېكساندىرنىڭ يۇرتىغا بارغانمۇ؟ ئاۋۇ قىز شۇلاردىنمۇ نېمە؟

— ئالېكساندىرنى ئالېكساندىر ماكىدونىسكى، يەنى ماكىدونىيىلىك ئالېكساندىر، دەپ ئاتايدۇ، يىراق كۈنپېتىشتا بالقان يېرىم ئارىلى دېگەن جاي بار، شۇ ئارالنىڭ ئوتتۇرا جەنۇبىي قىسمى ماسېدونىيە، ماكىدونىيە دېيىلەتتى. بۇ جاي ھازىر ماكىدونىيە خانلىقىنىڭ مەركىزىي قىسمى. ئۇ يەرلەردىكى ئاگېئان مەدەنىيىتى بۇنىڭدىن ئىلگىركى ئىككى مىڭ يىلدىن ئۈچ مىڭ يىلغىچە بولغان دەۋردە تازا گۈللەنگەنىدى. ئۇ يەرلىكلەر مىس ئويما، تاش ئويما - ئابىدىلەرنى بىرلىكتە قوللىناتتى. بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىل ئىلگىرى ئۇ يەرلەردە مىس قوراللار تازا راۋاج تېپىش باسقۇچىغا كىرگەن. ئۇ مەدەنىيەت يۇنان زامانى ۋە يونان تارىخىنىڭ تاڭ سەھەر دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىدىكى قەدىمىي مەدەنىيەتنىڭ بىر قىسمى

ئىدى. ئۇ يەرلىكلەر مىسىرلىقلار بىلەن قويۇق ـ باردى كەلدى قىلاتتى. چۈشەندىڭىزمۇ؟!

ـ ئەيىبكە بۇيرۇماڭ، راستىنى ئېيتسام تازا چۈشىنەلمىدىم، ـ دېدى بۇلغاق خىجالەت بولۇپراق.

ـ بۇلارنىڭ گېپىنى سىز تۇرماق مەنمۇ تازا چۈشىنىپ كېتەلمەيمەن، ھەيران قالغۇچىلىكى يوق، ـ دېدى قىيا ئادەم.

ـ يۇنان قىزلىرى كۆپىرەك قارا كۆز كېلىدۇ، ـ دېدىم مەن، ـ بۇ قىز باشقا دۆلەتتىن، ئىراق، ماكىدۇنىيىدە ئىشلىگەن.

ـ ئالىكساندىرنى كۆرگەنمەن، ـ دېدى لوئىزا ۋە ئۇنى ھازىرقى زاماندىكى سۈرىتى قالدۇرغان تەسىرات بويىچە بولسا كېرەك، خېلى تەپسىلىي تەسۋىرلەپ بېرىشكە باشلىدى، ـ ئالىكساندىرنىڭ بۇدۇر چاچلىرى گەدىنىگە چۈشۈپ تۇرىدۇ، قاش ـ كۆزلىرى يوغان، بۇرنى قاڭشارلىق بولۇپ، ئۆزى كېلىشكەن، تەمبەل ئادەم.

مەن لوئىزانىڭ سۆزلىرىنى بولغاققا تەرجىمە قىلىپ بولغىچە يول بىزنى چۆل بىلەن تاغ تۇتىشىدىغان جايغا ئېلىپ كەلدى. ئالدىمىزدىكى قاپتالنىڭ ئېگىز جايىدا ھەقىقەتەنمۇ بىر تاش ئادەم قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ كۆرمەس كۆزلىرىنى خاپىلىق بىلەن يىراقلارغا تىككەن بولۇپ، تارىخنىڭ توختىماس ئېقىنلىرىنىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقلىرى ھەققىدە خىيالغا پاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنى كىم، قاچان، نېمىنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن بۇ يەرگە تىكلەپ كەتكەنلىكىنى مۇشۇ يەرنىڭ تارىخىنىڭ ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى. بۇلغاق توختاپ ئاتتىن چۈشتى. بۇ يەردىن چۆللۈكنىڭ يىراق چەتلىرىگىچە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

بىر تاماكا چېكىم ۋاقىت ئۆتتى. ئۇشتۇمتۇت ئايغىمىز ئاستىدا دېگۈدەكلا يەردىن ئۇنىڭەندەك بىرنەچچە لەشكەر پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ قانداق قىلىپ بىزنى قورشاپ كەلگەنلىكىنى سەزمەيلا قاپتۇق. ئۇلار قوشۇننىڭ ئالدىن يۈرەر چارلىغۇچىلىرىدىن ئوخشايدۇ. بۇلغاق ئۇلار بىلەن ئۇزاق ئايرىلغان قەدىناس دوستلاردەك قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، بىزنى ئۇلارغا تونۇشتۇردى. ئۇلار «لەشكەر بېشى ساڭا مەشەدە ساقلاپ تۇرۇشنى بۇيرۇغان» دېدى ۋە خوشلىشىپ ئاتلىرىنى دىۋىتىشتى ـ دە، كۆزدىن غايىب بولۇشتى.

ئالاھەزەل يەنە يېرىم سائەتكە يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، داۋان ئۈستىدە ئادەملەرنىڭ قارىسى كۆرۈندى. چىغىر يول ئۇلارنى پەسلىتىپ، چوققىلار دالدىسىغا ئېلىپ كىرىپ كېتىۋاتاتتى.

ـ بىزنىڭكىلەر كېلىۋاتىدۇ، ـ دېدى يىگىت ھاياجان بىلەن.

بىر ئازدىن كېيىن چوققىلار، خادا تاشلار ئارىلاپ قوشۇن ئۆزىنى يەنە كۆرسەتتى. بۇ قېتىم ئۇ بىزگە يېقىنلا جايدىن چىققانىدى. قوشۇنغا مۇھاپىزەتچىلەر يۈزلۈكى يول باشلاپ كېلىۋاتاتتى. بۇ يۈزلۈكنىڭ ئالدىدا يوغان تاۋار بايراق كۆتۈرگەن قامەتلىك بىر يىگىت ئات ئۈستىگە قاتۇرۇپ قويغاندەك سۆلەت بىلەن ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا بىردىن چەۋەنداز كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن

گەۋرلىك، ئۇلۇغۋار قىياپەتلىك لەشكەر بېشى ۋە تونۇگۈن سەپەرگە ئاتلىنىش ۋاقتىدا ئوردىدا قاغان «ئۆكە» دەپ ئۇنىۋان بەرگەن دانىشمەن، ئاندىن سەپ تارتقان رەتلىك قوشۇن تومۇر ساۋۇتلىرىنى يالتىرىتىپ، تولۇق ھەربىي يۈرۈش تەرتىپى بىلەن كېلىۋاتاتتى.

— ئەنە ئاۋۇ يىگىت لەشكەر بېشى باتۇر تىگىن، — دېدى بۇلغاق كۆزلىرىنى سۆلەت بىلەن كېلىۋاتقان 25 ياشلار چامىسىدىكى غەيۇر سەنگۈندىن ئۈزمەي، — سىلەر مەشەدە تۇرۇپ تۇرۇڭلار.

بۇلغاق ئېتىنى دېۋىتتى. بايراقنىڭ ئالدىغا بارغاندا تىزگىنىنى تارتىپ، ھەربىلەرگە خاس چاققانلىق ۋە ئىنتىزام بىلەن ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى. قوشۇن ئۆز جايىدا توختىدى. بۇلغاق سەنگۈنگە سالام بەجا كەلتۈردى. سەنگۈننىڭ بېشىدا ئۇچكە قادالغان يېنىك كۈمۈش دۇبۇلغا، ئۇچىسىدا ئالتۇن يالىتىلغان ساۋۇت، تىزىدا تىزلىق بار ئىدى. چىرايى ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ قالغان بولۇپ، ئەمدىلا خەت تارتقان بۇرۇتلىرى كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. بۇلغاق ئۇنىڭغا بىزنى ئىشارە قىلىپ، بىر مۇنچە مەلۇماتلار بەردى. سەنگۈن ئۇنىڭ پىكرىنى ماقۇللىدى بولغاي، بېشىنى لىڭشىتتى، ئوڭ قولىنى شىلتىپ، ئالمىقانداق كۆرسەتمىلەر بېرىپ بولۇپ ئېتىنى دېۋىتتى. باشتا تورغاۋۇتلار يۈزلۈكى، ئاندىن كېيىن چوڭ قوشۇننىڭ قاتارلىرى قوزغالدى. بۇلغاق كەينىگە چېكىنىپ، ئېتىغا سەكرەپ مىندى. قايتىپ قېشىمىزغا كەلگەندىن كېيىن، بىزنى قوشۇنغا يانداشتۇرۇپ باشلاپ ماڭدى.

ياز قۇياشى زۇمرەت كۆكتىن ھارارەتلىك نۇرىنى چەكسىز گوبى ئۈستىگە ئايىماي چاچاتتى. تاش ـ تۇپراقلىرى قىزىپ كەتكەن چۆل چاڭقاقلىق ئازابىدا ھالىدىن كەتكەندەك سوزۇلۇپ ياتاتتى. قوشۇن شۇ ئالدامچى سەراپلارنىڭ ۋەسۋەسىلىك سېھىرگەرلىكلىرى بىلەن تولغان سۈرلۈك ماكاننىڭ يىراق چېتىگە قاراپ كېتىۋاتاتتى. بىر كۆرۈنۈپ، بىر يوقىلىپ تۇرىدىغان بولىنىڭ ئاخىرىغا كۆز يەتمەيتتى. ئويمانلار دۆڭلەرگە ئېسىلىپ، دۆڭلەر ئويمانلارنى چۆكۈرۈپ، ھەر ئىككىسى قېيدىشىپ ئېگىز ـ پەس بولۇشۇپ، سۆرۈن ھالەتتە تاشلىنىپ ياتاتتى. تۆپىلىكلەردە ئانچە ـ مۇنچە پاكار چاتقال ياكى قاقشال دەرەخلەر ئۇچراپ قالاتتى. توقايلىقلار ئۆزۈك جىلغىلارنى، تار ئېقىنلارنى بويلاپ قارىيىپ كۆرۈنۈپ ئۆتەتتى. قېرى دەرەخنىڭ يىلتىزلىرىدەك چىرمىشىپ ھەرياققا تارقىلىپ كەتكەن سوقماقلار ئۇچراپ تۇراتتى. بۇ سايلار قويۇنلىرىغا پۈتۈن قوشۇننى يوشۇرۇپ، كۆز ئالدىدا ئاشكارا ياتقان دالىنى تىزگىنلەپ، دۈشمەن يولىنى توسۇشقا تولىمۇ ئەپلىك ئىدى.

باتۇر تىگىن قوماندانلىقىدىكى بۇ ياشلار قوشۇنى ئوتلۇق، يۈزلۈك، مىڭلىقلارغا بۆلۈنۈپ رەتلىك كېتىۋاتاتتى. تۈچ بىلەن نەقىشلەنگەن ئېگەر ـ جابدۇقلاردا چاقنىغان كۈن نۇرى كۆزلەرنى قاماشتۇراتتى. بەزىدە، تىمىسقىلاپ يۈرگەن يىرتقۇچلار پەيدا بولۇپ قالاتتى ـ دە، بىردەم سەپسىلىۋېلىپ تۇرۇپ، چۆچۈپ قۇيرۇقىنى خادا قىلاتتى. بەزىدە ئاتلارنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدىن توشقانلار سەكرەپ چىقىپ، قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ

قارىشاتتى ـ دە، ئۇدۇل كەلگەن ياققا قېچىشاتتى. گاھىدا ئۈركۈگەن كىيىكلەر چاتقاللار ئارىسىدىن ئۈچۈپ چىقاتتى. دوقمۇشتىن تۇيۇقسىز چىقىپ قالغان بىر توپ بۆكەن ئادەملەرنى كۆرۈپ، شۇ زامانلا كەينىگە بۇرۇلۇپ قاچتى. ئېدىرلار ئارىسىدىن پەيدا بولغان جەرەنلەر يارلىقلارغا قاراپ ئۈچقاندەك چېپىپ كېتىشتى. تۈزلۈكتە ئوتلىشىۋاتقان تاغىل قۇلانلار توپ بولۇشۇپ دۈپۈرلىشىپ بۇلۇتتەك چاڭ كۆتۈرۈشۈپ، دۆڭلۈكلەر كەينىدە غايىب بولۇشتى.

كۈن ئۆز ئۇۋىسىغا كىرىشكە ئاز قالغاندا، ئالدىن يورەر چارلىغۇچىلاردىن چاپارمەنلەر كېلىپ گوبىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئېگىز تاغنىڭ باغرىدا ئالېكساندىرنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرى قارارگاھ قۇرۇۋاتقانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزدى. چېگرا تەرەپتىن باستۇرۇپ كېلىۋاتقان دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىلگەن بۇ چارلىغۇچىلار قىسمى تۆت يۈز چەبدەس يىگىتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، پۈتكۈل قوشۇننىڭ كۆز ـ قۇلىقى ئىدى. ئۇلار تاغلار بىلەن بوستانلىقلار ۋە تاغلار ئوتتۇرىسىدا كېرىلىپ ياتقان بۇ پايانسىز چۆللۈكتە شەپىسىز، لېكىن ئەستايىدىل ۋە تېز ھەرىكەتلىنىپ چارلاشلار ئېلىپ بېرىشى، يۇنانلىقلارنىڭ ئالدىنقى قوشۇنلىرىنىڭ قەيەردىلىكى، جەڭگىۋار كۈچى، ھەرىكەت پىلانلىرىنىڭ قانداقلىقى، قاراۋۇللىرىنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋاللىرىدىن ئېنىق مەلۇماتلار ئېلىش بىلەن بىللە تىرىك «تىل» تۇتۇپ كېلىشى كېرەك ئىدى.

باتۇر تېگىن تېمۇر ئۆگە بىلەن مەسلىھەتلىشىۋېلىپ، ئېگىزلىكنى ئىگىلەش قارارىغا كەلدى بولغاي، سول تەرەپكە بۇرۇلۇپ بىرمۇنچە ماڭغاندىن كېيىن، ئوچۇق ـ چىلىققا چىقتى. شۇ يەردىكى تاغقا ئېچكىرىلەپرەك كىرگەن بىر چوڭ قاپتالغا يېتىپ بارغاندا، توختاپ بارگاھ قۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۇنىڭ ئالتۇن چېدىرى ۋېلىقلاپ قايناپ تۇرغان سۈزۈك بۇلىقى بار ئېگىز قىيالىقنىڭ ئۈستىگە تىكىلدى. بۇ چېدىرغا ياندىشىپ ياشىغان ئۆگە تېمۇرنىڭ چېدىرى قەد كۆتۈردى. بۇ جايدىن پۈتكۈل دالا، تۈزلۈك، ساي، ئويمان، دۆڭلۈك، ئېدىرلىرى ئەگىم ئوپۇقلىرى بىلەن بىللە بەجايىكى كەڭ يېيىتىلىپ، ئۈستى خىلمۇخىل نېمەتلەرگە تولدۇرۇلغان داستىخاندەك ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. باتۇر تېگىن بولۇچ مىڭبېشىغا ئۆز مىڭلىكىنى ئېلىپ، ئوڭ تەرەپتىكى يار ئاستىغا، قۇلۇچ مىڭبېشىغا ئۆز مىڭلىكىنى باشلاپ سول تەرەپتىكى جىلغا ئىچىگە يوشۇرۇنۇشقا بۇيرۇدى. قالغان قىسىملار تېگىن، ئۆگە ۋە ئۇلارنىڭ تورغاۋۇتلىرىنىڭ مىڭ يۈزلۈكنىڭ چېدىرلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا كۆچمە ئۆيلەرنى دائىرە شەكىللەندۈرۈپ، توپ ـ توپ قىلىپ تىكىشتى. ئىشىك ئالدىلىرىغا قوزۇق قېقىپ، ئاتلىرىنى باغلاشتى. ئېگەر ـ جابدۇقلارنى يەشمىدى. قارارگاھنىڭ ئالدى تەرىپىگە بىر ـ بىرىگە ياندىشتۇرۇپ تىزىلغان ھارۋىلار قاتارىدىن تام ھاسىل قىلىنىپ، بىر بۆلۈك لەشكەرلەر شۇ ھارۋىلارنىڭ ئاستىغا بېكىندى. قارارگاھ ئەتراپىغا ئىككى قاتاردىن قاراۋۇل قويۇلدى. يول، جىلغا ئېغىزلىرى ۋە يارلىقلارغا مەخپىي ساقچىلار مۆكۈنۈپ، گۇمانلىق ھەربىر شەپىنى نازارەت ئاستىغا ئالدى.

لەشكىرى ئورۇنلاشتۇرۇشلار بىرقۇر ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، باتۇر تېگىن بىزنى

ئۆزىنىڭ چېدىرىدا قوبۇل قىلدى. چېدىر ئىچىگە چوغدەك تاۋلىنىپ تۇرغان يەرلىك گىلەم سېلىنغانىدى. تۆردە باتۇر تېگىنگە ياندىشىپ مەسلىھەتچىسى ئۆگە تېمۇر ئولتۇراتتى. ئۇ كەڭ پېشانىلىك، چارساقال، ۋەزمىن ئادەم ئىدى. باياتىن يولدا كېلىۋېتىپ بۇلغاقىنىڭ ئۇنىڭ ھەققىدە ئېيتقانلىرى ئېسىگە چۈشتى. ئۇ بۇ دانىشمەننى «ئەقىللىق، تەجرىبىلىك، كاداڭ ئادەم» دەپ تەرىپلىگەنىدى. باتۇر تېگىن كىچىكىدىنلا ئۇنىڭغا ئىخلاس قويغان ئىكەن. بۇلغاقىنىڭ ئېيتىشىچە، دانىشمەنىنىڭ بۇ دورەمكى يۈرۈشكە قاتنىشىپ قېلىشىمۇ تاسادىپىي بولغان ئىش ئەمەس، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىنىڭ چېگرىسىغا باستۇرۇپ كىرگەنىدە، ئۇيغۇر قاغانى پەرمان چۈشۈرۈپ، ياشلاردىن تەركىب تاپقان مۇشۇ تۈت مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ. مانا شۇ چاغدا قاغانىنىڭ سادىق ۋەزىرى:

— كۆن تەگرىدە ئۇلۇغ بولمىش ئالپ كۆچلۈك بىلگە قاغان، سىز زۇلقەرنەيىنگە قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىغا ياشلارنىلا ئەۋەتتىڭىز، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەجرىبىلىك ياشانغان ئۇرۇش ماھىرلىرىدىن بىرەر ئادەمنىڭ بولۇشى كېرەك ئىدى، — دەيدۇ.

— ئۆگەنىمۇ ؟ — دەيدۇ قاغان دەرھاللا.

— شۇنداق، ئۇلۇغ قاغان.

قاغان قوشۇمىسىنى تۈرۈپ قويۇپ، جەڭ ئوتلىرىدا تاۋلىنىپ پىشىپ، ئاجايىپ غەلىبىلىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان سەركەردە تېمۇرگە قارايدۇ. بۇ قاغان ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان قەدىناس سەركەردىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ياخشى ـ يامان كۈنلەردە قاغان ئۇنى ئۆز يېنىدىن ئېرىچ نېرىغا ئەۋەتمىگەن، خەتەرلىك پەيتلەردە دائىم ئۇنىڭ ئەقىل ۋە جاسارىتىگە تايىنىپ كەلگەن، ھەتتا ئوغلى باتۇر تېگىننى تېخى ئۈسمۈر چاغلىرىدىلا بىرنەچچە يىل كەينىگە سېلىپ يۈرۈپ ھەربىي ئىلىم ئۆگىتىشكە ئۇنىڭغا بەرگەنىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە توسۇپ زەربە بېرىش ئۇرۇشىغا كېتىۋاتقان بۇ بىر بۆلەك ئالدىن يۈرەر ياشلار قوشۇنى قوزغىلىپ بىر كۈندىن كېيىن، قاغان ئاتاقلىق سەركەردە، دانىشمەنلىرى بىلەن چوڭ قوشۇننى باشلاپ، ئۇلارنىڭ ئىزى بىلەن ئۇرۇشقا ئاتلانماقچى ئىكەن. ئۇ ئۇرۇش پۈتكۈل خەلق قوزغىلىپ قاتنىشىدىغان دەھشەتلىك مۇقەددەس ئۇرۇش بولغۇسى، قاغان تېمۇر سىز ئەمەدى...

قاغان دەقىقە داۋاملاشقان سۈكۈتتىن كېيىن، قەتئىي تۈردە يەنىلا ياشانغان، سىنالغان تېمۇرنى ياشلار قوشۇنىغا مەسلىھەتچى قىلىپ ئەۋەتىش قارارىغا كېلىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ تېمۇرنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە «ئۆگە» دېگەن ئاتاق قوشۇلغان. كېيىنچە بۇ ئاتاق تېگىندىن بىر دەرىجە تۆۋەن مەرتىۋىگە ئايلىنىپ قالغان.

بۇلغاق ياخشى تونۇشتۇرغان بولسا كېرەك، باتۇر تېگىن بىلەن تېمۇر ئۆگە بىزگە ئۆز قېشىدىن ئورۇن بەردى. سۆھبەتمۇ ياخشى كەيپىيات ئىچىدە ئېلىپ بېرىلدى. تېگىن تېمۇر ئۆگىگە «ئۇستاز» دەپ مۇراجىئەت قىلىدىكەن. ياشنىپ قېلىۋاتقىنىغا قارىماستىن، تېمۇر ئۆگىنىڭ قارا كۆزلىرى بۇركۈتنىڭكىدەك ئۆتكۈر بولۇپ، چاقناپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا قارىغان ئادەم گويا ئۆز سىرلىرى ئىختىيارسىز

uyghurkitap.com

سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، ئاشكارا بولۇپ كېتىۋاتقاندەك ۋەھىمىگە چۈشۈپ ئەيمىنەتتى، گاڭگىراپ تەمتىرەپ قالاتتى. لەشكەرلەر ئۇنى بىكارغا «تاپقۇر سەردار» ،«ھىيلە-مىكىرنى بايقاش پىرى» دەپ ئاتىمىغانىكەن.

— سىلەر زادى كىم بولىسىلەر؟ — دەپ سوئالنى باشلىدى سەنگۇن سالامىلىشىشتىن كېيىن، ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن بىرخىل جىددىيەتلىك سېزىلىپ تۇراتتى.

بىز ئۆزىمىزنى سوغدىيانىلىق ئۇيغۇر سودىگەرلىرى قىلىپ چۈشەندۈردۇق ۋە ئەتىگەن بولغاققا دېگەن گەپلىرىمىزنى ئەينەن تەكرارلىدۇق. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ ئەھۋالىدىن مەلۇمات بەرمەكچى ئىكەنلىكىمىزنى ئېيتتۇق.

— خوش، باشلاڭلار ئەمىسە، — دېدى تېمۇر ئۆگە.

— ماكىدونىيە پادىشاھى ئالېكساندىر ماكىدونسكى، — دېدى لوئىزا ماكىدونىيە بىلەن يۇناننىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا قىسقىچە ئىزاھ بېرىپ بولۇپ، — ئەسلىدە ماكىدونىيىنىڭ مەرھۇم پادىشاھى پىلىپپوس I نىڭ ئوغلى. ئالېكساندىر كىچىكىدە داڭلىق پەيلاسوپ ئارىستوتېلنىڭ قولىدا ئوقۇغان. شائىر گومىرنىڭ مەشھۇر تارىخىي داستانلىرىنىڭ قەھرىمانلىرىغا ئامراق ئىدى. ئۇ تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىنلا، يۇناندىكى ھەرقايسى شەھەر-بەگلىكلەردىكى ماكىدونىيىگە قارشى ھەرىكەتلەرنى باستۇرۇپ تاشلىدى، شەرققە تاجاۋۇزچىلىق يۈرۈشى قوزغىدى.

مەن لوئىزانىڭ سۆزلىرىنى ئۆرۈپ بەردىم. باتۇر تىگىن كۆڭۈل قويۇپ تىڭشىدى. سۆز ئارىسىدا ئۆز-ئۆزىگە مۇراجىئەت قىلىۋاتقاندەك تۆۋەن ئاۋازدا:

— ھىم، ئۇ پەلەپە، لەشكىرىي ئىلىملەرگە پىششىقتەك تۇرىدۇ، — دېدى.

— دەرۋەقە شۇنداق، — دېدىم مەن ئۇنىڭ كەيپىنى دەرھال قۇۋۋەتلەپ، — بۇندىن تۆت يىل بۇرۇن ئۇ كىچىك ئاسىياغا باستۇرۇپ كىردى. ياندۇرقى يىلى بىر شەھەردە بولغان كەسكىن جەڭدە پىرسىيە پادىشاھىنى مەغلۇپ قىلدى. جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ شام دۆلىتىنى ئىشغال قىلدى. مىسىرنى قولغا چۈشۈردى. نىل دەرياسى ۋادىسىدا ئىسكەندەر شەھىرىنى قۇردى. بۇلتۇر ئىككى دەريا ئارىسى ۋادىسىغا لەشكەر باشلاپ كىرىپ، پىرسىيە قوشۇنىنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. بۇ يىل پىرسىيە دۆلىتى ۋە ئاچېمېنىد خاندانلىقىنى ھالاك قىلىۋەتتى. مانا ئەمدى ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا، كىچىك ئاسىياغا ھۇجۇم قوزغىدى...

مەن يەنە نۇرغۇن ئەھۋالاتلارنى سۆزلىمەكچى ئىدىم، تېمۇر ئۆگە گەپنى باشقا نۇقتىغا بۇرىۋەتتى. ئۇ يۇنانلىقلارنىڭ ھەربىي يۈرۈش پىلانى، قوشۇنلىرىنىڭ سان-سۈپىتى، قورال-ياراقلىرى، جەڭ سەنئىتى، تايانچ قوشۇنلىرىنىڭ ھازىر قەيەردىلىكى، ئومۇمىي ئورۇنلىشىش تەرتىپلىرى ۋەھاكازالارغا كۆپرەك قىزىقتى. بىز ھازىرقى زامانغىچە يېتىپ كېلەلىگەن تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ ئېسىمىزدە قالغان مەزمۇنلىرى بويىچە ئىمكان قەدەر توغرا جاۋاب بېرىشكە تىرىشتۇق. ئۇلارنىڭ ئىپادىگە بىرخىل چىرايلىرىدىن نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقلىرىنى پەرەز قىلماق قىيىن بولىسىمۇ، ھەرھالدا بىز بىرخىل كۆرۈنمەس رازىمەنلىك كەيپىياتىنى ھېس قىلىپ ئولتۇراتتۇق.

— بىز ئۇلارنىڭ قارانىيەتلىرىنىڭ ئىشقا ئېشىۋېرىشىگە يول قويمايمىز! — دېدى باتۇر تىگىن چورت كېسەرلىك بىلەن.

— ئۇلار قانچە قۇتراشقىنى بىلەن ئاخىرى بەربىر چۆلگە كىرگەن كەلكۈندەك ياكى ئۆتكەن ئۆتكۈندەك ئىزسىز يوقىلىدۇ، — دېدى تېمۇر ئۆگە دانىشمەنلەرگە خاس ئىشەنچ ھەم ۋەزمىنلىك بىلەن.

لوئىزانىڭ شەيتانلىق كېسىلى يەنە تۇتتىمۇ، نېمە بولدى، ئەيتاۋۇر ئۇ قىيا ئادەمنى ماھىر پالچى، ئالدىن كۆرەر، دەپ تونۇشتۇردى. باتۇر تىگىن ئۇنىڭغا سىناق نەزەرى بىلەن تىكىلىپ قاراپ:

— بولغۇسى جەڭدە كىم يېڭىپ، كىم يېڭىلىدىكەن، ئالدىن كۆرۈپ بېقىڭا، — دەپ قالدى.

مېنىڭ يۈرىكىم جىغ قىلىپ كەتتى. قىيا ئادەمنىڭ تۈزۈكرەك ساۋادىمۇ بولمىسا، تارىختىكى بۇ ئۇرۇش توغرىسىدا قانداقمۇ مەلۇماتقا ئېرىشەلىسۇن؟ مەن قانداق قىلىپ ياردەمگە چىقىشنى ئويلاپ بولغىچە، قىيا ئادەم ئېغىز ئېچىپ قالدى. ئۇ بارماقلىرىنى پۈكۈپ، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، كۆزلىرىنى تورۇسقا تىكتى، چوڭقۇر تەپەككۇر يۈرگۈزۈۋاتقاندەك سۈكۈت قىلدى. بىر ھازادىن كېيىن سىرلىق، كەسكىن تاۋۇشتا:

— سىلەر يېڭىسىلەر، ئالېكساندىرنىڭ قوشۇنى يېڭىلىدۇ! — دېدى.

— بۇ جەڭ ئاجايىپ يېڭىشلەر بىلەن سىلەرگە ئالەمشۇمۇل شۆھرەت ئېلىپ كېلىدۇ، مۇبارەك ناميڭلارنى تارىخ بېتىگە نەقىشلەيدۇ! — دېدىم مەنمۇ ھاياجان بىلەن تولۇقلاپ، — چۈنكى مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» ۋە باشقا تارىخىي ماتېرىياللاردىكى مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەر ئاساسىدا، مېنىڭ ئالتۇن قان دېگەن جايدىكى تارىخىي غەلىبىدىن بىرقەدەر تەپسىلىي خەۋىرىم بار ئىدى، ئەلۋەتتە.

— ئوغرىنى تۇتساڭ چوڭىنى تۇت، دېگەندەك، سىلەر تۇتىشىدىغان رەقىب دۇنيانى لەرزىگە كەلتۈرۈۋاتقان مەشھۇر سەركەردە ئىكەن، چىڭ تۇرۇڭلار! — دېدى لوئىزا.

— دېگىنىڭلار كەلسۇن، سوقۇش ئىلاھى ئامەت يار قىلسۇن! — دېدى باتۇر تىگىن. ئۇنىڭ ئۆتكۈر قوي كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. تېمۇر ئۆگەنىڭ چىرايى تۇمۇردەك ھېسسىياتسىز بولۇپ، يەنىلا ھېچقانداق ئالامەت ئەكس ئەتمىدى. باتۇر تىگىن قوبۇل قىلىشنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى. يېنىككىنە قىلىپ ئىككى قېتىم چاۋاك چېلىۋىدى، ئىشىكتىن تۇرغاۋۇتلار بېشى كەڭ يەلكىلىك ئۇزۇنتۇرا يىگىت كىردى. باتۇر تىگىن:

— بۇلارنى ئايرىم چېدىرغا ئورۇنلاشتۇرۇپ ياخشى قاراڭلار، ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ توغرىلىقى ئىسپاتلانسا مۇكاپاتلايمەن، يالغانلىقى ئاشكارىلانسا ... — تىگىن قولىنى قىلىچ چاپقاندەك شىلتىپ قويدى.

بىز باتۇر تىگىننىڭ چېدىرىدىن ئانچە يىراق ئەمەس جايدىكى ئاددىيراق بىر چېدىرغا ئورۇنلاشتۇق. بىرئازدىن كېيىن باتۇر تىگىن مېكىبېشلارنى چېدىرىغا چاقىرتىۋېلىپ، خېلى ئۇزاقىچە كېڭەشتى. نېمىلەرنىدۇر تالاش-تارتىش قىلىشتى. ئۇلار

uyghurkitap.com

قايتىپ چىققاندىن كېيىن پۈتۈن قوشۇندا جەڭ تەييارلىقى باشلاندى. ئوچۇقچىلىقتا
ئوت يېقىش مەنئى قىلىنغانىدى. قوشۇن يارلىق ۋە جىلغىلاردا پەم بىلەن يېقىل-
غان كۆلخانلارەا قاينىتىلغان چايدىن ئوتلاپ نان يېيىشتى.

قاش قارايغاندا غەربىي شىمال تەرەپتىن يېنىك شامال چىقىشقا باشلىدى. دۈش-
مەن قارارگاھى يۆنىلىشىدىن كېلىۋاتقان بۇ شامال ھەربىي يۈرۈشكە پايدىلىق ئىدى.
باتۇر تىگىن قىيا ئۈستىدە خىرە يۇلتۇزلاردا بېزەلگەن ئاسمان ئاستىدىكى قاراڭغۇلۇق
باسقان ئويپۇقتا ئۇزاققىچە تىكىلىپ قاراپ تۇردى. بۇلۇتلارنى ئارىلاپ ئەگىم ئاي
ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەندە قوشۇنغا قوزغىلىش بۇيرۇقى چۈشۈردى. ئەتراپ بىردىنلا جان-
لاندى. ئەسلىدىمۇ لەشكەرلەر ئۆز ئاتلىرى قېشىدا تىزگىنلىرىنى بەللىرىگە باغلاپ،
يەرگە يانپاشلاپ بۇيرۇق كۈتۈپ ياتقانىدى. باشلىقلىرىنىڭ ئاۋازلىرى بىلەن تەڭ
دېگۈدەك دەس تۇرۇشتى. سۈس قاراڭغۇلۇقتا ئاتلىق لەشكەرلەر قارا بۇلۇتتەك قىمىر-
لىدى. مىڭبېشى، يۈزبېشىلار سەپلەرنى ئارىلاپ كېچىلىك يۈرۈش، كېچىلىك جەڭدە
ئەستىن چىقارماسلىقتا تېگىشلىك قىسقا تاپشۇرمىلار بېرەتتى. ھەممەيلەندىن شەپىسىز-
لىك، چاققانلىق، قەيسەرلىك تەلەپ قىلىناتتى. قوشۇن ئېغىر، ئەپسىز يۈك-تاقلار،
ھارۋىلار، ئوزۇق-تۈلۈكلەرنى ئارقا سەپ تەمىنات يۈزلۈكى بىلەن شۇ يەردە قالدۇرۇپ،
شاۋقۇنسىزلا قوزغىلىپ، دۈشمەن بار يۆنىلىشكە ئاتلاندى. بىزمۇ تۇرغاۋۇتلار ھىمايە-
سىدىكىلەر قاتارىدا ئىلگىرىلىدۇق. بۇلۇتلار ئارىسىدىكى گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ مۆكۈنۈ-
ۋاتقان ئاي ئۆزىنىڭ خىرە يورۇقىدا دالىنى ۋە ئۇنىڭدا يوپۇرۇلۇپ كېتىۋاتقان لەش-
كەرلەر كۆلەڭگىلىرىنى تېخىمۇ سىرلىق، تېخىمۇ ھەيۋەتلىك ۋە قورقۇنچلۇق قىلىپ
كۆرسىتەتتى. قوشۇن ئاتلىرىنى ئاستا ماڭدۇرۇپ باراتتى، بەزىدە يورۇتۇپمۇ قالاتتى،
بىراق چاپتۇرۇشقا بولمايتتى. باتۇر تىگىننىڭ ئاتلارنى چارچىتىپ قويماسلىق توغرى-
سىدا بۇيرۇقى بار ئىدى. قوشۇننىڭ دۈشمەن قارارگاھىغا ھۇجۇم قىلىدىغانلىقى، بۇ
قېتىمقى جەڭنىڭ شىددەتلىك، شەپقەتسىز، خەۋپلىك بولۇشى مۇمكىنلىكى ھەربىر
لەشكەرگە ئايانىدى. ئۇلار ئانا يەرنى، ئەل غۇرۇرىنى قوغداش يولىدا جان تىكىپ
جەڭ قىلىشقا بەل باغلىغانىدى.

تۈن نىسپىدىن ئاشقاندا، ئالدى تەرەپتىن كېلىپ تۇرۇۋاتقان چارلىغۇچىلار
بىردىنلا كۆپىيىپ كەتتى. دۈشمەن قارار گاھى يېقىن قالغان بولسا كېرەك. يولىمىزدا
شالاڭ توغراقلىق جاڭگال ئۇچرىدى. باتۇر تىگىن قوشۇننى شۇ جايدا ئازراق ئارام
ئالغۇزدى. سەپلەرنى تۈزەشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، قوشۇن ئوڭ، سول، ئوتتۇرا بولۇپ
ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنۈپ ئالغا باستى.

شامال بارغانسېرى ئەدەپ باراتتى. قۇم-توپىلارنى ئۇچۇرۇپ كۆز ئاچقىلى قويـ-
مايتتى. قوشۇن شامالغا قارشى ئىلگىرىلەپ، دۈشمەن بارگاھىغا تۇيدۇرماي يېقىنلىدى
ۋە ئۇلى يىراقتىن يېرىم ھالقا شەكلىدە قورشاپ باردى. يۇنانلىقلار ئۇيغۇر ياشلار
قوشۇنىنىڭ ئىنسى-جىنسىز بۇ ھىلۋەت چۆلدە بۇنداق تېز ۋە شەپىسىز پەيدا بولۇشىنى

ئەسلىرىگىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. گۈلخانىلار ئەتراپلىرى جىمجىت بولۇپ، ئۇلار
تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. بەزىلىرى ئالتۇن ـ كۈمۈش، خەزىنىلەرنى، بەزىلىرى ئۆز يۇرتى،
يار ـ بۇرادەرلىرىنى چۈشەۋاتقان بولغىيدى بەلكىم. بىراق، يۇقىرى سۈپەتلىك جەڭگ
ۋارلىقىغا، تۆمۈر ئىنتىزامىغا ئادەتلەنگەن بۇ قوشۇن ئۇزاق مۇساپىلەرنى بېسىپ، تالاي قانلىق
جەڭلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ كېلىۋاتقىنىغا قارىماستىن هوشيارلىقنى بوشاشتۇرمىغانىدى.
ئۇلار ئاتلىرىنىڭ بىر قىسمىنى چۈشەپ قويۇپ بېرىپ، كۆپ قىسمىنى ئىگەر ـ جابدۇقلىرىنى
مۇ ئالمايلا جەڭگىۋار هالەتتە يانلىرىغا باغلاپ ئۇخلاپ ياتقانىكەن. ئۇشتۇمتۇت
ئۇلارغا يېقىنلا يەردە بۆرىلەرنىڭ هۇۋلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۈن جىملىقىنى بۇزدى،
جاۋابەن مۈشۈك ياپىلاق سايرىدى. بۇ بەلگە ئىدى. قاراڭغۇدا قىمىرلىغان كۆلەڭگىلەر
پەيدا بولدى. تىگىن قوشۇنلىرىنىڭ «جاندىن كەچكەنلەر» قىسمى شىردەك تېۋىشسىز
چەبدەسلىك بىلەن تىمىسقىلاپ بېرىپ، سىرتقى قەۋەتتىكى كۆزەتچىلەرنى غەپلەتتە قال-
دۇرۇشتى. شامالنىڭ ئېچىنىشلىق ئەللەي شاۋقۇنىدا ئۆتكۈر خەنجەرلەر ئىنجىقلاشقىمۇ
ئۈلگۈرتمەيلا ئۇلارنىڭ جانلىرىنى سۇغۇرۇپ ئېلىشتى. قوشۇننىڭ ئالدىنقى قىسملىرى
دۈشمەن قارارگاهى جايلاشقان تۆپىلىكلەرگە ياماشتى، «جاندىن كەچكەنلەر» قىسمى
بولسا بۇ تۆپىلىكلەرنىڭ ئېتەكلىرىدىن هالقىپ بولغانىدى. هۇجۇم كارنىيى چېلىن-
نىش بىلەن تەڭلا جەڭ دۇمباقلىرىمۇ گۈمبۈرلەپ هەيۋە پەيدا قىلدى. لەشكەرلەر يالى-
ڭاچلانغان قىلىچلىرىنى ئوق مۇرىلىرىگە قويۇپ، «قىر، چاپ، ئۇرراخ!» دەپ چۇقان كۆ-
تۈرۈپ، ئاتلىرىنىڭ تىزگىنلىرىنى قويۇۋېتىشتى. دالىنى سەلدەك باستۇرۇپ كېتىۋات-
قان ئاتلار تۇيلىرىنىڭ دولقۇنلۇق ئېقىنلىرى قاپلىدى. ئاتلارنىڭ كىشنىگەن، تۇياقلار-
نىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازى زېمىننى لەرزىگە كەلتۈردى. تەۋرىگەندەك بولۇۋاتقان يەرنىڭ
تەگ ـ تېگىنىڭ چوڭقۇر بىر قاتلىمىدىن گۈرۈلدىگەن تاۋۇش ئاڭلىناتتى. قاراڭغۇ تۈن
پەردىسىگە ئورىنىپ ئۇخلاپ ياتقان دالا بىردىنلا چۆچۈپ ئويغاندى. ئېگىزلىكتىكى
دۆڭلۈكلەر، بارخانلار ئۈستىلىرىدە، گۈلخانلار ئەتراپلىرىدا ئادەملەر كۆرۈندى، قى-
مىرلاشتى. يۇنانلىقلارنىڭ چۈشىنىكسىز ئاۋازلىرى، ۋارقىراشلىرى، بۇيرۇق بەرگەن
ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. ئۇلار ئالدىراپ ـ تېنەپ چېدىرلىرىدىن يۈگۈرۈپ چىقىشاتتى.
ئاتلىرىنى تۇتۇشقا، مىنىشكە ئۇرۇناتتى. ۋېژىلدىغان ئوقلار ئەتراپقا يامغۇردەك تۆكۈ-
لەتتى. ئۇلارنىڭ يىغىلىش كارنىيى چېلىنىشقا باشلىغاندا، بولۇتتەك چاڭ توزىتىپ كې-
لىۋاتقان چەۋەندازلار قۇيۇندەك سۈرئەت ۋە قۇدرەتتە بارگاهقا يوپۇرۇلۇپ باستۇرۇپ
كىرىپ بولغانىدى. دەهشەتلىك، قالايمىقان ئۇر ـ يىقىت باشلىنىپ كەتتى. گۈلخانى-
لارنىڭ چوغچۇللىرى چېچىلىپ، ئوتلىرى، چوغلىرى توزۇپ، ئۇچقۇنلىرى كۆل بىلەن
بىللە ئۆرلىندى. ئاتلار توسۇقلارنى دەسسەپ ۋەيران قىلاتتى، ياۋ لەشكەرلىرىنى مەيدى-
سىدە ئۇرۇپ يىقىتاتتى. يۇنانلىقلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئاتلىرى ئۈركۈپ كەتتى، ئاس-
مانغا چاپچىپ، ئىگىسىنى ئۇلاقتۇرۇپ تاشلاپ، ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە قاچتى. بەزىلى-
رى مۇدۇرۇپ يىقىلاتتى. كۈرمىڭلىغان قىلىچ، قالقانلار بىر ـ بىرىگە زەرب بىلەن ئۇرۇ-
لۇپ جاراڭلايتتى. يۇنانلىقلارنىڭ قورقۇنچلۇق ئاچچىق چىرقىراشلىرى، باتۇر تىگىن

قوشۇنلىرىنىڭ ھۆركىرەشلىرى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، ياردارلارنىڭ ئىڭراشلىرى دەھشەتلىك جەڭنىڭ مۇدھىش ۋاڭ-چۇڭىنى شەكىللەندۈرۈپ، يەر-جاھاننى قاپلىغانىدى. ئۇرۇشتا پىشقان يۇنانلىقلار ئاسانلىقچە ئۆزلىرىنى يوقاتمىدى، بەل قويۇۋەتمىدى. ئومۇمەن دېگەندەك چىدام، قەيسەرلىك بىلەن ئۇرۇشتى. شۇنداقتىمۇ باتۇر تىگىننىڭ لەشكەرلىرى ئۇلارنىڭ دۇبۇلغىلىرىنى تېشىپ، ساۋۇتلىرىنى يىرىپ پارە-پارە قىلىپ، ئۆزلىرىنى ئاتلاردىن يۇلۇۋالدى. گۇرزىلەر باشلارنى قاپاق يارغاندەك يېرىپ، ئىچىگە كىرىپ كېتەتتى. بەزى گەۋدىلەر نەيزىلەرنىڭ ئۇچلىرىدا ئىلىنىپ قالاتتى. تىگىننىڭ قوشۇنلىرى ئونلۇقلار بويىچە بىر-بىرىدىن ئۇزاپ كەتمەي، سەپنى يوقاتماي، مۇرىگە-مۇرە تىرەپ جەڭ قىلاتتى. يۇنانلىقلار قىستىلىپ تاغ ئىچىگە قاراپ چېكىنىشكە باشلىدى. باتۇر تىگىن چاپچىپ تۇرغان شاش ئارغىمىقىنىڭ تىزگىنىنى چىڭ تارتىپ، تېمۇر ئۆگە ۋە باشقا بىر توپ سەركەردىلىرى بىلەن بىللە ئېگىزرەك بىر تۆپىلىكتە جەڭ مەيدانىنى كۆز ئۈزمەي كۆزىتىپ تۇراتتى. ئۇ ھېلىدىن ھېلى ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ تۇرغان چاپارمەنلەرگە بۇيرۇقلار بېرەتتى. تېمۇر ئۆگە بىلەن پىكىرلىشەتتى. بىزمۇ ئۇلارنىڭ سەل كەينىدىرەك جەڭگە قاراپ تۇراتتۇق. تىگىننىڭ ئوڭ ۋە سول قانattىكى مىڭلىكلىرى بوراندەك شىددەتتە ئىلگىرىلەپ، دۈشمەننىڭ ئارقا تەرىپىدە قوشۇلدى. ئوتتۇرىدىكى بۆلەك ھېچقانداق تۇسقۇنلۇقلارغا قارىماي ئۇدۇلدىن ئات سېلىپ باراتتى. يۇنان قوشۇنى قورشاۋ چەمبىرى ئىچىگە چۈشۈپ قالدى. تىگىن قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىنقى قاتارى ئەپلىك جايلاردا ئۇزۇن ساداقلىرىنى ئىشقا سېلىپ ئوق ئۈزدى. ئەپسىز جايدا نەيزە، قىلىچ ئۇردى. يۇنانلىقلارنىڭ سەپلىرى قالايمىقانلاشتى. ئۇلار بىر-بىرىدىن بارغانسېرى يىراقلاپ، چۇۋۇلۇپ پىتىراپ كەتتى. ۋەھىمىگە چۈشكەن ياردار ھايۋاندەك ئۇياقتىن بۇياققا ئۆزىنى ئۇردى. تىگىننىڭ چەۋەندازلىرى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە شىددەت بىلەن تاشلاندى. ئەمدى چەمبەر ئىچىدىكى دالىنىڭ ھەممىلا يېرىدە كەسكىن جەڭ قىزىپ كەتتى. ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى ئارىلىشىپ كەتتى. بوغۇشۇپ قويۇن قولتۇق بولۇشتى. يومىداقلىشىشتى. گىرەلەشمە، قۇچاقلاشما جەڭ ھەقىقىي مەنىسىنى نامايان قىلدى. بەزى جايلاردا ئاتلىقلار بىلەن پىيادىلەر ئۇرۇشاتتى. بىرلىرى ئاتتىن تارتىپ چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنسا، بىرلىرى ئاتقا چەيلىتىشكە ئۇرۇناتتى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى ئۇچرىغانلىكى دۈشمەننى جان-جەھلى بىلەن چاپاتتى.

شامال توختاپ قالغانىدى. تاڭ سۈزۈلۈپ، ئادەملەر تۇپىنى پەرق قىلغىلى مۇمكىن بولۇپ قالدى. بىردىنلا جەڭ قايىنىمىدىكى بۇلغاقنى كۆرۈپ قالدىم. بۇلغاق قولىدىكى ئۆتكۈر قىلىچنى پىرقىرىتىپ شىلتىپ، يۇنان لەشكەرلىرىنى توختىماي چاپاتتى. ئۇنىڭ چىرايى قورقۇنچلۇق ھالەتتە قىشايغانىدى. ئۇ بىر توپ سەپداشلىرىنى باشلاپ، بىر-بىرىگە كىرىشىپ، چىرمىشىپ كېتىشكەن يۇنان لەشكەرلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئىككى تەرەپكە قىستاپ چېكىندۈرۈپ، بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسلەپ لەپىلدەۋاتقان دۈشمەن بايرىقى تەرەپكە قاراپ قانلىق يول ئېچىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئۆز سەپداشلىرى بىلەن

بىللە ئۇران توۋلاپ قىقاس سېلىپ، ئىككى يېقىغا قىلىچ ئۇرۇپ، يولدا ئۇچرىغانلىكى
نەرسىلەرنى چاناپ، دەسسەپ، چەيلەپ ئۆتۈپ، ھېلىقى بايراق بار يەرگە يېتىپ بار-
دى. ئۇ يەردە ئۇ غوللۇق، بومبا ساقاللىق بىر ئادەم بىلەن تۇتۇشۇپ كەتتى. بومبا
ساقالنىڭمۇ ئۆپچۆرىسىدە بىر توپ چەۋاندازلىرى بار ئىدى. قەھرى - غەزەپكە كەلگەن
بۇلغاق يولۋاستەك ھۆركىرەپ ۋەھىمە ياغدۇرغىنىچە يوغان گۇرزىسىنى پىرقىرىتىپ ئويى-
نىتىپ، ئۆزىگە ھېچكىمنى يېقىن يولاتماۋاتقان بومبا ساقاللىققا ئەزرائىلدەك تاشلاندى.
ئۇ مۇھىم سەردارلاردىن بولسا كېرەك. قېشىدىكىلەردىن ئىككىسىلەن پىداكارلىق بىلەن
بۇلغاققا ئېتىلدى. بۇلغاق ئالدىغا ئېتىلىپ كەلگەن يوغان يۇنانلىقنى بىر قىلىچ ئۇرۇپ-
لا كىندىكىگىچە ئىككىگە بۆلۈۋەتتى. ئەگرى قىلىچ ئۇنىڭ بېلىگە ئېسىۋالغان تىللا سې-
لىنغان ھەميانىنىمۇ كېسىپ ئۆتكەچكە، تىللالار قانغا مىلىنىپ يەرگە چېچىلىدى.
بۇلغاقنىڭ بۇلارغا قارىغۇدەك چولىسى يوق ئىدى. ۋىژىلداپ بويىنىغا ئۇرۇلغان قىلىچ-
نى قىلىچىدا قايتۇردى. دەۋرەپ كەلگەن بۇ ئىككىنچى يۇنانلىقنىڭ قىلىچ سەنئىتى
يۇقىرى ئىدى. ئىككىسى قىلىچلىشىپ كەتتى، بۇلغاقنىڭ قىلىچۋازلىقتىكى داڭقى ئېغىز-
دا ئەمەس، بەلكى جەڭلەردىكى قىلىچلار سادالىرىدا تارالغانىكەن. ھايت - ھۇيت
دېگۈچە رەقىبىنىڭ قىلىچىنى ئوتتۇرىدىن چورتلا سۇندۇرۇۋەتتى، يۇنانلىق ئېتىنىڭ بې-
شىنى بۇرىماقچى بولۇپ، يايلىغا ئېگىشىۋىدى، بۇلغاقنىڭ قىلىچى ئۇنىڭ بېقىنىدىن
تۆشۈك ئېچىۋەتتى. ئۇ ۋارقىرىغىنىچە ئاتتىن دوملاپ چۈشتى. شۇ ئارىدا ئۇلگۈرۈپ
كەلگەن بومبا ساقاللىق ئۇنىڭ كەينىدىن بېشىغا گۇرزە ئۇرۇۋەتتى. بۇلغاق ئۆزىنى
ئەپچىللىك بىلەن ئاتنىڭ بېقىنىغا ئېلىۋىدى. گۇرزە بوشقا كەتتى، بومبا ساقاللىق
تەڭپۇڭلۇقنى يوقىتىپ، گەۋدىسىنى باشقۇرالماي بىر ياققا قىڭغايغاندا، ئۈزەڭگىگە دەس-
سەپ ئۆرە تۇرۇپ ئۈلگۈرگەن بۇلغاق ئۇنىڭ بويىنىغا قىلىچ ئۇرۇۋەتتى. ساقاللىق باش
يۇڭ چاپلاشقان تاۋۇزدەك پەسكە دوملاپ كەتتى. ئەتراپتىكىلەر ۋارقىراپ كېتىشتى.
قايىنامدەك يۆگىشىپ كەلگەن بىر توپ ئاتلىق توسۇۋېلىپ بۇلغاقلارنى كۆرسەتمەي قوي-
دى. يەنە بىر دەقىقىدىن كېيىن، ھاۋادا قاتتىق چايقىلىۋاتقان دۈشمەن بايرىقى يەر-
گە يىقىلدى.

يۇنان قوشۇنى ھالسىراشقا، جان تالىشىشقا باشلىدى، مانا شۇ چاغدا تىگىنىن
بارگاھىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن بىر نەچچە تۈركۈم تىگىن لەشكەرلىرى ئات سېلىپ چى-
قىپ، جەڭ تۈتەكلىرى ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىشتى. بىر توپنىڭ كەينىدىن يەنە
بىر توپى چۇقان - سۈرەن سېلىپ، قالدۇق دۈشمەنلەر ئۈستىگە يېپىرىلىپ بېرىشتى.
ئۇلارنىڭ ياردىمىنىڭ جەڭنىڭ ئاخىرقى تەقدىرىنى ھەل قىلىش، جەڭ مەيدانىسىنى
تازىلاشتىكى رولى چوڭ ئىدى. مۇھاسىرە چەمبىرىكى تېزدىن كىچىكلىدى، قاتتىق قىسىلدى.
سەھەر تۇمانى ئىچىدە كۆلەڭگىدەك لەپىلدەپ قېچىۋاتقان يۇنانلىقلارنى ئەجەل قاچۇرماي
قوغلاپ، يەتكەن يېرىدە يىقىتاتتى. سوزۇلۇپ كەلگەن ئۇپۇققا تاغ قىزلىرىنىڭ مەڭزى-
لىرىدەك قىزىللىق يۈگۈرگەندە جەڭ تۈگىدى. ئەتراپ بىردىنلا تىنچىپ قالغاندەك بولدى.
كۆز ئالدىمىزدا مۇدھىش مەنزىرە يۈز ئاچتى. دالىدىكى دۆڭلۈكلەردە، تاغ ئېتەكلىرىدە

جەسەتلەر ئۈستى - ئۈستىگە مىنگىشىپ، دۆۋىلىشىپ كەتكەنىدى. ئۆلار مەر خىل كۆرۈنۈشتە، تۈگۈلۈپ، سوزۇلۇپ، داردىيىپ، پۈكلىنىپ، دۈم بولۇپ يېتىشاتتى. ئۈزۈلگەن باشلار سايىنىڭ تېشىنى ئەسلىتەتتى. ئۈركۈگەن ئاتلار ئۆزەڭگىدىن پۇتلىرىنى چىقىرىشقا ئۈلگۈرەلمەي يىقىلغان ئىگىلىرىنى سۆرەپ مەيداننى ئايلىنىپ چېپىپ يۈرەتتى، ئاستا - ئاستا قۇلاققا ياردارلارنىڭ پەريادلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئەتراپ بارا - بارا ئۆلارنىڭ چىدىغۇسىز زارلاشلىرى، قاقشاشلىرى بىلەن زىلزىلىگە كەلدى.

بۇلغاق بىر توپ ئاتلىقلار ئىچىدىن چىقىپ ئارغىمىقىنى چاپتۇرۇپ بىز تۇرغان تۆپىلىككە كەلدى - دە، ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى. يۇنان تۇمەنبېشىنىڭ چاڭگا ساقاللىق بېشىنى غانجۇغىدىن ئېلىپ قالقانغا سېلىپ كۆتۈرۈپ تۆپىلىككە چىقتى - دە، ئىككى قوللاپ باتۇر تىگىنگە تۇتتى.

باتۇر تىگىن ياساۋۇللىرى بىلەن بىللە بۇلغاقنىڭ كەينىدىن بومبا ساقاللىق تۇمەنبېشىنىڭ جەسىتىنى كۆرگىلى باردى. بىزمۇ ئۆلارغا ئەگەشتۇق. ئۇنىڭ ئۆلۈكى يۇنان بايرىقى يىقىلغان جايدا سوزۇلۇپ ياتاتتى. كېسىلگەن بويىنىدىن ئاققان قان يەرنىمۇ، ئۇنىڭ كىيىملىرىنىمۇ بويىغانىدى. بۇ باشسىز گەۋدىدىن بىر نەچچە قەدەم نېرىدا بىلىكىچە چېپىپ تاشلانغان يەنە بىر جەسەت ياتاتتى. يېڭى چىققان قۇياشنىڭ ئەتىگەنكى سۇس تۇمانغا قىزغۇچ تۇس بەرگەن نۇرلىرى جەڭ ئىسلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ، يەردە چېچىلىپ ياتقان قانغا مىلەنگەن تىللالارنى پارقىرىتاتتى. باتۇر تىگىن قوشۇمىسىنى تۈردى، تۇرغاۋۇتلاردىن بىرى:

— بۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— ئالتۇن قان! — دېدى بۇلغاق ئېرەڭشىمىگەن هالدا، — بۇ ئاۋام ئەلنىڭ قان - تەرىدىن كەلگەن تىللالار بولسا كېرەك، باياتىن مەن ئاۋۇ خۇمپەرنى چاپقاندا ئۇنىڭ ھەميىنىدىن تۆكۈلگەنىدى.

— ئالتۇن قان؟ بۇ مەنىلىك سۆز بولدى، — دېدى تېمۇر ئۆگە رازىمەنلىك بىلەن، — مۇشۇ يەرگە نام بولۇپ قالغۇدەك سۆز بولدى.

مەن لوئىزاغا مۇشۇ جايدىكى ئاۋۇ چوڭ تاغنىڭ تارىختا شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ قالغانلىقى ھەققىدە پىچىرلاپ دېگۈدەك چۈشەنچە بەردىم.

بۇ كېيىندىكى قانلىق جەڭدە يۇنانلىقلارنىڭ ئالدىن يۈرەر تۈمەنى پۈتۈنلەي يوقىتىلدى. جىلغا، يارلىقلارغا پىتراپ كەتكەن ناھايىتى ئاز ساندىكى لەشكەرلىرىلا قېچىپ قۇتۇلدى.

سۇنايلار چېلىنىپ، يىغىلىش بۇيرۇقى بېرىلدى. تىگىننىڭ قاتتىق تەرتىپكە بويسۇنۇپ ئۆگەنگەن لەشكەرلىرى تازىلاۋاتقان جەڭ مەيدانىنى تاشلاپ، ئاتلىرىنىڭ باشلىرىنى دەرھال بۇراپ، قوشۇن بايرىقى لەپىلدەپ تۇرغان تۆپىلىك ئالدىدىكى تۈزلۈككە قاراپ ئات سېلىشتى. ئۇ يەردە ئونبېشى، يۈزبېشىلار لەشكەرلىرىنى سەپكە تۇرغۇزۇپ ساننى ئېلىشقا باشلىدى.

باتۇر تىگىن خۇشاللىقتىن قىن - قىنىغا سىغماي قالغانىدى. ئۇ بىز بىلەن

قايتىدىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، ئالدىن كۆرەلىگىنىمىزگە قايىللىق بىلدۈردى. ئۇ غەلىبىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلەشكە ئالدىرايتتى. بىراق، تېمۇر ئۆگە ئۇنى سىلىق سۆزلەر بىلەن چەكلىدى. «ئىسكەندەر بۇ ئىشنى مۇنداقلا بوادى قىلىۋەتمەيدۇ، زىيان دېگەن ھەركىمگە ئاچچىق. ئۇ ئۈچ ئېلىش يۈرۈشى قىلىپ، كەڭ كۆلەمدە لەشكەر تارتىشى مۇمكىن. بىز دەرھال بارگاھىمىزغا چېكىنىپ جەڭگە تەييارلىنايلى. ئۇ ھۇجۇمغىمۇ، قوغدىنىشقىمۇ ئەپلىك ئېگىزلىك» دەپ ئالدىراتتى. ئۇستازىنىڭ تەلىمى غەلىبە ئىسەنكىرىشىنىڭ ئېزىتقۇ تۇمانلىرىنى تارقىتىۋەتتى. باتۇر تېگىن چاپسانلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئولجىلارنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپلا چېكىنىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. قوشۇن كېچە كەلگەن يولدىن ئارقىسىغا قايتتى. يول ئۈستىدىكى توغراقلىقتا بولۇچنىڭ مىڭلىكى يوشۇرۇندى. بىز ئۈچىمىزمۇ ئۇلار بىلەن بىللە شۇ توغراقلىقتا قالدۇق. قالغان لەشكەرلەر ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈپ ھازىرلىقنى پۇختا قىلىش ئۈچۈن، جىددەللەپ مېڭىپ بارگاھقا چېكىندى. تېمۇر ئۆگەنىڭ «ئوردەكنى يېگەندە غازنىڭ پېيىدا بول» دېگەن تاپشۇرمىسى ھەممە كىشىنىڭ ئېسىدە ئىدى.

* * *

دەرۋەقە، قوزا چۈش مەھەلدە توغراقلىقتا يېقىن چۆلدە ئالېكساندىر لەشكەرلىرىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇلار ئوپئوچۇق قارا قارغىلاردەك قاپلاپ، يەر-جاھاننى يالمايدىغاندەك ئەلپازدا شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىنقى قاتارلىرىنى پەرق قىلىش مۇمكىن بولۇپ قالغاندا، توغراقلار ئارىسىدىن بىر نەچچە يۈز چەۋەنداز قىقاس-سۈرەن بىلەن ئات چاپتۇرۇپ چىقىشتى. بۇ بولۇچ مىڭلىكىنىڭ ھۇجۇمچى لەشكەرلىرى ئىدى. رىتىملىق تۇياق ئاۋازلىرى دالىنى زىلزىلىگە سالدى، لېكىن توپان بالاسىدەك كېلىۋاتقان زور قوشۇن ئالدىدا ئۇلار ئەرزىمەس كۆچەتەك كۆرۈنەتتى. ئۇلار يۇنان قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرىغا ساداق ئوقى يەتكۈدەك يېقىنلاپ كېلىپ، دالىغا كەڭ يېيىلدى، تاغ ئۆچكىلىرىنىڭ مۈڭگۈزلىرىنى ئېگىپ ياسىغان ئۇزۇن ساداقلىرىنىڭ چىڭ كىرىچلىرىنى قاتتىق تارتىپ ئوق ياغدۇرۇشتى. بۇنداق ئېتىلىدىغان ئوقلار بەكمۇ ئۇزاققا يېتەلىشى ۋە تەگكىنىنىڭ تۆشۈكىگە تېگەلىشى بىلەن مەشھۇر ئىكەن. يۇنانلىقلارنىڭ ئالدىنقى قاتارلىرى چالغا بىلەن چاپقاندەك يىقىلىشقا باشلىدى. بۇلار ئاتقان ئوقلار بولۇچنىڭ لەشكەرلىرىگە يېتىپ بارالمىدى. يۇنانلىقلار توختاپ تىزدىن ئوك، سول قاناتلىرىنى يېيىپ مۇداپىئە سېپىنى شەكىللەندۈردى. ئاندىن ئۇلاردىن بىر نەچچە قىسىم بۆلۈنۈپ چىقىپ ھۇجۇمغا ئات قويدى. بولۇچنىڭ لەشكەرلىرى بولسا ئاتلىرىنىڭ باشلىرىنى كەينىگە بۇراپ چېكىندى. بىر ئاز يەرگىچە قېچىپ بېرىپ، كېتىۋېتىپلا ياندىشىپ توپلاشتى-دە، سېرىكچىلەردەك ئات ئۈستىدىلا ساداقلىرىنى ئارقىلىرىغا قارىتىپ ئوق ئۈزۈپ، قوغلىغۇچىلاردىن بىرمۇنچىنى تىك موللاق چۈشۈردى. ھۇجۇمچىلار سېپى قالايمىقانلاشتى. بەزىلىرى قاچتى. بولۇچنىڭ لەشكەرلىرى كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئۇلارغا ئوق ئېتىپ ھۇجۇم قىلدى. يۇناننىڭ

چوڭ قوشۇنىدىن يېڭى قىسىملار ئاجرىلىپ چىقىپ باستۇرۇپ كېلىشكە باشلىدى. بۇلۇچىنىڭ لەشكەرلىرى تارقىلىپ يەنە قاچتى. ئەسلىدە باتۇر تىگىنىدىن بۇيرۇق شۇنداق ئىدى. بۇلۇچىنىڭ مىڭلىكى تېگىپلا قېچىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، يۇنانلىقلارنى قوغلاشقا قىزىقتۇرۇپ چېكىنىپ بارماقتا ئىدى. بەزىدە ئۇلار دالدىراق جايلاردا كۈچ تەشكىللەپ، ئەپلىك پەيتىنى تاللاپ قىقاس ــ سۈرەن بىلەن يۇنانلىقلارغا قارشى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپمۇ قوياتتى. بۇنداق چاغلاردا دۈشمەنگە خېلى قاتتىق تېگەتتى. يۇنانلىقلار كۈچلىرىنى تەڭشەپ مۇنتىزىم ئۇرۇش تۈسىگە كىرىپ يەلپۈگۈچتەك يېيىلىپ ئۈلگۈرگىچە قىرغىنچىلىق قويۇنىدىن بىرەرنى پەيدا قىلىۋېتىپلا، تىرىپىرەن بولۇپ چېچىلىپ قاچاتتى. يۇنانلىقلارنىڭ چەبدەسلىرى ئارقىدا سۆرۈلۈپ قالغانلاردىن بەزىلىرىنى قوغلاپ يېتىۋېلىپ ئاتتىن دومىلىتاتتى. بۇلۇچىنىڭ چەۋەندازلىرى چاتقاللىقلارغا، تۆپىلىكلەرگە، سايلارغا، يارلارغا مۆكۈۋېلىشاتتى. قارىغاندا، ئۇلار تەرتىپ ــ ئىنتىزامسىز ، ئويۇشقاقلىقى تۆۋەن مەرگەن چارۋىچىلارغا، تارقاق دېھقان قوزغىلاڭچىلارغا ئوخشايتتى. مۇنتىزىم ئۇرۇشلار ئوتلىرىنىڭ كۆيدۈرۈشلىرى، جەڭگىۋار قوشۇنلار ئېلىشىشلىرىدىكى قىلىچلار شىددىتى ۋە ئاجايىپ يېڭىشلار شان ــ شۆھرەتلىرىنىڭ ھاياجانلىرىغا كۆنۈكۈپ قالغان يۇنان قوشۇنلىرى بىر نەچچە توقۇنۇشتىن كېيىن دۈشمەنلىرىنىڭ مەرگەنلىكى، ئاتقا پۇختىلىقى، جەڭگىۋارلىقىغا ھەيران بولغان بولسىمۇ، ئومۇمەن ئۇلارنى ئانچە مەنسىتىپ قويمىدى. ئۇلارنىڭ تۇساللىغۇدەك چوڭ جەڭ قىلىش مادارى يوقلۇقىغا كۆزلىرى يېتىپ، ئۆزلىرىنى خۇددى خازانلارنى دومىلىتىپ سۈپۈرۈپ كېتىۋاتقان بوراندەك ھېس قىلىشتى. مۇشۇ پادىغا يېڭىلىپ بەرگىنىنى، دەپ ئالدىن يۈرەر تۈمەنىنىڭ مەرھۇم تۈمەنبېشىنى مەسخىرە قىلىشتى، ئەسەردە يازغىلى بولمايدىغان سۆزلەر بىلەن تىللىدى. كۈن قىيامدىن ئۆتۈپ قايرىلغۇچە داۋاملاشقان قوغلاپ زەربە بېرىش يۈرۈشىدە ئۇلار بارا ــ بارا ئولجىلارغا، دەم ئېلىشقا قىزىقىشقا، خېيىم ــ خەتەرلەرنى ئەستىن چىقىرىشقا باشلىدى. بىراق، بۈيۈك سەركەردە ئالېكساندىر ماكېدونىسكىدىن ھوشيارلىقنى قىلچە بوشاشتۇرماسلىق توغرىسىدا كۆرسەتمىلەر پات ــ پات كېلىپ تۇراتتى.

بىز جەڭ قىلىپ چېكىنىپ كېلىۋاتقان بولۇچ مىڭلىكىنىڭ ئالدىنقى خەۋەرچىلىرى قاتارىدا بارگاھقا يېتىپ كەلگىنىمىزدە، باتۇر تېگىن ئۆزىنىڭ چېدىرى تىكىلگەن قىيا ئۈستىدە بىزنىڭ يولىمىزغا تىكىلىپ قاراپ تۇرغانىكەن. چاپارمەنلەرنىڭ ئونبېشى ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، بىر پۇتىدا تىزلىنىپ:

— ئۇلۇغ تېگىن، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ چوڭ قوشۇنى يېقىنلاپ قالدى. بىز بۇ يېغىلىق تارقاتقۇچى بالاخورلارنى كولدۇرلىتىپ بۇرۇندىن مەشەگە يېتىلەپ كەلدۇق، — دېدى.

— بولۇچ مىڭبېشىغا ئېيت، لەشكەرلىرىنى جەڭگىبىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزى مېنىڭ قېشىمغا كەلسۇن، — بۇيرۇدى تېگىن.

— باش ئۈستىگە ! — چاپارمەنلەر ئۇنىڭىشى ئېتىغا سەكرەپ مىنىپ، قوينۇندەك چاپتۇرۇپ كەتتى.

باتۇر تىگىن بىرىنچى ئۆز چېدىرىمىزغا قايتىپ ھاردۇق ئېلىشقا دەۋەت قىلدى. بىراق، بىز ئۇنىمىدۇق، مەشەدە تۇرۇپ جەڭ مەيدانىنى كۆزىتىشكە ئىجازەت ئالدۇق.

بولۇچىنىڭ چېكىنىۋاتقان لەشكەرلىرىنىڭ ئاخىرى ئۈزۈلە - ئۈزۈلمەيلا، ۋىلىلداپ تۇرغان چۆلنىڭ ئۇيۇق سىزىقىدا ماكىدونىيسكىنىڭ لەشكەرلىرى دەس - لەپ قارا چېكىتلەردەك پەيدا بولۇپ، بارا - بارا قارا كۆلەڭگىلەرگە ئۆزگەردى. ئۇلار قىمىرلايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بىراق، كۆپ ئۆتمەي ئۇيۇقنى بۇلۇتتەك چاڭ قاپلىدى. تۇتاش سوزۇلغان ئاتلىقلار قوشۇنى چۆنۇلىلەردەك لۆمشۈپ دالىنى قاپلاپ كېلىشكە باشلىدى. بۇلۇچ مىڭلىكىنىڭ ئادىقى سەپلىرى بارگاھ مۇداپىئەسىنىڭ بېكىنىپ ياتقان جەڭگىۋار قاتارلىرىنى يانداپ ئۆتۈپ يارلىققا كىرىپ كەتتى. ئۇلار ئۇ يەردە مۆكۈنۈپ ھاردۇق چىقارغاچ زاپاس قىسىم ھېسابىدا بۇيرۇق كۈتۈشى كېرەك ئىدى.

باتۇر تىگىن ئالدىدىكى پايانسىز دالىدىن كۆز ئۈزمەيتتى. دالىغا كەڭ يېيىلغان دۈشمەن قوشۇنىنىڭ نەيزە، ساۋۇتلىرى قۇياش نۇرىدا پارقىرىدى. جەڭ ھارۋىلىرىمۇ كۆرۈنۈپ، بايراقلار لەپىلدىدى. باتۇر تىگىن ئارغىمىقىغا سەكرەپ مىندى، تۇرغاۋۇتلار ئۇنىڭ ئالدى - كەينىدە قاتارلاشتى. ئالدى قاتاردىكى تۇرغاۋۇتنىڭ قولىدا يوغان بايراق لەپىلدىدى. باتۇر تىگىن قىلىچنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى، ئارغىماق ئۆرىدەپ كىشنەپ ئاسمانغا چاپچىدى. شۇ ئارىدا چېدىردىن يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۈلگۈرگەن تېمۇر ئۆگە قوللىرىنى ئىككى ياققا كېرىپ، ئۇنىڭ ئېتىنىڭ ئالدىنى توسىۋالدى:

— توختاڭ تىگىن، قايتىڭ، ئەقىللىق سەركەردە قوشۇنىنىڭ كەينىدە تۇرۇپ جەڭگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ، قوشۇنىنىڭ ئالدىغا چۈشۈۋېلىپ قىلىچ كۆتۈرۈپ شاپاشلاپ يۈرسە، ئاددىي لەشكەرگە ئايلىنىپ قالمامدۇ؟ قوشۇنغا كىم باش بولىدۇ. زۇلقەرنەيىن سەپ ئالدىدا ھۇجۇمغا ئۆزى كەپتىمۇ؟ ئەقىللىق دۈشمەندىن ئۆگىنىشنى بىلىش كېرەك.

ئۇستازىنىڭ سۆزى تىگىننى بوشاتتى. ئۇ بېشىنى ئېگىپ، قىلىچنى غىلاپقا قايتۇرۇپ سالدى. ئالىپ مىڭبېشىنى چاقىرىپ، مىڭلىكنى باشلاپ ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە بۇيرۇدى. بۇ پەيتنى بىزنىڭمۇ قولدىن چىقارغىمىز كەلمىدى. چۈنكى بىزدە دۇنياغا مەشھۇر جاھانگىر ئالېكساندىر ماكىدونىيسكىنىڭ دىدارىنى بىر كۆرۈۋېلىش ئىستىكى ئويغانغانىدى. باتۇر تىگىننىڭ قېشىدا تۇرۇقلۇق يۇنداق ئويدا بولۇش گۇناھ بولۇپلا قالماستىن ھەم خەتەرلىك ئىدى. تەستە بولسىمۇ ھەر ھالدا بىز باتۇر تىگىندىن ئالىپنىڭ مىڭلىكى قاتارىدا جەڭگە بېرىشقا ئىجازەت ئالدۇق.

بىز ئۈچىمىزمۇ ئالىپ مىڭبېشىنىڭ باشچىلىقىدىكى لەشكەرلەر قاتارىدا مەيدانغا چۈشۈپ، يۇنانلىقلارغا قاراپ ئاتلارنىڭ بېشىنى قويۇۋەتتۇق. ئاتلار توپا توزۇتۇپ، يەرنى تىترىتىپ چېپىپ كەتتى. ھايال ئۆتمەي دالىغا يېيىلىپ ئات ئۈستىدە سادىق

ئېتىپ ئۈلگۈرەلمەسكە باشلىدۇق. ساداق ئوقلىرى سان - ساناقسىز چېكەتكىلەردەك ھاۋانى قاپلاپ ئۇچۇپ بېرىپ يۇنانلىقلارغا سانجىلاتتى. كىرىپچى قاتتىق تارتىلىق بۇ ئوقلار كۆز سادا قلارغا بىزنىڭ قولىمىزنىڭ كۈچى يەتمىگەچكە ئاتقان ئوقلىرىمىز ئانچە يىراققا بارمايلا يەرگە چۈشتى. قىيا ئادەمنىڭلا ئوقلىرى ۋىژىلداپ توختاۋسىز ھاۋانى يېرىپ ئۆتۈپ، دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كېتىۋاتقان ئاللىقانداق شورى قۇرغۇرنىڭ دۇبۇلغا ياكى ساۋۇتىدىن تۆشۈك ئاچاتتى. ئۇنىڭ بۇ ماھارىتىگە مېگېبىشنىڭ ئۆزىمۇ ئاپىرىن دەۋەتتى. ئەتراپىمىزدىكى لەشكەرلەرمۇ ھېچبىر كۈچ سەرپ قىلمايلا ئوينىشىپ ئېتىۋاتقاندەك يېنىك، چاپسان ھەرىكەتلەردە ئاتسىمۇ، ئوقلىرى ناھايىتى يىراقتىكى دۈشمەنلەرنىڭ ساۋۇتلىرىنى تېشىپ ئۆتۈۋاتاتتى. يۇنانلىقلارنىڭ ھۇجۇمچىلىرى كىشى ئىشەنگۈسىز چاپسانلىقتا توپ - توپى بىلەن ئاتتىن مولالاقلاشقا باشلىدى. شۇنداقتىمۇ، يىقىلغانلارنىڭ ئورنىنى ئارقىسىدىن كېلىۋاتقانلار باساتتى. يۇنانلىقلار بىر نېمىلەرنى دەپ ۋارقىراپ، ھېچنېمىگە پىسەنت قىلماي دەرغەزەپ بىلەن باستۇرۇپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئالايغان كۆز، قىيشايغان چىرايلىرىنى خىرە پەرق ئېتىشكە بولۇپ قالغاندا، ئالىپ مېگېبىشى چېكىنىش بۇيرۇقىنى بەردى. ئەتراپىمىزدىكىلەر ئاتلىرىنىڭ باشلىرىنى ئاران دېگەندە ئارقىغا بۇراپ قېچىشقا باشلىدى. ئەتراپ ئۇچۇۋاتقان ئوق، چاڭ - توپا بىلەن قاپلانغانىدى.

## توققۇزىنچى باب

بىز ھۇجۇم ۋە چېكىنىش ئارىسىدىكى دەقىقىلىق پاتپاراقچىلىقتىن پايدىلىنىپ يان تەرىپىمىزدىكى ئېقىن سۈيى ئۆيدەك چوڭقۇرلۇقتا ئويۇۋەتكەن يارلىققا چۈشۈۋالدۇق. قۇرۇق ئېقىن ئىزىنى ياقىلاپ يۇنانلىقلارنىڭ قوشۇنى تەرەپكە قاراپ بىر ئاز ئىلگىرىلىدۇق. لېكىن، يارلىق ئانچە ئۇزۇن ئەمەس بولۇپ چىقتى. ئاخىرى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، چۆل ئوچۇقچىلىقىغا تۇتىشىپ تۈگىدى. بىز دالدىراق جايدا توختاپ پەيت كۈتتۇق. يار ئۈستىدىكى تۈزلۈكتە كەسكىن جەڭ كېتىۋاتاتتى. ئاتلارنىڭ دۈپۈرلەشلىرى، ئىنجىقلاپ يىقىلىشلىرى، تىرىكلەرنىڭ ۋارقىراشلىرى، يارىلانغانلارنىڭ چىرقىراشلىرى قورقۇنچلۇق شاۋقۇن پەيدا قىلاتتى. دىماغقا چاڭ ئارىلاش قاڭسىق قان ھىدى ئۇرۇلاتتى. جەڭ شاۋقۇنى تەدرىجىي باتۇر تىگىنىنىڭ بارگاھى تەرەپكە سىلجىپ كېتىۋاتاتتى. بىر ئازدىن كېيىن بىز ئاتلىرىمىزنى دېۋىتىپ، يار ئۈستىدىكى تۆپىلىككە چىقتۇق. يۇنان قوشۇنلىرى تەرەپكە قاراپ ئەمدىلا مېڭىشىمىزغا بىر چاتقال كەينىدىن چاقىرغان ئاۋاز ئاڭلانغاندەك قىلدى. بۇرۇلۇپ قاراپ، ئالىپ مېگېبىشنىڭ ئىككى لەشكىرى بىزنى شەرەت بىلەن چاقىرىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. مېگېبىشى بىزنىڭ ئىز - دېرەكسىز يوقالغانلىقىمىزنى كۆرۈپ ئەنسىرەپ، ئىزدەشكە ئادەم ئەۋەتكەن ئوخشايدۇ. بۇ ئالاھىدە غەمخورلۇقتىن قېچىپ قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىز ئاتلىرىمىزغا قامچا سالدۇق. ھېلىقى ئىككى لەشكەر ھاڭ - تاڭ بولۇپ تىكىلىپ تۇرۇپلا قالدى. ئارقىدىنلا

ئەسلىرىنى يىغىپ، ئۇچۇقچىلىقىچە بىزنى قوغلاپ چىقتى. ئالدىچە يۇنان لەشكەرلىرى بىزنى بايقاپ قالدى. ۋارقىرىشىپ - چارقىرىشىپ بىزگە قاراپ ئات سالدى. ھېلىقى ئىككى چەۋەنداز سادىقلىرىدىن كەينىگە قارىتىپ ئوق ئۈزۈپ، چاتقاللىقنىڭ نېرى تەرىپىگە ئۆتۈپ كۆزدىن غايىب بولدى. ئۇلار ئاتقان ئوقلار يۇنانلىقلاردىن بىرىنى ۋە قىيا ئادەمنىڭ ئېتىنى يەرگە دومىلاتتى. ئۇلارنىڭ بىزنى ئېتىپ تاشلىيالىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى. لېكىن، ئۇلار بىزنى چەنلىمىدى. مىڭبېشىدىن بىسوراق يوغانباشلىق قىلىشقا پېتىنالمىغان بولسا كېرەك. ئۇلارنىڭ قوغلىشى بولسا يۇنانلىقلارنىڭ بىزگە بولغان ئىشەنچىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزگە پايدىلىق ئىدى. يوپۇرۇلۇپ كەلگەن يۇنانلىقلار بىزنى قورشاپ تۇتۇۋالدى. بىزمۇ قارشىلىق بىلدۈرمىدۇق. ئۇلار بىزنى قورالسىزلاندۇرۇپ، باشلىقلىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. بىز ئۆزىمىزنى پېرسىيىدىن بۇ ياققا سودا - سېتىق قىلىشقا كېلىپ، باتۇر تىگىنىنىڭ ئادەملىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان، ئۇلار خەۋپلىك ئېغىر ئىشلارغا سېلىش ئۈچۈن تۇتقۇنلار قاتارىدا جەڭ مەيدانىغا ئېلىپ كەلگەندە، پەيت تېپىپ قوراللىرىنى تارتىۋېلىپ، يۇنانلىقلار تەرەپكە قېچىپ ئۆتكەن قىلىپ تەسۋىرلەپ بەردۇق. ئالېكساندىر ماكېدونسكىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئارزۇيىمىز بارلىقىنى ئىزاھلاپ، ئۇنىڭ قوبۇل قىلىشىنى تەلەپ قىلدۇق. تومەنبېشى بىزنى ئالېكساندىر ۋە ئۇنىڭ سەردار ھەمراھلىرى بار قىسمىغا ئېلىپ كەلدى. ئالېكساندىرنىڭ چېرايىدا جىددىيەت ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇ بىزگە قاراپ ھۆرمەت يۈزىسىدىنلا باش لىڭشىتىپ قويدى. سۆزلەشكۈدەك ھەپىلىسى بولمىسا كېرەك. تومەنبېشى بىزگە «ئەگىشىپ يۈرۈۋېرىڭلار، كېيىنچە ۋاقتى چىققاندا پاراڭلىشىدىغان بولدى» دېدى ۋە ياساۋۇللار بېشىنى بىر چەتكە تارتىپ بىرنېمىلەرنى جېكىلىدى. ئاندىن ئالدىراپ ئۆز ئىشىغا كەتتى.

ئالېكساندىر ماكېدونسكى بويىنىنى ئەركەك غازدەك ئېگىپ ئويناقلاپ جايىدا جىم تۇرالمايۋاتقان شاش ئارغىماقىغا مىنىۋالغانىدى. ئارغىماق چاقماقتەك سەكرىمەكچى بولۇپ چاپچىپ يۇلقۇناتتى. مەن يېنىمدا تۇرغان بىر ياساۋۇلدىن:

— قوماندانىنىڭ بۇتسغال دەپ ئاتالغان ئېتى شۇمۇ؟ — دەپ سورىدىم. ياساۋۇل ھەيران بولغانلىقىنى يوشۇرمىغان خۇشاللىق بىلەن:

— دەل شۇنىڭ ئۆزى، كۆزىڭىز ئۆتكۈر ئىكەن، بۇ ئات ھەققىدىكى تەرىپلەرنى سىزمۇ ئاڭلىغان ئوخشايسىز - دە، شۇنداق، پۈتۈن دۇنيا ئاڭلىدى، — دېدى.

— پادىشاھ ئالېكساندىر جانابلىرى بۇ ئارغىماقنى يۈرۈش قىلغان چاغلىرىدا دائىم ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرۈيدۇ، — دېدىم مەن، — كەلگۈسىدە ھەتتا بۇ ئات قېرىپ مىنىشكە يارىماي قالغان چاغلاردىمۇ ئۇنى ئۆز يېنىدىن ئايرىمىغۇسى.

— ئىلاھىم شۇنداق بولغاي، سىز بېشارەتچى ئوخشىمامسىز؟

مەن كۈلۈپلا قويدۇم. شۇ ئارىدا بىز باتۇر تىگىنىنىڭ مۇداپىئە سېزىقىغا يېقىنلاپ قالغاندۇق. ئالېكساندىر ئېغىزدۇرۇقنى چايناپ، تىزگىنىنى سىيرىپ تۇرغان بۇتسغالنىڭ تىزگىنىنى چىڭ تارتىپ توختاتتى. ھەممىمىز ئاتلىرىمىزنى توختاتتۇق. بۇ

يەردىن قانلىق جەڭ قايناۋاتقان مەيدان ئالىقاندىكىدەك ئېنىق كۆرۈنەتتى.

مەيداندا ئالىپ مېكېبىشىنىڭ لەشكەرلىرى قاتارلىرىنى بۇزماي دېگۈدەك تەرتىپلىك چېكىنىۋاتاتتى. قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىغان بۇ يىگىتلەر گاھ توختاپ ئالدىلىرىغا ئوق ئۈزەتتى، گاھ قېچىپ كېتىۋېتىپ ئارقىلىرىغا قارىتىپ ئوق ئاتاتتى. ئوقلار كەمدىن ـ كەم خاتا كېتەتتى. ئۇلارنىڭ مىنگەنلىرى ئۆز ۋاقتىدا شەرقتە داڭق چىقارغان ئۇيغۇر دۇلدۇللىرىنىڭ سەرخىللىرىدىن ئىدى. بۇ دۇلدۇللار شۇنداق چاپسان چاپاتتىكى، كۆرگەن كىشىدە قانىتى بارمىكى، دېگەن تۇيغۇ ئويغىتاتتى. يۇنان چەۋەندازلىرىنىڭ ئاتلىرى ئۇلارنى ھېچ قوغلاپ يېتەلمەيۋاتاتتى. يېتەلمىگەنسېرى قىزىشىپ، ئەدەپ باتۇر تىگىننىڭ بارگاھىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ بارماقتا ئىدى. جەڭ ئەھۋالاتىنى كۆز ئۈزمەي كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقان ئالېكساندىر بۇرۇلۇپ، يېنىدىكى ۋەزىرىگە ئېغىز ئاچتى. ئۇنىڭ سۆزلىرى بىزگىمۇ ئېنىق ئاڭلاندى:

— بۇ يىگىتلەرنىڭ ئۆزلىرى بىر مۆجىزە ئىكەنغۇ، مەن ھەيران قالدىم. ئۇلار ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن، بۇلار باشقىلارغا موھتاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن. بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، قاچان خالىسا، شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ. جەڭ ماھارىتىدە ئۇلاردىن ئۆگىنىڭلار، — دېدى.

ئالېكساندىرنىڭ قوشۇنلىرى باتۇر تىگىننىڭ بارگاھىغا ۋەھشىيلەرچە ۋارقىرىشىپ قۇيۇندەك باستۇرۇپ كىردى. ئۇلار توسۇقلارغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلاتتى. ھارۇۋىلارنى بىر ـ بىرىگە يانداپ قويۇپ ياسالغان يېرىم دائىرىلىك قورغانغا ئوچى ئۇتلۇق ساداق ئوقلىرىنى ئېتىشاتتى. پىيادە لەشكەرلەر ھارۋىلار قاتارىنىڭ تاملىرىغا يانداپ يېقىنلاپ بېرىپ قالغان بولۇپ، قىلىچ ـ نەيزىلەرنى ئوينىتىپ ھۇجۇم قىلماقتا ئىدى. ھارۋا ئاستىغا بېكىنىۋالغان مۇداپىئەچىلەر دۈشمەنلىرىنى ئوق، نەيزە، قىلىچ، شوتا ياغاچلىرى بىلەن قارشى ئالاتتى. بەرداشلىق بېرىپ جەڭ قىلاتتى.

ئالېكساندىر جەڭنىڭ قىزىپ تۇرغان يېرىگە يېڭى قوشۇن ئەۋەتتى. ئۇلار چاڭ بۇلۇتلىرى ئىچىگە ئەمدىلا شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىشىۋېدى، باتۇر تىگىن قوشۇنلىرىنىڭ كارناي ـ سۇناي، دۇمباقلىرى ياڭراپ، ھاۋانى چاڭ كەلتۈرۈۋەتتى. ئۇشتۇمتۇت تىگىن بارگاھىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدىن مىڭلىغان لەشكەرلەر قىقاس ـ سۈرەن بىلەن ئات سېلىپ چىقىپ كېلىشتى. بۇلار قۇلۇچ ۋە بولۇچىنىڭ مىڭلىكلىرى ئىدى. ئۇلار قۇدرەتلىك بوراندەك گۈركىرەپ باستۇرۇپ چىقتى. خۇددى ئۆتكۈر ئىككى ئالماس قىلىچتەك ئۆزلۈكسىز ئالدىغا ئۈزۈپ، ئالېكساندىر تۇرغان تۆپىلىككە قاراپ سۈيلەپ كېلىشكە باشلىدى. ئالېكساندىرنىڭ چىرايىدا ھەيرانلىق، چۆچۈش ئەكس ئەتتى. ئۇ جەڭگە يەنە يېڭى قىسىم ئەۋەتىشكە مەجبۇر بولدى. ئوت ئىچىگە كىرىپ كەتكەنلەردىن تېخى قايتىپ چىققىنى يوق ئىدى. جەڭ ئەۋجىگە چىقتى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ باشلىقلىرى جانلىق كۈچلىرىنى ئاياپ ئولتۇرمىدى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى بىر ـ بىرىگە يەۋەتكۈدەك قەھرىدە تاشلىناتتى. قىلىچلار بىر ـ بىرىگە كۈچ بىلەن ئۇرۇلۇپ،

جاراڭ - جۇرۇڭ، چاقىر - چۇقۇر سادا چىقىرىشاتتى. ئاتلارنىڭ تۇياقلىرى يەرنى
گويا ئۆچەي - باغرىنى چۇۋۇۋەتمەكچىدەك پايخاندايتتى. پۈتكۈل دالا قىقاس - چۇقان
ئىچىدە قالغاندەك بولدى. ئەتراپ ئادەملىك قۇلاق - مېڭىسىنى يېگۈدەك گۈلدۈر - تا-
راق، چىرىلداشلار، ۋاڭ - چۇڭ، قىيقىرىقلار ۋەھىمىسىگە تولدى. قاغجىراق دالىنى
قاڭسىق تەر ۋە قان پۇرىقى، چاڭ - توپا قۇيۇنلىرى قاپلىدى. چىشلار ئارىسىدا قۇم
غىچىرلايتتى. تىلسىنغان يەرلەر چىدىغۇسىز ئېچىشاتتى. ئاسماندا ئالقانچىلىك بۇلۇتمۇ
يوق ئىدى. قۇياش يەر يۈزىنى كۆيدۈرۈۋېتىشكە بەل باغلىغاندەك ئايىماي ئىسسىق
چاچاتتى، ئوت پۈركۈيتتى. چۆل شور تونۇردەك قىزىپ كەتتى. ئاتلار قارا تەرگە
چۆمۈلگەن، ئادەملەرنىڭ پۈتۈن ئەزايى بەدىنىدىن تەر يادىغۇردەك تۆكۈلەتتى، يۈزلەر
قىزىرىپ ئېسىلىپ كەتكەنىدى. ئۇسسۇزلۇقتىن گاللار قۇرۇپ، تىللار ئېغىزغا سىغماي
قالدى. كۆزلەر قىزىرىپ قانغا تولدى. ئادەملەرنىڭ دەملىرى سىقىلاتتى، قوللىرى بولسا
بىر - بىرىنى بوغۇشقا، بىر - بىرىگە نەيزە، قىلىچ تىقىشقا سوزۇلاتتى. ئىگىسىز ئاتلار
ئۈركۈپ، كىشنەپ ئۇياقتىن - بۇياققا چاپاتتى. يارىلانغانلار، ئۆلۈۋاتقانلار ئېچىنىشلىق
توۋلايتتى. دۇمباقلار گۇمبۇرلەپ، ناغرا - بۇرغىلار ياڭراپ، كىشىلەرنى تېخىمۇ كۆپلەپ
ئادەم ئۆلتۈرۈشكە ئۈندەيتتى.

كۈتۈلمىگەندە، چاپارمەنلەر ئالېكساندىر ماكېدونىيىسكىغا ئۇيغۇر قاغانىنىڭ كاتتا
قوشۇن باشلاپ يېقىنلاپ كېلىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر ئېلىپ كەلدى. گەپنىڭ ئاخىرى
چۈشە - چۈشمەيلا گۈلدۈرماما پارتلىغاندەك قورقۇنچلۇق سادا چىقىپ، چۇقان كۆتۈ-
رۈلدى. يارداڭدىن يېڭى بىر توپ ئاتلىق چەۋەندازلار ئېتىلىپ چىقىپ، بىز تۇرۇ-
ۋاتقان تۆپىلىكنىڭ بېقىنىغا دەۋرەپ كېلىپ قالدى. بۇلار بولغاقنىڭ زاپاستىكى مىڭ-
لىكى بولسا كېرەك. ئۇلار بىر نىيەت، بىر ئىرادە، بىر تەكشى شىددەتتە ئىلگىرىلەپ،
ھەل قىلغۇچ جەڭ قايىنىمىغا كىردى. ئۇلار تۆپىلىكتىكى بىزنى قورشاپ تۇرغان قوشۇ-
نىنىڭ سېپىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئىككى ياقتىن سوزۇلۇپ كېلىۋاتقان قىلىچلارنىڭ ئۇچ-
لىرىنى ئۇتاشتۇرۇۋەتمەكچى ئىدى. باتۇر تىگىننىڭ قوشۇنلىرى دەھشەتلىك كۈچ
بولۇپ شەكىللىنىپ، جەڭگاھتىكىلەرنى ئامبۇردەك چىشلەپ تۇرۇپ قاتتىق قىستى.
لەشكەرلەر ئارىلىشىپ، گىرەلەشمە جەڭنىڭ ئوت، قىر بورىنى قورقۇنچلۇق ھالەتتە ئەۋجى-
گە كۆتۈرۈلدى. ئادەملەرنىڭ توگەل باغرى تاش بولۇپ كەتكەنىدى. يۇنان قوشۇن-
لىرىنى قورشاۋ ئىسكەنجىسىنىڭ تەھدىتى ئەگىۋاتاتتى. تالاپەت تەسەۋۋۇرغا سىغما-
غۇدەك دەرىجىدە ئېغىر ۋە پاجىئەلىك ئىدى.

ئالېكساندىرنىڭ قاپىقى چۈشۈپلا كەتكەنىدى، قوشۇنىدا ئەنسىزلىكلەر بۇلۇتلى-
رىنىڭ كۆلەڭگىلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس مىدىرلاۋاتقاندەك قىلاتتى. بىراق، ئۇ ۋەز-
مىنلىكىنى يوقاتمىغان بولۇپ، چىرايىدا خاتىرجەملىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. جەڭ-
گاھتىكى ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلغۇدەك ئۆكۈشسىزلىكلارغا قادىلىپ تۇرغان ئۆتكۈر كۆز-
لىرىدىن ھەيرانلىق، چۆچۈش شۇنىڭ بىلەن بىللە دانا قوماندانلارغا خاس پەم - پارا-
سەت بىلەن جاسارەتنىڭ يارقىن شولىسى چاقناپ تۇراتتى. ئۇ ئوڭ قولىنى كۆتۈر-

دى ـ دە، كەسكىن بىر ھەرىكەتتە شىلتىپلا بۇيرۇق چۈشۈردى:

ــ قوشۇن چېكىنسۇن! ئۇيغۇر ئىلى بىلەن سۈلە تۆزەشىنىڭ چارىسىنى قىلىپ كۆرەيلى. ئەمدى بىزگىمۇ بۇ يەردە سوكۇلداۋېرىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىغانىدى. يەۋنان قوشۇنلىرى چېكىنىش پاتپاراقچىلىقىغا ئۆتكەندە، بىز پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۆزىمىز تۇرۇۋاتقان تۆپىلىكنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىدىن بىر دالدا تاپتۇق. ئامان قايتىـ ۋېلىشىنىڭ ئامالىنى قىلىش ئۈچۈن، قىيا ئادەم گۆھەر قۇتىنى چىقىرىپ، قاپقاقنى ئېچىۋېدى، لوئىزا قىتىغۇرلۇق قىلىپ پىلاندىن يەنە شاخ چىقاردى:

ــ قەدىمكى رورەن دۆلىتىنى بىر كۆرگەچ كېتەيلىچۇ؟!

بۇ دەتالاش قىلىپ تۇرىدىغان ۋاقىتمۇ، ماكانمۇ ئەمەس ئىدى، مەن نائىلاج بېشىمنى لىڭشىتتىم. قىيا ئادەم بىر نېمىلەرنى شىۋىرلاپ، گۆھەر قۇتىنىڭ كۇنۇپكىسىنى باستى. نۇر پارتلىغاندەك بولدى. گۆھەر قۇتا سوزۇلدى، پارقىرىدى، بىردىنلا كېڭىيىپ بىزنى قوينىغا سومۇرۇپ تارتتى ۋە بىز نۇر قۇيۇنى ئىچىدە پىرقىراۋاتقاندەك بولدۇق. يىللار قاراڭغۇلۇقىنىڭ چەكسىزلىكى ئىچىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن بولساق كېرەك، ئاخىرى تەۋرىنىش توختاپ نۇر ئۆچتى. گۆھەر قۇتا ھىكمىتى بىزنى دېڭىزدەك پايانسىزلىقتا ئۇپۇقچە سوزۇلۇپ، ئۆركەشلەپ ياتقان لوپنۇر كۆلىنىڭ بويىغا ئاپىرىپ قويغان ئىدى.

ــ رورەن دۆلىتى مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىر تارىخىنى باشتىن كەچۈرمەكتە، ــ دېدى قىيا ئادەم، ــ ھازىر ئۇلار ياۋچى قاغانىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بېقىنىقلىق.

لوپنۇر كۆلى تولىمۇ سېھىرلىك ۋە گۈزەل تۈستە تاۋلىناتتى. كۆكتە قۇشلار پەرۋاز قىلسا، سۇدا بېلىقچىلارنىڭ ھەر خىل ياغاچ كېمىلىرى ئەركىن ئۈزۈپ يۈرەتتى. يېقىنلا يەردىن بىر يىگىت ناخشا توۋلاپ، ئۇزۇن خادا ياغاچتا سال ھەيدەپ، قومۇشلۇقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى بوم ھەم يېقىملىق بولۇپ، ئاھاڭىدىكى مۇڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن چىقىۋاتاتتى. ناخشا سۆزلىرىنى ئاران پەرق قىلدىم. ئۇ سۆيگۈنى، سۇ ئىلاھىنى كۈيلەيتتى. ناخشا سۆزلىرى ھازىرمۇ ياشاپ كېلىۋاتقان لوپنۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ، ناخشا مۇزىكىسى دولان ئاھاڭلىرىنىڭ قانداقتۇر بىر يەرلىرىنى ئەسلىتەتتى. سەزگۈلىرىمنى سەزگەندەك لوئىزا سوراپ قالدى:

ــ مەن بىر تەتقىقاتچىدىن قەدىمكى رورەنلىكلەرنىڭ ئەۋلادلىرى ھازىرمۇ دولانلىقلار نامىدا ياشاپ كەلمەكتە، بۇ ئىككى ئاتالغۇ ئۇيغۇر تىلىدا بىر ـ بىرىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ، ئەسلىدە يىلتىزى بىر، دەپ ئاڭلىغانىدىم، شۇنداقلىقى راستىمدۇ؟

ــ بىر نېمە دېمەك قىيىن، ــ دېدىم مەن كۆل بويىغا بېرىپ ئولتۇرۇۋېتىپ. كۆل سۈيى ئايىغىم ئاستىغىلا شالاپلاپ ئۇرۇلدى. مەن ئېڭىشىپ بىر ئۇچۇم سۇ ئېلىپ ئىچتىم. تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئەڭ چوڭ دەرياسى بولمىش تارىمنىڭ يۈگەنسىز ئېقىنى ئۇزۇلمەي قۇيۇلۇپ تۇرىدىغان بۇ دېڭىزسىمان غايەت زور كۆلنىڭ ئاسمانىنى ئۆزىدە چايقاپ يۇيۇپ تۇرغان سۈزۈك سۈيى تۇزلۇقراق ئىكەن. مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئالتۇن قۇياشقا قارىدىم. قۇياش شەرقىي ئۇپۇقتىن ئەمدىلا نەيزە بويى ئۆرلىگەنىدى. قارىغاندا، بىز كۆلنىڭ غەربىي قىرغىقىدا تۇرۇۋاتقان بولساق كېرەك، رورەن شەھىرى

بۇ يەردىن ئانچە يىراق بولمىغان غەربىي شىمال تەرەپتە بولۇشى كېرەك ئىدى.

— بىز ھازىر تۇرۇۋاتقان تارىخىي دەۋردە مۇشۇ تارىم ئويمانلىقىدا 36 دىن 50 نەچچىگىچە ئۇششاق دۆلەت بولغانىدى، — دېدىم مەن بىز دەرەخلىك ئىچىدىكى چىغىر يولنى بويلاپ غەربىي شىمال تەرەپكە قاراپ ماڭغىنىمىزدا، — روۋرەن قاتارلىق بۇ كىچىك دۆلەتلەر ئېسىل تاش، قىممەتلىك مېتاللارنى ئىشلەپچىقىرىشتا داڭلىق ئىدى. ئۇلاردا ھەر خىل قاشتېشى، كەھرىۋا، گۆھەر، برىلىيانت، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس قاتارلىقلار ناھايىتى نۇرغۇن ئىدى. بۇ نۆۋەت لوپنۇزا خانقىزغا بىرەر قۇر زىننەت جابدۇقلىرى جايلاپ بېرىدىغان بولدۇق - دە.

— ئاتامنىڭ كەلگۈسى كەلسە، ئۆزى مېڭىپ كېلەرمىش، يىگىتنىڭ بەرگىنى، خۇدانىڭ بەرگىنى دەپ دۇئا قىلىپ ئالىمەن، دەڭا.

ھەممىمىز قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتۇق.

— ھازىر تازا پەيتى، — دېدى قىيا ئادەممۇ، — يەنە بىر مەزگىلدىن كېيىن بۇ ياقىلاردا چوڭ ئۇرۇشلار بولغۇسى. ئۇ زامانغا بارغاندا، روۋرەنلىكلەر گۆھەر تاش، گىلەم، يىپەك كىيىم - كېچەك، پۈتۈشلىرىدىن تارتىپ قىممەت باھالىق ھايۋان مۈڭگۈزلىرىدىن ئىشلەنگەن نازۇك ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىغىچە بولغان بارلىق بايلىقلىرىنى لوپنۇر كۆلى بويىدىكى ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە ئېلىپ بېرىپ يەرگە كۆمۈپ يوشۇرۇپ قويۇشىدۇ. كېيىنكى چاغلاردا ئۇ ئورمانغا ھېچكىم بارالمايدۇ، مەخپىي بەلگىلەر ئۆچۈپ ياكى ئۇنتۇلۇپ، خەزىنىلەر مەڭگۈ يەر تېگىدە قېلىپ كېتىدۇ.

— ئەمسە ئىشنى باشلايلى، — دېدىم مەن چاقچاق قىلىپ، — بۇياقلاردا پىل، توز راسا كۆپ ئىكەنمىش. پىلدىن بىرنى تۇتۇپ، ئۈستىگە تەختىراۋان ئورنىتىمىز، ئۇنىڭغا لوپنۇزا خېنىمنى ئولتۇرغۇزۇپ، توزنىڭ چىرايلىقىدىن بىرنى سوۋغا قىلىمىز.

— توز يوغان تۇرسا، — دەپ كۈلدى لوپنۇزا.

دەرەخلەر ئارىسىدىن ئات يېتىلىگەن ئىككى ئادەم چىقىپ كەلدى. ئۇلار مۈرىلىرىگە ئۇزۇن ساداقلار ئېسىۋالغان بولۇپ، ئېگەرلىرىگە ياۋا ئۆردەك، تۈلكە، قىرغاۋۇل، ئۇلار غانجۇغىلاقلىق ئىدى. بىز ئۇلار بىلەن سالاملىشىپ، روۋرەنگە ئاپىرىدىغان يولنى سورىدۇق. ئۇلار يەرلىك دېھقانلار بولۇپ، ئوۋدىن قايتىۋاتقانىكەن.

— ئاۋۇ تەرەپتە چوڭ يول بار، شۇ يولدىن مېڭىڭلار يولۇچىلار، — دېدى ئۇلار بىزگە قېلىن قومۇشلۇق تەرەپنى كۆرسىتىپ، — قومۇشلۇقنى بويلاپ ئاشۇ ياققا مېڭىۋېرىڭلار، بۇ ئورمان، بۇ دالىلاردا ئارسلان، كەركىدانلار كۆپ، بىكار يەم بولۇپ كېتىسىلەر.

بىز قومۇشلۇقنى ياقىلاپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن، تىك بىر ياردىڭنىڭ تۈۋىگە يېتىپ قالدۇق. يامىشىپ تىرمىشىپ يۈرۈپ ياردىڭنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېدۇق، ئالدىمىزدا كەڭ تۈزلەڭ قۇچاق ئاچتى. ئوڭ تەرەپتە چارۋا مال ئوتلاپ يۈرگەن يېشىل ئوتلاق، سول تەرەپتە سازلىق، ئوتتۇرىدا ئېتىزلىقلار، كۆجۈم مەھەللىلەر كۆرۈنەتتى. ئېتىزلىقلارغا يېقىنلاشقاندا پەسكە چۈشۈشكە توغرا كەلدى. ئازراق مېڭىۋىدۇق، توقايلىق

ئارىسىدىكى چوڭ يولنىڭ ئەگمىسىگە دۇچ كەلدۇق. يولدا ئۇلاغلىق، ھارۋىلىق ئەر - ئاياللار ئۇيياقتىن - بۇيياققا ئالدىراش ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. بىز ئۇلاردىن تىلەك - تىڭلاپ، بۈگۈن شەھەردە نورۇز بايرىمى ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى، كىشىلەر بايرام تەييارلىقىدا ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇق.

— ئۇيياقتىن بۇيياققا بۇنداق لاغايلاپ يۈرۈۋەرمەي، مەنىلىكرەك بىر ئىش قىلايلى، — دېدى لوئىنزا يول چېتىدە توختاپ، — سىلەر تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب - شىمالىدىكى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئەڭ ئاتاقلىق سەنئەتكارلاردىن ئون نەچچە كىشىنىڭ ئىسمىنى تىزىملاپ چىقىڭلار. بىز گۈزەل قۇتنىڭ ھېكمىتىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ يەرگە يىغايلى، ئاندىن ھەممىمىز بىرلىكتە روزەنىنىڭ قاغان ئوردىسىغا بېرىپ بايرامنى قۇتلۇقلايمىز. قاغان ۋە ئۇنىڭ ۋەزىر دانىشمەنلىرى بىلەن بىللە يۇلتۇزلار بەزمىسى كېچىلىكى ئۆتكۈزىمىز. ئۇ بەزمىدە ئۇچرىشىشمۇ، سۆھبەتمۇ، ئويۇن - كۈلكىمۇ، تەنتەنىمۇ بولىدۇ.

مەن لوئىنزانىڭ يەم - پاراسىتىگە ھەيران قالدىم. ئىچىمدە ھەتتا شۇنداق ئاددىي، لېكىن قالتىس پىكىر نېمىشقا مېنىڭ كاللامغا بالدۇرراق كەلمەيدىغاندۇ، دەپ ئۆز كاللامدىن ئاغرىندىم.

— بۇ ئاۋارىچىلىقى كۆپ ئىش، — دېدى قىيا ئادەم ئەستايىدىللىق بىلەن ئويلىنىپ تۇرۇپ، — دەۋرلەر ئارىسىدىكى ۋاقىت پەرقى چوڭ بولغاچقا، بۇلارنى بۇ يەرگە يىغىشقا گۈزەل قۇتمۇ قىينىلىدۇ. بىر - بىرلەپ ئىزدەپ تېپىپ، چاقىرىپ كېلىشكە توغرا كېلىدۇ.

— قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە، دېگەن ماقالمۇ بارغۇ، — دېدى لوئىنزا يەنە كۈلۈمسىرەپ.

مەن خوتەنلىك رەسسام ۋىجاۋا، كۇچالىق تەرجىمشۇناس ئالىم كۇماراجىۋا، كۇچالىق مۇزىكا پىرى سوجىۋا، يەكەنلىك مۇزىكانت خانىش ئامانىسا، ئۇلۇغ تىلشۇناس، ئالىم مەھمۇت قەشقەرى، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر نەۋائى، بەشبالىقلىق تەرجىمشۇناس ئالىم سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ قاتارلىق يىگىرمە نەچچە يۇلتۇزنىڭ تىزىملىكىنى تۈزۈپ بەردىم. تەڭرىتاغ يۇلتۇزلىرى ئەسلىدە يۈزلەپ بار ئىدى، بىراق ھەممىنى چاقىرتىشقا ئىمكان بولمىدى. لوئىنزا ئايال بولغاچقىمۇ، ئامانىساغا قىزىقتى، مۇقام پېشۋارى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ خۇرسەن بولدى، ئۇ ئون ئىككى مۇقامنىڭ لوندون، شياڭگاڭ قاتارلىق جايلاردا قويۇلۇپ، دۇنيا سەھنىسىدە زىلزىلە پەيدا قىلغانلىقىنى ئاڭلىغانىكەن.

يۇلتۇزلارنى چاقىرتىشقا ئەپلىك بولۇش ئۈچۈن، ئېگىزرەك، كەڭرەك جاي تېپىش كېرەك بولدى. بىز باياتىن ئۆزىمىز بېسىپ ئۆتكەن ئېگىزلىكتىكى دالىغا قايتىپ، بىر قىيا تاش ئۈستىدىكى قورغان خارابىسىنى تاللىدۇق. بۇ خېلى ئەپلىك قورغان ئىكەن، ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن ئۆزىمىزنىڭ چارچاپ ھالىمىزدىن كەتكەنلىكىمىزنى ھېس قىلدۇق. گۈۋەرۈلۈپ چۈشكەن تاش - خىش دۆۋىسى ئۈستىگە ئولتۇرۇپ بىرئاز ھاردۇق

چىقاردۇق. قىيا ئادەم كۆھەر قۇتىنىڭ تەگىشكۈچلىرىنى ئالدىرىماي خېلى ئۇزاق ھەپلىشىپ تەگىشىدى، ئاندىن قورغان ئۈستىدىكى بىر چېتى غۇلاپ چۈشكەن پەشتاقنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورنىتىپ قويدى. بىر ھازادىن كېيىن كۆھەر قۇتا ئاسمانغا بىلىنەر-بىلىنمەس كۆپ خىل رەڭلىك نۇر دەستىسى تارقىتىشقا باشلىدى.

— مۇشۇنداق ئولتۇرۇپ ئىككى سائەت ساقلىشىمىز كېرەك، شۇندىن كېيىن كۈتكەن ئادەملىرىمىز كېلىشكە باشلايدۇ، — دېدى قىيا ئادەم، — ئاڭغىچە ئازراق مۈگدەپ كۆزىمىزنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالايلى.

لوئىزا ئۈنچىقماي ماڭا يۆلەندى، ئۇيقۇ ۋە ھارغىنلىق رودىپايدەك چاپلاشقىنىنى، تۈگمەن تېشىدەك پىرقىراپ كېلىپ زىممەمدىن باسقانلىقىنىلا بىلىمەن، قاچان، قانداقسىگە ئۇخلاپ قېتىپ قالغانلىقىمىزنى سەزمەيلا قاپتۇق.

قۇلاقنى زىڭىلدىتىدىغان غەلىتە بىر خىل يېقىمسىز ئاۋازدىن ئويغىنىپ كەتتىم. دەسلەپتە نەدە ئىكەنلىكىمنى، نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالمىدىم. سەل ئېسىمنى يىغقىنىمدا نەزىرىم چۈشكىنى قورغان سىرتىدىكى ھاۋا بوشلۇقىدا پەيدا بولغان ئېللىپىس شەكلىدىكى غەلىتە نەرسە بولدى. ئۇ يەڭگىل، تېز لەيلەپ، قورغاننىڭ پۇچۇق تېمىنىڭ قېشىغىلا يېتىپ كەلدى.

— بولۇڭلار، بۇياققا — ئاسمانغا قاراڭلار! — دەپ ئىلاج بار بوش ئاۋازدا توۋلىدىم مەن ھەمراھلىرىمغا.


قىيا ئادەم مەڭدەپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. لوئىزا تىترىگەن دەپ مېنىڭ ئۈستۈمگە يىقىلىپ چۈشتى.

— ئاپلا، چاتاق چىقتى، ئالەم ئادەملىرى بىزنى ئىزدەپ كەلگەن ئوخشايدۇ، ئۇنىڭسى ئۇچار تەخسە.

قورغان پەشتىقىغا ئورنىتىلغان كۆھەر قۇتىدىن چىقىۋاتقان نۇر دەستىسى بىراقلا ئۆچتى.

— قىمىرلاشقا بولمايدۇ، بولمىسا ئۇلار نۇر قورالىدا ئېتىپ تاشلايدۇ! — دېدى قىيا ئادەم بېسىق تاۋۇشتا.

غايەت زور تۇخۇمنى ئەسلىتىدىغان بۇ ئۇچار تەخسىنىڭ ئاستى تەرىپى بىلەن يەر يۈزى پاراللېل ھالەتتە ئىدى. ئۇ ئوڭغا، سولغا ئەركىن ئۇچتى، ئاندىن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە قورغاننى بىر ئايلىنىپ ئۇچۇپ چىقتى. ھاۋادا تېز توختىدى، تىك پېتى تۆۋەنلىدى. قۇلاقلىرىمىز غوڭۇلداپ كەتتى. ئۇنىڭ گەۋدىسى كۈمۈش نۇر چېچىپ تۇراتتى. دىئامېترى بىر مېتىردىن ئارتۇق كېلەتتى. شىرىلدىغان سادا چىققاندەك بولدى-دە، ئۇچار تەخسە چىمەنلىك ئۈستىگە يېنىككىنە قوندى. ئەمدى ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقىنىڭ بەش مېتىر، ئېگىزلىكىنىڭ ئىككى يېرىم مېتىردەك كېلىدىغانلىقى ئېنىق بولدى. ئۇنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى ئۆرلەش-چۈشۈش ئېغىزى ئىشىككە ئوخشايتتى. تۆت چاسا شەكىللىك ئىككى دېرىزىسى پارقىراپ تۇراتتى. ئۇچقۇردىن چېچىلىۋاتقان نۇردىن چېڭقالدىمۇ قانداق، كۆزلىرىمىز سانجىلىپ ئاغرىغاندەك بولدى.



ئۇچقۇرنىڭ ئىشىكى شەپىسىز ئېچىلىپ، ئۇنىڭدىن بىر پەتەك، بىر ئۇزۇنتۇرا ئىككى كىشى چىقىپ كەلدى. ئۇزۇنتۇرانىڭ بويى 2 مېتىر، پەتەكنىڭ 1.50 سانتىمېتىر كېلەتتى. ھەر ئىككىلىسى باشلىرىغا پارقىراق پولات قالپاق كىيىۋالغان بولۇپ، قالپاقلىرىنىڭ ئۈستىدە ئانتېنناغا ئوخشاش بىر نەرسە دىڭگىيىپ تۇراتتى. ئۇلار زوۋان سۆرمەيلا قورغانغا قاراپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ قولاقلىرى ئۈچلۈق بولۇپ، باشقا جەھەتلىرى ئىنسانلارغا ئوخشايدىغاندەك ئىدى. بىراق مەن ئۇلارنىڭ قىياپىتىنىڭ بىلىنەر ـ بىلىنمەستىن ئۆزگىرىپ ھەر خىل تۈسكە كىرىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، كۆز ئالمىلىرىدىن كىشىنى ئەيمەندۈرىدىغان سېرىق نۇر چاچراپ چىقىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدىم. ئۇلار قورغاننىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشكەن تېمى ئالدىدا توختاپ، قوراللىرىنى بىزگە قاراتتى، بۇ قوراللار بالىلارنىڭ ئويۇنچۇق ئاپتوماتلىرىنى ئەسلىتەتتى. ئۇلار يەر شارىدىكى قانداق مىللەت ئادىمىنى كۆرسە، شۇنداق تىلدا سۆزلىيەلەيدىغان بولسا كېرەك. ئېگىز بويلۇقى ئۇيغۇر تىلىدا دېدى:

ـــ سىلەر بىزنىڭ گۆھەر قۇتىمىزنى ئوغرىلىۋېلىپ ئىشلىتىپ يۈرۈپسىلەر. بۇ گۇناھىڭلار ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇم.

ـــ يوقسۇ، بۇ چوڭ ئۇقۇشماسلىق، جانابىي ئالىيلار، ـــ دېدى قىيا ئادەم ئۇلارغا ئېگىلىپ سالام قىلىپ تۇرۇپ، ـــ مەن تاشقا ئايلىنىپ قالغان چېغىمدا، ئالەم ئادەملىرى بۇ گۆھەر قۇتىنى مېنىڭ يەلكەمدە ئۇنتۇپ قېلىپ كېتىشكەنىدى. ئادەمگە ئايلانغاندىن كېيىن قايتۇرۇپ بېرەي دېسەممۇ سىلەر بىلەن ئالاقەم بولمىغاچقا قايتۇرالمايتتىم.

ـــ ئۇنىڭمۇ دېگىنى راست، ـــ دېدى يوغانباش پاكىنەكنى، ـــ بۇپتۇ، ئەمدى بولسىمۇ ئېلىپ كېتەيلى، ھېلىمۇ ياخشى ئۇنى ئاپتاپتا ئۇزاق قويۇپسىلەر، ئۇ تارقاتقان نۇر دەستىسىنى بىز قوبۇل قىلىپ قالدۇق.

مەن لوئىزاغا يالت قىلىپ قارىدىم. خىجالەتچىلىكتىن ئۇنىڭ چىرايى بىر قىزىرىپ، بىر تاتاردى.

پەشتاقتىكى گۆھەر قۇتا يېنىغا ھېچكىم يېقىن يولىمىغان، گەپ ـ سۆز قىلمىغان تۇرۇقلۇقمۇ ئۇشتۇمتۇت جان كىرىپ، ئۆزلۈكىدىن ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. بوشلۇقتا

لەيلەپ پىرقىراپ ئۇچۇپ، بېشىمىز ئۈستىنى بىر ئايلىنىپ چىقتى ـ دە، ئۇدۇل بېرىپ پاكىنەكىنىڭ يانچۇقىغا كىرىپ كەتتى. مەن شۇ زامات بىر تىزىمدا تىزلىنىپ ئۇلارغا يالۋۇردۇم:

ـــ بىز يامان ئىش قىلمىدۇق. ھاياتلىق مۇساپىسى ئۈستىدىلا ئىزدەندۇق. بىزنى ئىككى مىڭ ئۈچ يۈز يىلنىڭ نېرىسىدىكى ئۆلۈك ۋاقىتلارنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا تاشلاپ كەتمەڭلار. ئۆتۈنۈش بولىدۇ.

ئالەم ئادەملىرى تۇرۇپ قېلىشتى، بىر ـ بىرىگە قاراپ قويۇشتى. گەپمۇ قىلمىدى. بىز ئۇلارنىڭ دېمەكچى بولغان مەقسىتىنى سۆزسىزلا چۈشىنىپ بولدۇق. ئۇلاردىكى ئىندۇكسىيىلىك ئۇچۇر تارقىتىدىغان دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچلۈك ئىقتىدار بىزگە ئۇلارنىڭ ماقۇل بولغانلىقىنى يەتكۈزگەنىدى. بىز تېخى خۇشال بولۇشقىمۇ، بىر ـ بىرىمىزگە قاراشقىمۇ ئۈلگۈرمىگەنىدۇق، ئۇلار ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ھاۋاغا لەيلەپلا ئۇچۇپ بارغىنىچە ئۇچار تەخسىنىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ كېتىشتى. بىز تەئەججۇپ ۋە ۋەھىمە ئىلكىدە ھاڭقىيىپ تۇرۇپلا قاپتۇق. شۇ ئارىدا كۆز قاماشتۇرغۇدەك كۆمۈش نۇر پۇر ـ كەۋاتقان ئۇچار تەخسە بىزنى ئاۋازسىزلا سۈمۈرۈپ قويىنىغا ئېلىپ كىرىپ كەتتى ۋە كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان تېزلىكتە ھاۋاغا تىك كۆتۈرۈلدى.

شۇندىن كېيىن كۆز ئالدىمىز كېچىدىكى چوڭقۇر زىنداندەك قاراڭغۇلاشتى. بەلكى يىللار قاراڭغۇلۇقىنىڭ مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتكەندىمىز، بەلكى ئەس ـ ھوشىمىزدىن تامامەن ئايرىلىپ جۆيلۈۋاتقاندىمىز ياكى غەلىتە چۈش كۆرۈۋاتقاندىمىز، بەلكى بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزگە بىر تېپىشماقتۇر. ئەگەر بۇ رېئاللىق بولۇپ، بىز راستىنلا ئۇچار تەخسىدە ئۇچۇۋاتقان بولساقچۇ؟ زادى بۇ گۆھەر قۇتا، ئۇچار تەخسە دېگەنلەر قانداق ئۇچىدۇ؟ ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇچار تەخسە سېكۇنتىغا تەخمىنەن ئون مىڭ كىلومېتىر ئۇچالارمىش. ھالبۇكى، ئايغا ئۇچقۇچ راكېتاسى سېكۇنتىغا ئون نەچچە كىلومېتىرلا ئۇچالايدۇ. مەن ئىلگىرى يەنە ئۇچار تەخسىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچى مەيدانى ماتورى ياكى تارتىش كۈچىگە قارشى مەيدان ماتورىدىن كېلىدۇ، دېگەن قىياسلارنى ئاڭلىغانىدىم. ئەمدى بۇ ھۆكۈمنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتلىنىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈۋاتىمەن. ھېچ بولمىغاندا مۇشۇ ئۇچار تەخسە ئۇنداق ياسالمىغان. بۇ ئۇچار تەخسىنىڭ ئىندۇكسىيىلىك ئۇچۇر ئارقىلىق ھەرىكەتلىنىدىغانلىقىدا شەك يوق. دېمەك ئالەم كىشىلىرى ئۆزلىرىنىڭ خىيالىي ئىقتىدارىنى يىغىنچاقلاپ، ئۇنىڭدىن ئۇچار تەخسىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى ئورنىدا پايدىلىنىدىغانلىقى ئېنىق. ئاھ، ئىندۇكسىيىلىك ئۇچۇر دۇنياسى، قاچانمۇ بىز سىزنىڭ سىرلىرىڭىزنىڭ دوستى بولالارمىز؟

كۆزىمىز ۋە ئەقلىمىزگە نۇر قايتقاندا، لوئىزا ئىككىمىز ئۆزىمىزنى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئۇلانباي سۇ ئامبىرىدىكى باغچىسىدا كۆردۇق. بۇ قۇياش قانغا پېتىپ، كەچكى شەپەق يالقۇنلىرى ئۇچۇۋاتقان چاغ ئىدى. ئۇچار تەخسە قىيا ئادەمنى كۆ ـ ھەر قۇتا بىلەن بىللە ئېلىپ، شۇ يالقۇنلارنىڭ رەڭلىرى سۇسلىشىپ، سۇنۇۋاتقان

www.uyghurkitap.com

نۇرلىرىغا كىرىپ غايىب بولدى. قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىرىدا «خاتىرجەم بولۇڭلار!» دېگەن بىر ئۇچۇرنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىكىدەك تۇيغۇ پەيدا بولدى.

ئارىدىن خېلى بىر ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئەس - ھوشىمىزنى يىغىپ، چوڭ يولغا چىقتۇق. بۇ جايدىن تاكسى توسۇپ ئۈرۈمچى شەھىرىگە كىرىش، ئاندىن پويىز ياكى ئايروپىلاندا بېيجىڭغا قايتىش كېرەك ئىدى.

لوئىزانىڭ پىكىرلىرىمۇ قالايمىقانلاشقانىدى. ئۇ تاكسىغا چىققاندىن كېيىنمۇ ئەزەلدىن مېنىڭ ئالدىمدا قىلىپ باقمىغان ئاجايىپ تەھلىل، ئېيتىپ باقمىغان غەلىتە قىياسلىرىنى سۆزلەپ ماڭدى: ئۇ 1956 - يىل سەھرايى كەبىر چۆللىرىدىكى تاشىل قەدىمكى يادىكارلىقىدىن تاش قوراللار دەۋرىدە ئىجاد قىلىنغان بىر تام سۈرىتى قېزىۋېلىنغانلىقى، شۇ سۈرەت ئارىسىدىن يەر شارى ئادىمىگە ئوخشىمايدىغان غەلىتە بىر ئادەمنىڭ سۈرىتىمۇ چىققانلىقى، بۇ سۈرەتلەردىكى كۆرۈنۈشلەر يەر شارىنىڭ تاش قوراللار دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش رېئاللىقىغا زادىلا ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. يەنە ياپونىيىنىڭ ئائوموري كامېگائوكا قەدىمكى يادىكارلىقىدىنمۇ بىر لاي ھەيكەل قېزىۋېلىنغانلىقى، ئۇنىڭ سەھرايى كەبىردىن قېزىۋېلىنغان تام سۈرىتىدىكى غەلىتە ئادەم بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاپ كېتىدىغانلىقى ئۈستىدە توختالدى. ئۇلار ئوخشاشلا كەڭ كىيىم كىيىۋالغان بولۇپ، بېشىدىن پۇتىغىچە مەلۇم بىر خىل يېپىنچا يېپىنىۋالغاندەك كۆرۈنىدىكەن. ئالەم ئۇچقۇچىلىرىنىڭ ئالەم كىيىمى كىيىۋالغان ھالىتىگە خويما ئوخشايدىكەن. لوئىزا ئىككى جايدىن تېپىلغان بىر - بىرىگە بەكمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ يادىكارلىقلارنى ئالەم ئادەملىرىنىڭ ئەينى زاماندىكى مىسىر ۋە ياپونىيىدە بارلىققا كەلگەن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى كۆزىتىش مەقسىتىدە يەر شارىنى زىيارەت قىلغانلىقىنىڭ پاكىت ئىزلىرى دەپ شەرھلىدى. ئۇ گۈللەنگەن دەۋردىكى قەدىمكى جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسى مەدەنىيىتىنىڭ، بولۇپمۇ ئاسترونومىيە ۋە تەبىئىي پەن جەھەتتىكى ئاجايىپ تەرەققىياتلىرىمۇ ئالەم ئادەملىرىنىڭ زىيارىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى 1958 - يىلى برازىلىيىنىڭ بېتراپىنىدات يادىكارلىقلىرىدىن تېپىلغان غايەت چوڭ تاشقا ئويۇلغان غەلىتە بەلگىلەر ۋە نۇسخىلار توپى، بەزى ئالىملار تەرىپىدىن تاغ جىنسلىرىنىڭ يېمىرىلىش ئەھۋالىنى كۆزىتىش ئۇسۇلى بويىچە تەكشۈرۈلۈپ، بۇنىڭدىن «10 مىڭ يىل ئىلگىرى ئويۇپ يېزىلغان» ئالەم ئادەملىرىنىڭ سىرلىق يېزىقى دەپ قارالدى، دېدى. لوئىزا يەنە شۋېتسارىيىنىڭ ئالپ تاغلىق رايونى، ئۆزبېكىستاندىكى قەدىمكى يادىكارلىقلار، ئاۋستراليىدىكى تارىختىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى ئۆڭكۈرلەر ۋە مېكسىكىنىڭ مايا قەدىمكى يادىكارلىقلار ئىچىدىن تېپىلغان بەزى تام رەسىملىرى، ئىسپانىيىنىڭ ئالتامىرا غارىدىكى ياۋا كالا رەسىمى ۋە باشقا تام رەسىملىرىدىمۇ ئوخشاشلا ئالەم ئادەملىرى ۋە باشقا جانىۋارلارنىڭ ئوبرازلىرى تەسۋىرلەنگەن ئاجايىپ غارايىپ كۆرۈنۈشلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بەزىلىرى ئۇچار تەخسىگىمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ. خىرىستوس تام رەسىملىرىدىمۇ شۇنداق سىر بار. خىرىستوس ئالەم ئادىمى، دېگەن كۆز قاراشنىڭمۇ ئاساسى بولۇشى مۇمكىن.

— ئالەم ئادەملىرى بىلەن بولغان بۇنداق دوستانە مۇناسىۋەت قاچاندىن باشلانغان بولۇشى مۇمكىن؟ — سورىدىم مەن.

— ئېنىق مەلۇمات يوق، — دېدى لوئىزا جاۋاب بېرىپ، — ئالىملار بىر ياكى بىر نەچچە تۈمەن يىل ئىلگىرىلا ئالەم ئادەملىرى يەر شارىنى زىيارەت قىلىشقا باشلىغان، دەپ كۆرسەتمەكتە. جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى پېرونىڭ ناسكا تۈزلەڭلىكىدىن تېپىلغان زور قوراشتۇرۇلما ھەم ئافرىقىدا بايقالغان غايەت زور ئۇچۇش يوللىرىنىڭ ئىزلىرى قەدىمكى زاماندا ئالەم كىشىلىرى يەر يۈزىدە ياسىغان ئايرودروملار بولۇشى مۇمكىن. ناسكا تۈزلەڭلىكىدىكى تۈز سىزىق ۋە ئەگرى سىزىقلاردىن تەركىب تاپقان بۇ چوڭ قورۇلما شۇنچىلىك چوڭكى، ئېگىز ھاۋا بوشلۇقىدىن تۇرۇپ قارىغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭ غايەت زور رەسىم ئىكەنلىكىنى بايقىغىلى بولىدۇ. مىسىر پىرامىدالىرىنىڭ سېلىنىش جەريانىمۇ مۇشۇنداق يەشمەك قىيىن بولغان سىر.

— ئالەم ئادەملىرى قەيەردىن ئۇچۇپ كەلگەن؟

— ھەر خىل ئېھتىماللار بار، — دېدى لوئىزا، — ئومۇمەن، يەر شارى ئالىمىنىڭ ئۇ قىرغىقىدىكى كائىناتتىن، باشقا ئالەم سىستېمىسىدىن ئۇچۇپ كەلگەن. كونكرېت ئېيتقاندا، قۇياش سىستېمىسىغا يېقىن بولغان ئاققۇش يۇلتۇز تۈركۈمى 61 - نومۇرلۇق يۇلتۇز ۋە كىت يۇلتۇز تۈركۈمى، ئېرىدان يۇلتۇز تۈركۈمىدىكى بەزى ئاسمان جىسىملىرىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

— بۇلارنىڭ ھەممىسى داۋاملىق ئېچىشنى تەلەپ قىلىدىغان سىر ئوخشايدۇ، — دېدىم مەن.

— بۇ ئالەم سىرغا تولغان ئالەم، — دېدى لوئىزا چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ قويۇپ، — ئىنسانلارنىڭ ئۆمرى سىر ئېچىش بىلەن ھەپىلىشىپلا ئۆتۈپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنى ئاخىرى ئۆزىمۇ تۇيماي قالسا كېرەك.

— سىر ئېچىلىپ تۈگىمەيدۇ - يۇ، ئادەم ئۆمرى تۈگەيدۇ، — دېدىم مەنمۇ بېشىمنى لىڭشىتىپ. بۇ سۆزلەر نېمىشقىدۇر كەيپىياتىمنى تۆۋەنلىتىپ قويغاندەك بولدى. ئۇزاققىچە ئۈنچىقمىدىم.

قىيا ئادەم بىلەن بولغان شۇ قېتىمقى ئۇشتۇمتۇت ئايرىلىش مەڭگۈلۈك ئايرىلىش بولۇپ قالدى بولغاي، ئۇ شۇ كەتكىنىچە سۇغا چۆشكەن تاشتەك، ھاۋاغا سىڭگەن زەررىچىدەك ئىز - دېرەكسىز غايىب بولدى. بەلكى ئۇچار تەخسە ئۇنى ئۆز يۇرتىدىكى ئەسلى ئورنىغا يەتكۈزۈپ قويغاندۇ. ئۇ يەنىلا تاشقا ئايلىنىۋېلىپ شۇ يەردە ئېگىز قەد كۆتۈرۈپ، ۋاقىتنىڭ بوران - چاپقۇنلىرى بىلەن مۇڭدىشىپ، يىراقلارغا — رەڭلىرى ئۆزگىرىشچان، ئۇپۇقتىكى مەزمۇن ۋە كۆرۈنۈشلىرى ئۆزگىرىشچان ھايات سۈرەتلىرىگە تويماي قاراپ تۇرۇۋاتقاندۇ! چۈنكى ئارىمىزدىكى بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلالمىغۇدەك چوڭقۇرلاشقان سەمىمىي مۇھەببەتنى كۆزدە تۇتۇپ، بىر قېتىم مەن ئۇنى بىز بىلەن بىللە يىراقلارغا كېتىشكە، مەڭگۈلۈك ھەمراھىمىز بولۇشقا ئۈندىگەنىدە، ئۇ ئۇنىمىغانىدى. «قايتىپ بېرىپ ئۆز جايىمدا قايتىدىن تاشقا ئايلىنىپ كەتكىنىم تۈزۈكتەك

قىلدۇ، قەدىمكى ئادەملەر تىرىلىپ كەلگىنى بىلەنمۇ ھازىرقى دۇنيا كۆزلىرىگە سىغمايـ
دىكەن، ئەقلىمۇ زامانغا يېتىشەلمەيدىكەن. يەنىلا ئۆتمۈشنىڭ ئۆتمۈش بولغىنى، ئۆتمۈش
ئادىمىنىڭ ئۆتمۈشتە قېلىۋەرگىنى دەرھەق، ئادەم ئۆز زامانى بىلەن قەدىرلىك. زامانـ
دىن ئايرىلغان ئادەم جاندىن ئايرىلغان مۇردىغا ئوخشاش قىممەـ
تىنى يوقىتىدۇ. كەلگۈسى پەقەت كەلگۈسىنىڭ ئۆز ئادەملىرىنى يۆلىشىدىگە، كۆتۈـ
رۈشىگىلا يېتىشىدۇ» دېگەنىدى. كىم بىلىدۇ، ھېلىقى بىرى ئۇزۇنتۇرا، بىرى پاكەـ
نەك ئالەم ئادەملىرى ئۇنىڭ بىلەن قىيامەتلىك دوستلاردىن بولۇپ قالدىمۇ تېخى.
ئۇچار تەخسە كېيىن يەنە تالاي قېتىم ئۇنىڭ تاش گەۋدىسىنىڭ يېنىغا يېنىككىنە
قونغاندۇ. ئالەم ئادەملىرى ئۇنىڭغا ئۆتكەندىكىدىنمۇ كارامەتلىك سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلـ
غاندۇ. ئىندۇكسىيىلىك ئۇچۇر تارقىتىش ئىقتىدارىنىمۇ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ قويـ
غاندۇ ۋە ياكى شۇ گۆھەر قۇتىنىمۇ تارتىپ ئېلىپ كەتكەندۇ، كىم بىلىدۇ، ئۇلارمۇ
ئۆز سىرلىرىنى ساقلاشقا ئامراقتۇ بەلكى، بىزنىڭ بۇياقلاردىمۇ ئۆز سىرىنى يوشۇرۇشـقا
ئۇرۇنمايدىغان جانۋارغۇ يوق. لېكىن قىيا ئادەمنىڭ يۇرتى تەرەپكە قايتا ئۆتۈش پۇرـ
سىتى كەلمىگەنلىكتىن، بۇ ئىشلار ماڭا تېپىشماقتەك چىگىش، كېچىدىكى جاڭگالدەك
قاراڭغۇ پېتى قېلىۋەردى.

* * *

مەن لوئىزانى باغچىدا ئەنە شۇنداق تەلمۈرۈپ كۈتتۈم. كەچۈرمىشـ
لەرنى شېرىن چۈشلەرنى ئەسلىگەندەك ئەسلىدىم. كۈنلەر ھالقىلاردەك
ئۇلىشىپ، ھەپتىلەر زەنجىرلەردەك يۆگىشىپ ئۆتتى. چۈشتە ئايان بولغان پەرىشتىلەرـ
دەك يۈگۈرۈشۈپ، ئۈنسىز غايىب بولدى. ھەر شەنبە چۈشتىن كېيىن ھېلىقى ئاشپۇزۇلـ
دىكى قەدىناس ئورۇننى قولدىن بەرمەيتتىم. رومكىنى لېۋىمگە گويا لوئىزانىڭ ياقۇت
لېۋىدەك زوق بىلەن تەگكۈزەتتىم. مانا، ئۇشتۇمتۇت مەن لوئىزانى يەنە كۆرۈپ قالدىم.
ئۇ قېيىقلار توختايدىغان جايدىن بىر نەچچە ئەرەب يىگىتى بىلەن بىللە چىقىپ كېـ
لىۋاتاتتى. يىگىتلەر بىر-بىرىدىن ئېگىز، غەيۇر، چىرايلىق ئىدى. لوئىزا لاتاپەتـ
لىك قەددىنى تىك تۇتۇپ، ئىنچىكە بېلىنى تال چىۋىقتەك تولغاپ، ئېچىلىپ-يېيىـ
لىپ سۆزلەپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى. كۆڭلۈمنىڭ چوڭـ
قۇر بىر يېرى ئاغرىغاندەك بولدى. ئۇ ئۇلارغا نېمانچە يېقىنچىلىق قىلىدىغاندۇ؟ بەـ
راق لوئىزا مېنىڭ نېمەم ئىدى شۇنچە؟ ئۇنى قىزغىنىش ھوقۇقىنى ماڭا كىم بېرىپتۇ؟
يەنە كېلىپ ئۇلار دېگەن ئەركىن دۇنيا ئادەملىرى تۇرسا، جىنسىي ئەركىنلىكنىڭ، مۇھەبـ
بەت ئەركىنلىكىنىڭ ئەركىلىرى تۇرسا، تۇۋا، ماۋۇ كاللامنىڭ تومۇز ئاپتىپىدا قالغان قاپاقـ
تەك كولدۇرلاپ قالغىنىنى دېمەمدىغان، ئەستەغپۇرۇللا... ئاشپۇزۇلنىڭ ئالدىغا كەلگەندە
ئۇ ھەمراھلىرى بىلەن خوشلاشتى-دە، بۇرۇلۇپ مەن تەرەپكە قارىۋىدى، يۈرىكىمگە
ئوت پۈركەلگەندەك بولدى. گويا سىرلىق كۆرۈنمەس قورالدا پۈركەلگەن شۇ ئوتتا قەلـ
بىمدىكى بارلىق غەم-غۇسسە، ئەندىشە، ۋەھىمە، ھىجران ئازابلىرى بىر يولىلا كۆـ
يۈپ كەتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئورنۇمدىن قانداق چاچراپ تۇرغانلىقىمنى ئالدىغا يۈگۈـ
رۈپ بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەنلىكىمنى سەزمەيلا قالدىم. بېسىز

ئىرمىشىپ-چىرمىشىپ كەتتۇق، گويا ئېرىپ، بىر گەۋدە، بىر جان بولۇپ يۇغۇرۇلۇپ كەتتۇق. ئوتتۇرا شەرق ھەققىدىكى بولۇشقا تېگىشلىك سوئال-جاۋابلارمۇ ئاللىقاياقلارغا چۆرۈۋېتىلدى. بىز توي خېتى، توي مۇراسىمى، لوئىزانى ئاق بۇلۇتتەك ئاق كىيىملەردە چۆمكەش ھەققىدىلا سۆزلەشتۇق. توي قىلىشقا بەل باغلىدۇق. كۈتۈلمىگەندە — شۇنداق شېرىنلىك ئىچىدىكى جىددىي پەيتتە لوئىزانىڭ شەيتانلىقى يەنە تۇتتى. چىرايلىق كاللىسىغا يەنە غەلىتە بىر پىكىر كىرىۋالدى بولغاي، بىردىنلا ئۇ مېنىڭ قانداقتۇر مۇھەببەت قىياسىغا چىقىپ ...اقتىن ئۆتۈپ بېرىشىمنى سوراپ قالدى. مەن چۈشىنەلمىگەنلىكىمنى بىلدۈردۈم. ئۇ ئۇدۇنىمىزدىكى چوققىدا يېرىم مۇئەللەقتە ئېسىلىپ تۇرغان بىر قىيا تاشنى كۆرسەتتى. قىيا قورقۇنچلۇق ئىدى. لوئىزا ماڭا قاراپ كۈلدى ۋە چۈشەنچە بەردى. ئەنگلىيىنىڭ ھېبرىد تاقىم ئاراللىرىدىكى سىنت كىلدا ئارىلىدىكى يەرلىك ئاھالىلارنىڭ مۇھەببەتتىكى ئاجايىپ بىر ئادىتىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇ جايدىكىلەر توي قىلىش قانچىكى قىيىنغا توختىسا، نىكاھتىن ئاجرىشىدىغانلارمۇ شۇنچە ئاز بولىدۇ، دەپ قارىشىدىكەن. شۇڭا لايىق تاپقان يىگىتلەر تويدىن بۇرۇن ئاتلانتىك ئوكياندىكى ئېگىزلىكى 255 مېتر كېلىدىغان ئۇزۇلمە قىيا — «مۇھەببەت قىياسى»نىڭ ئۇچىغا چىقىشى، تىك قىيانىڭ لېۋىگە بېرىپ بىر پۇتى بىلەن ئۆرە تۇرۇشى كېرەككەن. تەڭپۇڭلۇقنى يوقىتىپ قويسا، قىيادىن بىراقلا دېڭىزغا غۇلاپ كېتىدىكەن. شۇنداق قىلىۋېتىپ غۇلاپ ئۆلگەنلەرمۇ كۆپ ئىكەن، سىناقتىن قورقۇپ خوتۇن ئالماي ئۆمۈرۋايەت بويتاق ئۆتىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەسكەن.

لوئىزا كۆرسەتكەن چوققىدىكى ئۇزۇلمە قىيا تاشقا قايتا قارىغىنىمدا مېنى سوغۇق تەر باستى. بۇ سىناقتىن ئۆتۈش ئۈچۈن قۇيۇچتەك قاتتىق ئىرادە، سېركچىلەردەك يۇقىرى ماھارەت تەلەپ قىلىناتتى. ئامال قانچە؟ رەت قىلىشقا جۈرئەتىم يەتمىدى، تەۋەككۈل قىلىپ تەلەي سىناشقا بەل باغلىدىم.

مەن خۇددى ئاسمان-پەلەك تارتىلغان دار ئارقىنى ئۈستىدە كېتىۋاتقان دارۋازدەك ئاۋايلاپ قىياغا ئۆرلەۋاتاتتىم. يۈرىكىم بوغۇزىمغا تىقىلىپ قالغانىدى، قاتتىقراق تىنساملا ئاغزىمدىن ئېتىلىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك ئىدى. مەن لوئىزانىڭ ماڭا ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ياكى پەستە قەيەردىدۇر كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيتتىم. قاراپ باققۇدەك جاسارەت قالمىغانىدى. سالقىن شامالنىڭ يەلپۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىغا قارىماستىن، چېكىلىرىمدىن پۇرقىراپ چىققان تەر يۈزۈمنى بويلاپ سىرغىپ ئېقىشقا باشلىدى. قىيالىقمۇ گويا دارۋاز ئارغامچىسى لەپەڭشىگەندەك لەپەڭشىيتتى. يائاللا، دۇنيانىڭ ئۇ چېتىدەك چەكسىز بىلىنگەن ئۇزۇلمە قىيا لېۋىگىمۇ مانا يېتىپ كەلدىم. ماڭا گويا تاغ ئۈستىدىكى ئۇپۇقنىڭ لېۋىگە يېتىپ كەلگەندەك بىلىندى. ئۈستۈمدىكى ئاسمانمۇ، ئاستىمدىكى كۆلمۇ كۆپكۆك ئىدى، ياق، توغرىراق ئېيتسام، شۇنداق بولسا كېرەك، دەپ ئويلايتتىم. ئېگىزلىكمۇ، پەسلىكمۇ قارىغۇدەك ماجال يوق ئىدى. قىيا لېۋىدە لېۋىمنى چىشلەپ توختىدىم. ئەمدى بىر پۇتۇم بىلەن ئۆرە تۇرۇشۇم كېرەك ئىدى. ئاغزىم قۇرۇپ كەتتى. تىنىقىم توختاپ قالغاندەك بولدى. قىيامەت كۈنىدىكى پىلسىرات كۆۋرۈكىمۇ بۇنچىۋالا دەھشەتلىك ئەمەستۇ. ھەر ھالدا ئادەم ئۇنىڭدىن قۇربان ھېيتتا

ئۆزى قۇربانلىق قىلغان قويغا مىنىپ ئۆتەدۇ ـ دە، بۇنداق قوينىڭ تۇياقلىرى مېنىڭ شۇ تاپتىكى پۇتلىرىمدىن مىڭ ھەسسە ئىشەنچلىك. ئالىمادىس يىقىلىپ كەتسىمۇ قوي بىلەن بىللە يىقىلىدۇ، يالغۇز ـ غېرىپ ھالدا ئەمەس. ئەگەر مەن ھازىر يىقىلىپ تارتىپ قالسام يالغۇز، يېگانە... ئاھ، لوپنۇزادىن جۇدا بولۇشنىڭ ئۆزى بۇ قىيادىن مىڭ قېتىم يىقىلىپ ئۆلۈشتىنمۇ دەھشەتلىكتۇ، ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن پەرۋەردىگارىم! ـــ مەن لەۋلىرىمنى چىشلەپ پەم بىلەن بىر پۇتۇمنى كۆتۈردۈم. پۇتۇم يوغان بىر تاش ئېسىلغاندەك ئېغىر ئىدى. مەن چىدام بىلەن بارلىق كۈچۈمنى يىغىپ، پۇتۇمنى ئاستا كۆتۈرۈشكە باشلىدىم. پۇتۇمنى ئەمەس، پۈتۈن قىيالىقنى كۆتۈرۈۋاتقاندەك كۈچىنىپ ھاسىراپ كەتتىم. يەنە بىر پۇتۇم قىلىچنىڭ بىسى ئۈستىدە دەسسەكلىكتەك تۇيۇلاتتى. پۇتۇم ئاخىرى ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلدى. گويا پۈتۈن يەر شارىنى كۆتۈرۈۋالغاندەك ئىچ ـ ئىچىمدىن ئىنجىقلاپ كەتتىم. ماغدۇرۇم تۈيۇقسىزلا ئۈزۈلۈپ، بېشىم قايىنامدەك پىرقىراپ قايغانلىقىنىلا بىلىمەن، ھاۋادا ئېگىزدىن پەسكە قورام تاشتەك ئۇچۇشقا باشلىدىم. مەن يىقىلىپ چۈشكەن، قىلىچ بىسىدىن تېيىلىپ موللاقلىغانىدىم. سالقىن شامال يۈز ـ كۆزلىرىمگە شىددەت بىلەن ئۇرۇلاتتى. قىيا ـ چىيا ئاۋازلارنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم. ھەممىدىن قاتتىق چىرقىراق ئاۋازنىڭ لوپنۇزانىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى ئىلغا قىلدىم. ئۇنىڭ بىر ئۈنى يەرگە كىرسە، بىر ئۈنى ئاسمانغا يېتەتتى. مەنمۇ توۋلاي دېۋىدىم، ئۈنۈم چىقمىدى، قورقۇنچ گېلىمنى بوغۇۋالغانىدى. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقىچە تاشقا ئۇرۇلۇپ مىجىقىم چىقىدۇ، نامۇ ـ نىشانەسىمۇ قالماسلىقى مۇمكىن، مەندەك بىر ئاددىي ئادەمنىڭ ئۆلۈك ـ تىرىكى بۇ دۇنيا ئۈچۈن نېمە ئىدى؟ پېشانەدچە كېلىپ مۇزدەك سۇغا، ئاندىن چويۇندەك تاشقا ئۇرۇلدۇم. قاتتىق ئاغرىقنىڭ زەربىسى مېڭەمنى سەگەكلەشتۈردى. بېشىمنى شىددەت بىلەن تىك كۆتۈرۈپ كۆزلىرىمنى كۆچەپ ئاچتىم. لوپنۇزانىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. مەن غېرىبسىنىپ ئورۇندۇقتا يالغۇز ئولتۇرغىنىمدا پېشانەم ئۈستەلنىڭ گىرۋىكىگە ئۇرۇلغانىكەن.

مەن ئېسىمنى يىغىپ زۇمرەت كۆلگە قارىدىم. كۆل سۈيى مېنىڭ قېنىمدا بويالغاندەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. كەچكى شەپەق شەلپەر پەردە تۇيىنىتىپ، سېھىر كۆرسىتىۋاتاتتى. مېنى غېرىبلىق باستى. مىڭ يىللىق يالغۇزلۇق غېمى تارتقان ئادەمدەك بولۇپ قالدىم. ئىچ ـ ئىچىمدىن ئاچچىق بىر يىغا تۇتتى. يۈرىكىم ئېزىلىپ قانغا ئايلىنىپ، كۆزلىرىمدىن كۆلگە تامچىلاپ ئېقىپ، ئۇنى تېخىمۇ قىزارتىۋېتىدىغاندەك ئىدى. كۆل سۈيىدەك قىزارغان شارابتىن بىر قەدەھ كۆتۈرۈۋەتتىم. زەھەرنى زەھەر قايتۇرىدۇ، دەردنى دەرد يۇيىدۇ، قاننى قان ئەمەسمۇ. لوپنۇزاغا كۆل ھەققىدە ئېيتىپ بەرگەنلىرىم ئېسىمگە كېلىپ قالدى.

ـــ بۇنداق ياسالما تاغ تۈۋىدىكى سۈنئىي كۆلمۇ كۆل بولامدۇ، ـــ دېگەنىدىم مۇشۇ كۆل بويىدا مەن ئۇنىڭ نازۇك ئاق بوينىغا گىرە سېلىپ ئولتۇرۇپ، ـــ بىز تەرەپتە ئەزىمەت تاغلار پارقىراق كۆللەرنى كۆزلىرىگە كۆزەينەك، باشلىرىغا تاجىنىڭ گۆھىرى قىلىپ تاقىۋالىدىغان مۆجىزىلىك كۆرۈنۈشلەر بار. كۇئېنلۇن تېغى بىلەن تەڭرىتېغى

بەلگۈك كۆلى بىلەن قاراكۆلنى كۆزلىرىگە كۆزەينەك قىلىپ تاقىۋېلىپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئۈستىدىن بىر-بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇشىدۇ. بۇ كۆللەرنىڭ كۆل يۈزى ئېگىزلىكى دېڭىز يۈزىدىن ئۈچ-تۆت مىڭ مېتىردىن ئارتۇق كېلىدۇ. ئايدىڭكۆل بولسا دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر تۆۋەن چوڭقۇرلۇقتا جايلاشقان. باغراش كۆلىنىڭ كۆلىمى مىڭ كۋادرات كىلومېترغا يېقىن بولۇپ، جۇڭگو بويىچە تاتلىق كۆللەرنىڭ پادىشاھى ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭدا كۆلىمى بەش كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدىغان كۆللەردىن 52 سى بار. بۇغدا تېغىنىڭ بېلىدىكى تەڭرىكۆلىنى ئېيتساقمۇ ئۇنىڭ ئۆزى بىر تىلسىمات. ئۇنى جەننەت قىلىپ تەسۋىرلىگەن رىۋايەتلەر، بېيىت-غەزەللەرنىڭ گۈزەللىكىگە كۆز، ھېسابىغا سۆز يەتمەيدۇ، تەڭرىكۆلى مۇز چوققا، ئۈستىدىكى سۈزۈك ئەينەك، كۆلنى تولدۇرۇپ تۇرغان قار سۈيى، خرۇستال چوققا، ئالتۇن رەڭ ئوتلاق، قىزارغان قىراۋلىق ياپراق، كۆك قارىغاي، يېشىل قىيىننى ھۆسنىدە ئاجايىپ روشەن، رومانتىك ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرىدۇ. قانچىلىك ئېگىزلىكتە دەمسىز؟ دېڭىز يۈزىدىن 1900 مېتىردىن ئارتۇق ئېگىزلىكتە يالتىراپ ياتىدۇ. تاغ كۆرۈنۈشى، كۆل جىلۋىسى كىشىنى ھەست قىلىدۇ. بۇغدا چوققىسى، ئاپئاق كۆچمە مۇز ئېقىنلىرى بىر-بىرىنى كېسىشكەن چوڭ-كىچىك مۇزلۇق كۆللەر، مۇزلۇق ئۆڭكۈرلەر يىراق-يىراقلارغا سوزۇلغان. مۇز ئۆڭكۈرلىرىگە كىرسىڭىز تورۇستا مۇز تۈۋرۈكلەر ساڭگىلاقلىق تۇرغان، پەستە مۇز دەرەخلەر توپ-توپ توقايلارنى ھاسىل قىلغان بولىدۇ. بۇ ئاجايىپ-غارايىپ ئۆڭكۈرنى بېسىپ ئۆتسىڭىز خۇددى ساماۋى چۆچەكلەر دۇنياسىدىكى بىللور ئوردىغا، مەرۋايىت سارايغا كىرىپ بارسىز. سەللا پەخەس بولمىسىڭىز، مۇز دەرەخ، مۇز تۈۋرۈكلەر ئالماس بازغان تەككەن گۆھەر ياكى تاش دەينەكلەردەك كۇكۇم-تالقان بولىدۇ. مۇز تاغ ئېتىكى بولسا ئورمان ۋە گۈللۈك، چۆپلۈكلەر بىلەن قاپلانغان. قارىغايلار سان-ساناقسىز كونىلۇكلەرنى ئەسلىتىدۇ. قاتار-قاتار چوققىلار، قاتمۇقات كۆك تاغ، پارچە-پارچە ئوتلاق، قېلىن-قېلىن ئورمان خۇددى يۇلتۇزلار ئاينى قورشىغاندەك زۇمرەت سۇنى ئوراپ تۇرىدۇ.

لوئىزا ئىككىمىز تالاي قېتىم بۇنداق تىلسىماتلىق گۈزەل جايلارغا سىرلىق سەيلىگە بارغانىدۇق.

مەن لوئىزانى قولىدىن تۇتۇپ يېتىلەپ، تاغ ئۈستىگە ئۆرلەۋاتاتتىم. ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى كېپىنەك قانىتىدەك گۈلدار ئىدى. شوخ كۆلكىسى ئوچ-ئۇق ئاپتاپتەك جىلۋە قىلاتتى. ئالدىمىزدا ئالتاي تاغلىرىنىڭ چوققىلىرى ئاسمانغا چىقماقچى بولۇپ ئېتىلىشقانىدى. چوققىلارنىڭ نېرىسىدىن بىر يالقۇننىڭ جىلۋىسى، بېرىسىدىكى ئورمانلاردىن بۇلبۇللارنىڭ ناۋاسى كېلەتتى. پەستىكى جىلغىدا شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇلار رەڭدار ئۈزۈم شارابىنى ئەسلىتەتتى. چوققىلارغا يېقىنلاشقاندا قارلىق تاغ، مۇزلۇق چوققىلار قۇچاقلاپ تۇرغان بەھەيۋەت يوغان جىلۋىدار بىر زۇمرەت تاش كۆرۈندى.

— ئاۋۇ ئاينىڭ بالىسىغا قاراڭ، — دېدىم مەن لوئىزاغا ھېلىقى سۈزۈك زۇمرەت تاشنى كۆرسىتىپ.

— ئاي، — دېدى لوئىزا تەئەججۈپ بىلەن تىكىلىپ قاراپ، — ئۇ خاسىيەتلىك بىر دېگىنىزمۇ نېمە؟

— يېقىنلاشتىڭىز، ئۇ 38 كۋادرات كىلومېتىر چوڭلۇقتىكى بىر تاغ كۆلى.

— يەنە تونۇش جاي نامىلىرىنىڭ بېرەرسىنى ئاڭلارمەنمىكىن، دەيمەنغۇ؟ سىلەرنىڭ خەلقىنىڭ جاي ئىسىملىرىنى تەكرار قويىدىغان ئادىتى باردەك قىلىدۇ، چىلىيەنشەن تېغىنىڭمۇ، تەڭرىتېغىنىڭمۇ ئەسلى نامى تەڭرىتېغى ئىكەن، ھېنگان تاغلىرىدىمۇ، تەڭرىتاغلىرىدىمۇ تەڭرىكۆلى دەيدىغان جاي بار ئىكەن.

— يېڭى بارغان يېرىگە ئانا يۇرتىدىكى جاي نامىلىرىنى قويۇپ ماڭسا كېرەك. ئاقسۇ-دىمۇ، دۆربىلجىندىمۇ ئاقسۇ دەپ دەريا، ئالتايدىمۇ، ئاتۇشتىمۇ قىران دەپ دەريا، چىڭخەيدە سەيدام، بورتالادا سايرام دەپ كۆل بار. ئاقسۇدا ئاۋات، قەشقەردىمۇ ئاۋات، چۆچەكتە قارادۆڭ، غۇلجىدىمۇ قارادۆڭ، گەنسۇدا سۇلى، قەشقەردىمۇ سولى-سۇلۇق دەپ جاي بار. بۇنداق نامىلار تەكرارلىنىشى كۆپ گەپ. بىراق بۇ كۆلنىڭ ئېتى باشقىچىرەك، ئۇ قاناس كۆلى دەپ ئاتىلىدۇ. قاراڭ ئەنە، كۆپلىگەن تاغلار قىستىلىشىپ بۇ كۆلنى سۈزۈك خرۇستال قاچىدەك باشلىرىدا ئاسمانغا 4 مىڭ مېتىر-دىن ئارتۇق ئېگىزلىككە كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، ئەتراپتىكى چوققىلار ئارىسىدا ئورمان، ئوتلاق ھەممە بۇغا بېقىش، ھەسەل فېرمىلىرى بار. سىز ئۆز يۇرتىڭىزدا بۇنداق كۆلنى كۆرۈپ باقمىغان بولغىيدىڭىز، ئەتىمالىم. قاناس كۆلىنى ئىككى قۇياش، ئىككى ئاي كىزەكلىشىپ ئايلىنىپ تۇرىدۇ. قۇياشلار تاغ چوققىسىدىكى ئۇپۇق بىلەن كۆل سۈيى ئىچىدىكى ئۇپۇقتىن بىر ۋاقىتتا تەڭ كۆتۈرۈلۈپ، كەچقۇرۇن تەڭ پاتىدۇ. گۇگۇمدىن كېيىن ئىككى ئايمۇ ۋەدىلەشكەندەك بىر ۋاقىتتا شۇ يولدا تارتىنچاقلىق بىلەن پەيدا بولىدۇ.

— سىلەر مۇسۇلمانلار مىڭبىر كېچىنىڭ چۆچەكلىرىگە ئۇستا، شۇلاردىن بىر قىسمىنى سۆزلىمەيۋاتقانسىز، — لوئىزا نازلىنىپ ئەركە ئاھاڭدا سۆزلىگەچ بېلىمىدىن قۇچاقلىۋالدى، — بىزنىڭ شېئىرلىرىغا مەن ئامراق ژيوم ئاپولىنېر، ژۇل سۇپېرۋېيل دەيدىغان شائىرلىرىمىز بار. سىزدىنمۇ شۇلارنىڭكىدەك نادىر شېئىر يازالايدىغان شائىر چىققۇدەك سۆيۈملۈكۈم.

— ياخشى تىلىكىڭىزگە رەھمەت. ئاشۇرۇۋەتتىڭىز گۈھىرىم.

ئۇنىڭ كۆلكىسىگە تاغلار ئۇزاققىچە ئەكس سادا قايتۇردى. بىز يۇقىرى ئۆرلەپ يېقىنلاپ بېرىپ، قىرغاقتىكى كۆكۈش تۇتەكنىڭ سىرلىق چۈمپەردىسىنى قايرىپ ئاچتۇق. كۆز ئالدىمىزدا قاناس كۆلىنىڭ تىنتىرەڭگۈ چۈشكە ئوخشايدىغان تۇمانلىق شېئىرىي يۈكسەكلىك ئىچىدىكى تەسۋىرگە سىغمايدىغان ئاجايىپ گۈزەللىكى چىراي ئاچتى. لوئىزا ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئاھ، دەۋەتتى. دەرۋەقە، تاغلارنىڭ بېشى ئۈستىدە پارقىرايدىغان رەڭگى ئۆزگىرىشچان قاناس كۆلىنىڭ ئۆزىلا خىيالەتتىكە ئوخشايدىغان بىر دۇنيا بولۇپ، گۈزەللىككە ۋە سىرلىق تۇسكە باي ئىدى.

بىز قىرغاقنى بويلاپ ئالغا ماڭدۇق. نەچچە ئون كىلومېتىرغا سوزۇلغان قاناس

دەريا ئېقىنى گۈزەللىكتە تەڭداشسىز، كاتتا ستىرېئولۇق رەسىملىك كارىدورغا ئوخشايتتى. ھەر قەدەمدە بىر مەنزىرە، ھەر بۇرۇلغاندا تەبىئەت سىزغان بىر رەسىم ئۇچرايتتى. ھەر بىر بۆلۈك بىر باغچىدىن گۈزەل ئىدى. بۇ يەر گويا گۈزەللەمەي ۋاراقلىنىۋاتقان ھېكمەتلىك سۈرەتلىك كىتابقا ئوخشايتتى. كۆزلىرىمىز مەنزىرىلەر ئالمىشىشلىرىنى ئاران پەرق قىلىپ ئۈلگۈرەتتى. مەنزىرىلەردىكى ئېپىدائىيلىق، ساددىلىق لوئېزانىڭ ئەقلى ـ ھوشىنى تارتىۋالدى. كۆلنى قات ـ قات تاغلار، قاپقارا ئېپتىدائىي ئورمان، قاپتال، ئوتلاق، جىلغىلار قورشاپ تۇراتتى. كۆل ـ غۇنچىلارنىڭ تۈرلىرىنى، سانىنى ئېلىپ بولمايتتى.

— بۇ سۇ نەگە بارىدۇ؟

— جىرالاردىن كېلىپ بۇ كۆلگە يىغىلىدۇ، ئاندىن قاناس دەرياسىغا، قاناس دەرياسى بولسا ئېرتىش دەرياسىغا قوشۇلۇپ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىنى بېسىپ ئۆتۈپ، شىمالىي مۇز ئوكيانغا قۇيۇلىدۇ.

لوئېزا شاختىن شاخقا سەكرەپ سايراۋاتقان قۇشلارغا مەستخۇشلۇق بىلەن بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن سوراپ قالدى:

— ھايۋانات كۆپمۇ؟

— بۇ يەردىكى ئېسىل ھايۋاناتنىڭ تۈرى يۈزدىن ئاشىدۇ، — دېدىم مەن پەخىرلەنگەن تەلەپپۇزدا، — ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ تاغلىق ئورمانلاردا قاردەك ئاق شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقى، كۆلدە بىرنەچچە تونىنا ئېغىرلىقتىكى چوڭ قىزىل بېلىق ياشايدىكەن.

بىز ئايلىنىپ يۈرۈپ قاناس كۆلىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى تۆگە چوققىسىغا كېلىپ قاپتۇق. كىشىلەر بۇ يەردە بىر تاماشا راۋىقى ياسىغانىكەن. راۋاققا چىققىنىمىز بىلەن تەڭلا شارقىراپ ئۆتكۈنچى يامغۇر يېغىپ كەتتى. يامغۇردىن كېيىنكى ئەتىگەندە قۇياش تۇمەن مىڭ خىل رەڭدار بايراقلار تەنتەنىسىنىڭ قورشاۋىدا ئالتۇن بېشىنى كۆتۈرۈش بىلەنلا كۆل سۈيىنىڭ رەڭگى تىلسىم تۈس ئېلىپ، ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىشكە باشلىدى. ئادەملەرنىڭ بۇ ئۆزگىرىشچان كۆل جىلۋىسىنى «خىزىر يورۇقى» دەپ ئاتاپ كېلىۋاتقانلىقى بىكار ئەمەسكەن. ئۇ ھەقىقەتەن سىرلىق، مەپتۇن قىلارلىق ئىدى. ئارقا مەنزىرىلەرنىڭ كارامىتىدىن بولسا كېرەك، سۇنىڭ رەڭگى قۇياش نۇرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرەتتى. بۇ كۆلنىڭ سۈيى بىركۈندە بىرقانچە قېتىم رەڭگە كىرەلەيدىغان خىسلىتى بىلەنمۇ يىراق ـ يېقىندا داڭلىق ئىدى.

لوئېزا بۇ چوققىنىڭ نېمە ئۈچۈن «تۆگە چوققىسى» دەپ ئاتىلىپ قالغانلىقىغا قىزىقىۋىدى، مەن بۇۋامدىن ئاڭلىغان بىر رىۋايەتنى ئېيتىپ بەردىم:

بۇرۇنقى زامانلاردا بۇ يەردە قوڭۇر ئېيىق كۆپكەنمىش. قوي يېگۈسى كەلگەندە قوي پادىلىرىنىڭ ئارىلىرىغا بۆسۈپلا كىرىپ، قويلارنى قولتۇقلاپلا ئېلىپ مېڭىشاركەنمىش، قويچىلار نائىلاج لەۋلىرىنى چىشلەپ، كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، بىر چەتتە قاراپ

قېلىشۋېرىدىكەن. كېيىنچىرەك كۆكۈلىرى ئات گۆشىنى تارتىپتۇ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بېرىپ كۆزى چۈشكەن ئاتنى بىرلا شاپىلاق ئۇرىدىكەن، ئاتنىڭ مېڭە قېپى ئاجراپ چۈشۈۋېرىدىكەن. بېرىپ-بېرىپ تۆگە گۆشى يېگۈسى كەپتۇ. لېكىن بۇنىڭدا قىيىنچىلىققا دۇچ كەپتۇ. تۆگە كالامپاي مەخلۇق بولغاچقا، قولتۇقلىغىلىمۇ، قۇچاقلىغىلىمۇ، ئۇرۇپ يىقىتقىلىمۇ بولمايدىكەن. سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ، دېگەندەك ئېيىقلار بىرنەچچە كۈن كېڭەش قىلىپ، ئاخىرى ئەپچىل بىر چارە تېپىپتۇ. ئۇلار تۆگىلەرنى ئادەملەردەك قىقاس-سۈرەن سېلىپ مۈشۈك ئېگىز چوققىنىڭ تۆپىسىگە ھەيدەپ چىقىدىغان بولۇشۇپتۇ. تۆگىلەرنىڭ نوچىلىقى قۇملۇقتا قۇدرىتىنى كۆرسەتكەن بىلەن تاغلىقتا كارغا كەلمەيدىكەن. ئۇلار دۆڭدىن پەسكە سىيرىلىپ چۈشۈشتىن ئۆلگۈدەك قورقىدىكەن. چېتى تىكرەك كەلگەن ئويمان جايغا دۇچ كەلسىلا بوزلاپ، ۋارقىراپ، تىرەجەپ جايىدا تۇرۇۋالىدىكەن. بۇنداق چاغدا ئېيىقلار ئارقىسىدىن ئىتتىرىپ ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى زورلاپ ماڭغۇزىدىكەن. چوققا ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن ئېيىقلار ئەركىنلىك بېرىپ، ئۇلارنى ئىختىيارىي قويۇۋېتىدىكەن-دە، ئۆز ئىشلىرىغا كېتىشىدىكەن. تۆگىلەر بولسا چوققىدىن ئەبەدىي قايتىپ چۈشەلمەيدىكەن. ھاۋا تۇتۇلۇپ يامغۇر ياغقان چاغلاردىلا ئېيىقلار قايتىپ چىقىپ، ئۇلارنى ئالدىرىماي بەخىرامان يېيىشىدىكەن. ئېيىقلار تۆگىلەرنى ھەيدەپ چىقىپ ساقلاپ ئۇدۇللۇق يەيدىغان ئامبىرى قىلىۋالغان بۇ چوققا بارا-بارا «تۆگە چوققىسى» دەپ ئاتىلىپ قالغانىكەن.

لوئىزا كۆلدىكى چوڭ قىزىل بېلىق توغرىسىدا گەپ سوراپ قالدى. ئۇنى كۆرمەك بولۇپ تىنىك قىيا لېۋىگە باردى. كۆلدىكى سۇ ئاقۇش، كۆكۈش، زەڭگەر، سارغۇچ، قىزغۇچ، ھال رەڭلەرگە كىرىپ، ھەسەن-ھۈسەن يەڭلىغ تاۋلىناتتى. بىز ئۇزاق قاراپ تۇردۇق. قىزىل بېلىقتىن دېرەك بولمىدى. كۈتۈۋېرىشتىن زېرىكىپ قايتماقچى بولۇپ، ئەمدىلا كەينىمىزگە بۇرۇلۇشىمىزغا مۆجىزە پەيدا بولدى. ھەسەن-ھۈسەن كۆلى دەسلەپتە بىلىنەر-بىلىنمەس، بارا-بارا سېزىلەرلىك، كېيىن قاتتىق تەۋرەندى. كىتتەك چوڭلۇقتىكى بىر قىزىل بېلىق سۇ يۈزىگە ئاستا-ئاستا لەيلەپ چىقىشقا باشلىدى. گويا بىر قىزىل كاتىر لەيلەپ چىقىۋاتقاندەك ئىدى. ئۇ شۇنداق ئويۇن ئويناشقا ئامراقمۇ ياكى بىزنىڭ شەپىمىزنى بايقاپ قالدىمۇ ئەيتاۋۇر بىردىنلا بىر سىلكىنىپ تولغىنىپلا كۆل سۈيىنىڭ تەكتىگە شۇڭغۇدى. ئۇنى كۆزدىن قاچۇرۇپ قويۇشتىن قورققان بولسا كېرەك، لوئىزا قىيانىڭ لېۋىگە تاشلاندى. مانا شۇ چاغدا ئويلىمىغان خەتەر يۈز بەردى. قەيەردە ماراپ ياتقان بولغىيدىكى، ياندىش تۇرغان ئېگىزلىكتە پەيدا بولغان بىر ئېيىق ئۆيدەك يوغان بىر تاشنى پەسكە دومىلىتىۋەتتى. قىيا لېۋىگە قاراپ گۈلدۈرلەپ كېتىۋاتقان قورام تاش كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە قىزنى سوقۇپ، دومىلىتىپ، مىجىپ-يەنجىپ، سۇنىڭ ئاستىغا ئېلىپ كىرىپ كەتكەن بولاتتى. مەن ھېچنېمىنى ئويلىمايلا، جانىنى ئالىقانغا ئېلىپلا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردۈم.

كۆزۈمگە لوئىزادىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. قۇلاقلىرىمغا ئۆزۈمنىڭ ئاۋازىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى:

ــ لوئىزا، چەتكە...

مەن تىك يار كىرۋىكىدە ئۇنىڭغا يېتىشۋېلىپ كۆڭلىكىدىن تۇتۇۋالدىم. بىراق ئۆزۈمنى توختىتىۋالالمىدىم. تېز يۈگۈرۈشتىن پەيدا بولغان ئىتتىرىش كۈچى مېنىمۇ ياردىن پەسكە ئېتىۋەتتى. بىز تىك ئېگىزلىكتىن مولىلاقلىغانىدۇق. بوشلۇقتا سىيركىمىدەك پىرقىراپ كېتىۋېتىپ، كەينىمىزدىن چۈشۈۋاتقان ھېلىقى تاشنى ئېنىق كۆردۈم. يار لېۋىدىن بىرتالاي پەسلىگەندە قىيا بىلىدىن ئۆسۈپ چىققان قىرلىق بىر تاشنىڭ بوشلۇقتا ئۈزۈن كالتەكتەك داردىيىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. بوش تۇرغان سول قولۇم شارتلا قىلىپ سوزۇلۇپ ئۇنى تۇتۇۋالدى. مەن ئېسىلىپ قالدىم-يۇ، بىراق لوئىزا پەسكە چۈشۈپ كەتتى. ئوڭ قولۇمدا ئۇنىڭ كۆڭلىكىدىن يىرتىلغان بىر پارچە رەخت پارچىسىلا قالغانىدى، ئېگىزلىكتىن چۈشۈۋاتقان بەدەن ئېغىرلىقىنىڭ بېسىمىغا كۆڭلەك چىداش بېرەلمىگەن ئوخشايدۇ. مەن ئۆرۈلۈپ پەسكە قاراپ قىزنى كۆرەلمىدىم. كۆزلىرىم بوشلۇقتا بىر قارا چېكىتنىڭ يەنە بىر قارا چېكىتنى قوغلاۋاتقانلىقىنى ئىلغا قىلغاندەك بولدى. تاش لوئىزاغا سوقۇلغان بولسا كېرەك. ھاۋادا بىرلا قارا چېكىت قالدى. ئاھ، دەھشەت، دەھشەت! مەن چىدىيالماي كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالدىم. كۆزلىرىمنى قايتا ئاچقاندا بولسا لوئىزامۇ، تاشمۇ كۆرۈنمىدى. ئۇلار گويا دۇنيادا ھېچقاچان مەۋجۇت بولۇپ باقمىغاندەكلا يوقالغانىدى. ۋەھىمە ئىچىدە يۈرىكىم يېرىلغاندەك بولدى-دە، ساراڭلارچە غالجىرلىقتا يۇلقۇنۇپ ھۆركىرەشكە باشلىدىم:

ــ لوئىزا!

پۇتلىرىم قورام تاشلارنى شىددەت بىلەن تېپەتتى. ئۇلار گۈلدۈرلەپ، تاراقلاپ پەسكە دومىلايتتى.

ــ ئۇرۇندۇقلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئېتىپ ئۆرۈۋەتكىنىڭ نېمىسى ئاغىنە، بۇ يەرگە مەندىن باشقا مېھمان كەلمەيدۇ، دەپ ئويلىدىڭمۇ، يا قىزىتماڭ ئۆرلەپ كەتتىمۇ؟ يەنە شۇ لوئىزانىڭ كاساپىتى بولۇپ يۈرمىسۇن.

ئاشپەز دوستۇمنىڭ تەنبىھلىرى مېنى ھوشۇمغا كەلتۈردى. كىرپىكلىرىمنى ئارقىمۇ ئارقا قېقىپ، ئالدىمدا تۇرغان ئاشپەزنىڭ يېرىم ئەيىبلەش ئىپادىسى چىقىپ تۇرغان چىرايىنى كۆردۈم. مەن ئۇنى يېنىمغا تارتىپ، ئالدىغا بىر رومكا هاراق قويدۇم. ئۇ ھاراقنى كۆتۈرۈۋېتىپ، ئۆزرە ئېيتىپ مېھمان كۈتكىلى كەتتى. شىرە تۈۋىدە يەنە مەن يالغۇز قالدىم. ئالدى تەرىپىمدە كۇنمىڭ كۆلى يەنىلا ئۇگىدەك باسقاندەك تىنچ يېيىلىپ ياتاتتى.

دۇشتۇمتۇت مەن لوئىزانىڭ بىر ينگىت بىلەن قىيىقتا بىللە ئولتۇرۇپ، كۆلنىڭ ھېلىقى خىلۋەت قىرغىقىدىكى توقايلىققا قاراپ ئۈزۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. پۈتۈن زېھنىمنى كۆزلىرىمگە يىغىپ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدىم. گىپنوزلۇق دېگەن مەۋجۇت نەرسە ئوخشايدۇ. لوئىزا بىردىنلا بۇرۇلۇپ مەن تەرەپكە قارىدى.

www.uyghurkitap.com

مەن ئۆزۈممۇ تۇيمايلا ئۇنىڭغا قول شىلتىدىم. ئۇ قېيىقنى تاشلاپلا ماڭا قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىشكە باشلىدى. كۆلدىكى سۇ ئۈستىدە، يېنىك كۆتۈرۈلۈۋاتقان دولقۇنلار ئەۋجىدە ئۇ قانداق يۈگۈرۈپ مېڭىۋاتقاندۇ. توۋا، ئۆردەك يېنىك، شامالدەك چاققان، پەرىشتىمىدۇ ئۇ يا؟! ئادەم بولسا سۇغا چۆكۈپ كەتمەسمىدى؟ يۈزىگە چۈمپەردە تارتىۋالغىنى نېمىسى؟ مەن ھاڭ-تاڭ بولۇپ ئاغزىمنى ئېچىپلا قالدىم. چۈمپەردە ئاستا-ئاستا چوڭايدى. كۆكۈش تۇمانغا ئايلاندى-دە، لۇئىزانى يۇتۇپ كەتتى.

پېشانىگە نېمە يېزىلغانلىقىنى ئالدىنئالا بىلىۋالغىلى بولمايدۇ. سەپەردىكى ئادەم— يېرىم تىرىك ئادەم. لۇئىزا قايتمىغانسېرى مەن ئۇنىڭ سەپەردىكى خېيىم-خەتەرلەرنى ئويلاۋېرىپ، تۇتقان-قويغىنىمنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالدىم. ئۈمىدلەرنىڭ قىسقا ئۆمۈرلۈك يالقۇنى يۈرەكنى يىللىتىۋەرمىدى. ساقلاۋېرىپ ھالىم قالمىدى. بۇنداق خەت-خەۋەرسىز قارىغۇلارچە كۈتۈۋېرىشكە، ئايرىلىشنىڭ چەكسىز دەرد-ئازاب، رەنجۇ-مۇشەققەتلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەي ئاخىرى مەن ئۇ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان ئالىي مەكتەپكە، مۇناسىۋەتلىك مىنىستىرلىك، ئەلچىخانىلارغا قاتراشقا باشلىدىم. يېرىم يىلدەك ئۇزۇن تويۇلغان يېرىم ئايلىق تىڭ-تىڭلاشلاردىن كېيىن، ئۇنىڭ دادىسى بىلەن بىللە ئوتتۇرا شەرقتىكى مەلۇم بىر شەھەردە بومباردىماندا قازا قىلغانلىقىنى ئۇقتۇم. دەسلەپتە بەدىنىم تىكەنلىشىپ، قۇيقا چاچلىرىم تىك تۇردى، بىر پەستىن كېيىن كاللامغا بىرى ئارقامدىن توقماق بىلەن ئۇرۇۋەتكەندەك بولدى. دۇنيا تارلىشىپ، يەر-ئاسمان تەڭ پىرقىراشقا باشلىدى. يۈرىكىم تىترەپ، ۋۇجۇدۇمنى سوغۇق تەر باستى، كۆزلىرىمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. بېشىمنىڭ قانداق چۆكىلگەنلىكى ۋە ئۆزۈمنىڭ قانداقسىگە يەنە ھېلىقى باغچىغا كېلىپ قالغانلىقىمنىمۇ سەزمەپتىمەن. بىر چاغدا ئېسىمنى يىغىپ ئۆزۈمنى يەنە شۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ھالەتتە كۆردۈم. لۇئىزانىڭ مەڭگۈلۈك يوقالغانلىقى ئەقلىمگە ھېچ سىغمايۋاتاتتى. بىراق ئۇ راستتىنلا يوقالغان، بارلىق يوقلۇق بىلەن تۇتىشىدىغان كۆرۈنمەس چېگرىنىڭ بىلىپ بولماس نۇقتىسىدا غايىب بولغانىدى. كۆز ئالدىمدىن رەھىمسىز تەقدىرنىڭ پاجىئەلىك كۆرۈنۈشلىرى كەتمەيتتى. لۇئىزا ئۈچۈن جېنىم سىرقىراپ قاقشايتتى، يۈرىكىم يىغلايتتى. بۇ قىش پەسلى بولۇپ، ھەممە ياق ئاپئاق قارغا پۈركەنگەنىدى. بەلكى بۇ ئاق دۇنيانى شەكىللەندۈرگىنى زېمىننىڭ ئاپئاق چېچەكلىرى بولۇپ، لۇئىزاغا تۇتۇلغان ماتەمدۇر؟ بەلكى ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ، ۋىجدانىنىڭ ئاقلىقىنى، ئىنسانىي بىغۇبارلىقىنى ئىپادىلەيدىغان سىمۋول سۈپىتىدە ئاسمان مەخسۇس چاچقان ئۇۋاق خىرۇستاللاردۇر. شاماللار تىنىقى بەلكى بوغۇق يىغا ئاۋازىدۇر؟ مەن شۇ ئاق دۇنياغا، يىراقتىكى ئاپئاق، يالتىراق ئۇپۇققا تىكىلىپ، ھەيكەلدەك قىمىرلىماي قانچە ئۇزۇن ئولتۇرغانلىقىمنى بىلمەيمەن. قۇياش مەشئىلىمۇ ئۇنىڭ ھايات مەشئىلىدەك ئۆچۈپ كەتكەنىدى. قەلبىمدە يىراقتىكى تاغ-دەريا؛ تاغ-دەريا ئۈستىدە شەپەق، شەپەق ئىچىدە فرانسۇز قىزىنىڭ نازۇك بەللىك نازىنىن سىيماسى قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان گۈزەل مەنزىرە بار ئىدى. ئۇ، شەپەق ئەمەس، بەلكى

قان جىلۋىسى بولغىيدى، ئۇ سىيما ئەمەس، بەلكى بىر سېھىرلىك سۇرەتتۇر. ئۇپۇق سىزىقى سۇسلىشىپ قارايدى. يۇلتۇزلار يېقىلغان پانۇسلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئاسماننى قاپلاشقا كىرىشتى. كاللامدا بولسا پىكىرلەرنىڭ جىلۋىلىرى، خىياللارنىڭ رەڭلىرى ئاخىرى ئۈزۈلمەيدىغاندەك ئۈزۈلۈكسىز ئالمىشىپلا تۇراتتى. قەلبىم ئاسمىنىدىكى شەپەق ئۆچمەيتتى. شەپەق ئۈستىدىكى ئۇ قىز بەلكى يولدىن ئېزىققاندۇ، ئۇ نېمىشقا ئۇپۇقلار چېتىگە — شۇنچىلا يىراقتا يالقۇنجاۋاتقان يانار تاغ ئۈستىگە بېرىۋالىدۇ؟ ئاسماننىڭ نېرىقى تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىۋاتامدۇ نېمە؟ خاتىرجەملىكىنىڭ كۆشەندىسى بولمىش ئېزىتقۇ قۇيۇنغا يولۇققانمىدۇ؟ شەپەق جىلۋىسى بىلەن بىللە تىترەۋاتامدۇ قانداق؟ دۇنيادىكى ھەممە نەرسە تىترەيدۇ، ھەرىكەتلىنىدۇ. ئۆزگىرىدۇ ئەمەسمۇ؟ ياق، لوئىزانىڭ سەمىمىيىتى تىترىمەيدۇ، ئۆزگەرمەيدۇ. مەن سېزىۋاتىمەنكى، ئۇ مېنىڭ دۇنيايىمدا تەڭداشسىز ھەقىقىي، تەسىرلىك ھەم ئاۋازسىز يىغلاۋاتىدۇ. ئۇ ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئارىسىدا، ئاي بىلەن قۇياشنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ تىنچلىقنى چاقىرىپ، شامالنى قانات قىلغان تىنىقلىرىدا كۆلنى، توقايلىقنى ھەسرەت بىلەن يەلپۈۋاتىدۇ. مانا ئۇ ئاي پېتىپ، يۇلتۇزلارنى بۇلۇت قاپلىغاندا، بورانلىق كېچە بۇلۇتلىرى قاراڭغۇلۇقىدا غايىب بولدى. بەلكى بۇ بۇلۇتلار تىنچلىقنى بۇزغۇچى دەھشەتلىك ئوت ۋە ئىستىن تۇغۇلغان بولغىيدى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ روھى يەنىلا مېنىڭ ئاھلىرىمدا، تىنىقلىرىمدا پىچىرلاپ ھارمايۋاتىدۇ. مەن ئۇنىڭغا ئاپتاپتا، ئاي نۇرىدا ئېرىشكەنىدىم. ئۇنىڭدىن بورانلىق كېچە بۇلۇتلىرى قاراڭغۇلۇقىدا ئايرىلىپ قالدىم. ئۇنىڭ جىلۋىلىرى يۇلتۇزلارنىڭ يالتىرىشىدا، گۈزەللىكى گۈللەرنىڭ نازلىرىدا پارلاۋاتىدۇ ـ يۇ، ئۆزى يوق. ئۆزى قېنى؟ قەيەرگە كەتتى؟ كۆز ئالدىمدا دۇنيا كۆلەڭگىدەك تىترەيتتى، ئۆكەر غەرىبكە ئاققاندا، مەن چۈشلىرىمنى پەلەك ھاۋانچىسىدا سوقۇپ، مەيىن شامالغا چېچىۋەتتىم. سەھەر تۇرغانلار يولۇقتۇرسا قان دېغى بار رەڭگا رەڭ جىلۋىلەرنى كۆرگۈسى.

(تۈگىدى)

**مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن**



رەخىم قاسىم

# مۇساپىرنىڭ قىسسىسى

(داستان)

ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى روييۇڭ سامان بولماس.
(خەلق ماقالى)

## 1. ياقا يۇرت ئىشقى

ئانا ئەمچىكىنى قاتتىق چىشلىگەن،
دەيدىكەن، تەقدىرى تەتۈر كەلگەننى؛
ئانىدىن ئايرىلغان بوتىلاقتەك بوزلاپ،
مۇشەققەت دەشتىنى تەنھا كەزگەننى.

دەيدىكەن، ھەر كىمنىڭ قىسمىتى ھەرخىل
تارتمايدۇ شورلۇقنىڭ ئوقىغا ئىشى؛
ئەمدىلا ئېغىزى تەگكەندە ئاشقا،
تېگىدۇ شۇ ھامان تاشلارغا بېشى.

دەيدىكەن ئادەمدىن قاچقاندا ئامەت،
قىلىدۇ ھەتتاكى چۇمۇلە بوزەك؛
كۆتىدۇ پالاكەت ھەربىر قەدەمدە،
شورلۇققا يول يوقتۇر بۇنىڭدىن بۆلەك...

بىلمىدىم، بۇ سۆزلەر راستمۇ يا يالغان،
ئەمەلىي ھالەتمۇ ياكى رىۋايەت؟
ئاجىزمەن يەتكىلى بۇنىڭ تەكتىگە،
مەندە يوق ئۇنچىلىك ئەقىل-پاراسەت.

لېكىن، باش ئەگدۈرۈپ ئەيلىدى قايىل،
دانىشمەن ئەجدادنىڭ مۇنۇ بىر سۆزى:

ھەر قىسما تەقدىرگە سەۋەبچى بولار،
كۆپ چاغدا يەنىلا ئادەمنىڭ ئۆزى.

بەكمۇ كەچ چۈشەندىم بۇ ھەقىقەتنى،
ئېگىلگەن چېغىدا ئېلىپتەك قەددىم.
بەقۇۋۋەت چېغىمدا نېمىشقا ئىست،
ئەقلىمنى بەرمىگەن بولغىيدى رەببىم؟!

كېيىنكى پۇشايمان ئۆزۈڭگە دۈشمەن،
كېرەكمەس ئۆكۈنۈش ئەمدى بىھاجەت!
تىرىكلىك پەيتىدە بارچە نادانغا
ئورتاق بولسا كېرەك بۇ روھىي ھالەت.

سۇلتان بولمىساممۇ ئانا يۇرتۇمدا
بولتاڭ ئەمەس ئىدىم، ئۇنچىلىك پەس-خار،
تۆتىنىڭ كەينى بولسام، تۆتىنىڭ ئالدى دەپ،
سېزەتتىم ئۆزۈمدە چەكسىز ئىپتىخار.

قانداقتۇ ئازدۇردى مېنى نەس شەيتان،
بۇزۇلدى بىردىنلا كۆڭلۈمدە ئارام.
پەرىگە ئايلىنىپ گويا ئالۋاستى
مېنى بەند ئەيلىدى ئۆزىگە تامام.

ياقا يۇرت ئىشقىدا بولدۇم مەستانە،
مەن خۇددى پەرۋانە، ئۇ بولدى چىراغ.
كۈندۈزى ئوڭۇمدا، تۈندە چۈشۈمدە،
كەتمىدى كۆزۈمدىن بىردەممۇ يىراق.

كۆرۈندى ئۇ ماڭا جەننەت مىسالى،
سۇ ئەمەس سۈت ئاققان ئېرىقلىرىدا:
ھۆر قىزلار ئۇسسۇلغا چۈشسە قاش تاشلاپ،
ئىپارلار ئاڭقىدى تىنىقلىرىدا.

كۆرۈندى ئۇ ماڭا بولۇپ باي دۇنيا،
كىم نېمە خالىسا ئالىدىغاندەك.
كوچىدىن، يوللاردىن سۈپۈرۈپ پۇلنى،
مونەكلەپ چۆنتەككە سالىدىغاندەك.

كۆزۈمگە كۆرۈنمەي قالدى ئەل-يۇرتۇم،
ھەتتاكى مېھرىبان ئاتا ۋە ئانام.
ياقا يۇرت پىراقى ئۆرتىدى دىلنى،
ئەس يادىم ئۇنىڭغا ئۇيىدى تامام.

ئاقىۋەت مەن كەتتىم يۇرتتىن باش ئېلىپ،
باش ئەمەس، شادلىقتا كۆزگە ياش ئېلىپ،
ئۆمرۈمنىڭ يېرىمى — ئوتتۇز يېشىمدا،
غېرىبلىق ھاياتىم كەتتى باشلىنىپ.

مەن ساڭا كېيىنكى ئوتتۇز يىلىمنىڭ
سۆزلىمەي بىرمۇ-بىر تەپسىلاتىنى.
تەپسىلات مەنسۇپتۇر قىسسەچىلەرگە،
مەن سۆزلەي شائىرنىڭ ھېسسىياتىنى.

## 2. ئانا تىلىم

يۇرت قەدرىنى شاھلار بىلمەس،
باشقا يۇرتقا چۈشمىگۈنچە.

(«غېرىب-سەنەم» ئوپېراسىدىن)

ئاتونۇش ياقا يۇرت بوسۇغىسىدىن
ئەمدىلا پۇت قويۇپ ئاتلىغان زامان.
ئايلاندىم بەئەينى تىرىك بىر بۇتقا،
تىلىم بار، تۇرۇقلۇق سۈرەلمەي زۇۋان:

كۆڭۈلنىڭ ئاچقۇچى — تىل دەيدۇ، بۇ ھەق
ئالەمدە تىل بىلەن ئوي-پىكىر ئىزھار.
بىر پەستە تىلىمدىن ئايرىلارمەن دەپ،
ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدىم مەن زىنھار.

قارايمەن ئەتراپقا ئېسىم ئاغقاندەك،
قۇلىقىم تولۇۋدە غەيرىي بىر سادا؛
بۇندىكى ئادەملەر ئۆز تىلى بىلەن،
سۆزلىشەر شۇنچىلىك شېرىن، خۇشرەۋا.

بۇندىكى ئادەملەر ئۆز تىلى بىلەن،
كۈلۈشۈپ ئۆزئارا قىلىشار چاقچاق.
كۈلكىلەر ئەۋجىدىن تەۋرەيدۇ تاغلار،
كۆك گويا گۈلدۈرلەپ چاقناندەك چاقماق.

بۇندىكى ئادەملەر ئۆز تىلى بىلەن
ناخشىلار ئېيتىدۇ ياڭراق ۋە جۇشقۇن؛
ئۆتكۈنچى تۇرنىلار توختار ئۇچۇشتىن،
بۇ گۈزەل كۈيلەرگە بولغاندەك مەپتۇن.

لېكىن، مەن بىلمەيمەن بۇلار تىلىنى،
بۇلارمۇ بىلمەيدۇ مېنىڭ تىلىمنى.
مەن بۇلار دىلىنى چۈشەنمىگەندەك،
بۇلارمۇ چۈشەنمەس مېنىڭ دىلىمنى.

www.uyghurkitap.com

شۇ سەۋەب بىر چەتتە بوينۇمنى قىسىپ،
چۆكۈمەن خىيالنىڭ دەريالىرىغا.
باقىمەن تەلمۈرۈپ ئۇزاقتا قالغان
يۇرتۇمنىڭ شەھەر ۋە دالالىرىغا.

ئۇندىمۇ بەئەينى مەشەدىكىدەك
ئادەملەر ياشايدۇ ئۆز يولى بىلەن.
ئۇلارمۇ ھاياتتا شادلىق، قايغۇنى
سۆزلەيدۇ يەنىلا ئۆز تىلى بىلەن.

ھەر كىمنىڭ ئۆز تىلى ـ ئانا تىلى بار،
ئانا تىل ـ مىللەتنىڭ پەخرى، ئامىتى.
بىر مىللەت بىر ئۇچقۇر شۇڭقار دېيىلسە،
ئانا تىل ئۇنىڭ جۈپ تالماس قانىتى.

قانىتى بولغاچقا شۇڭقار مەردانە
پايانسىز ئاسماندا قىلىدۇ جەۋلان.
ئۆز ئانا تىلىدا ھەر بىر مىللەتمۇ
ئەجدادنى ئەۋلادقا ئۇلايدۇ راۋان.

مىللەت ئۆز تىلىدىن ئايرىلماس ئاسان،
تىل بىلەن مىللەتلەر گۈللىنىدۇ ھەم.
ئانا تىل مىللەتنى بىر گەۋدە قىلىپ،
ئۆتكەننى ھازىرغا باغلايدۇ مەھكەم.

مەن شۇ كۈن يات ئەلنىڭ دەرۋازىسىدىن
كىرىپلا، ھېس قىلدىم بۇنى تۇنجى رەت.
ئەپسۇسكى، ئوتتۇز يىل ياشاپ بۇ ھەقتە
ئويلاپمۇ كۆرمىگەن ئىدىم بىر نۆۋەت.

ھە، ئەمدى بىباھا ئانا تىلىمدىن
ئەبەدىي ئايرىلدىم، تەندىن كەتتى جان.
ئايلاندىم تىلى بار تىلسىز بەندىگە،
قاراڭغۇ زۇلمەتكە ئايلاندى جاھان.

ھۇ چاغدىن باشلاندى غەيرىي ھاياتىم،
چىشلىرىم كىرىشىپ، يوق بولدى سۆزۈم.
دەۋرىدە ئويۇنچى مايمۇنغا ئوخشاش
ئىشارە ـ ئىماغا مىخلاندى كۆزۈم.

خوجايىن نېمىنى قىلسا ئىشارەت،
شۇ ھامان چۈشىنىپ بىلىشىم شەرتتۇر.
ئۇنىڭ ئوي ـ پىكرىنى بىلىپلا قالماي،
ئەينى شۇ بويىچە قىلىشىم شەرتتۇر.

ئېچىلىپ قالسا گەر ئۇنىڭ چىرايى
خۇداغا شۈكرى دەپ بولىمەن ئەمىن.
قاپىقى تۈرۈلسە، چۆچۈپ كېتىمەن،
ئويلايمەن: بىر ئەيىب ئۆتتىمۇ مەندىن؟

بەزىدە ئۇ شۇنداق ۋارقىرايدۇكى،
بېشىغا كىيىدۇ گويا ئالەمنى.
ئويلايمەن: ئۇ مېنى تىللاۋاتىدۇ،
شۇنداقمۇ خورلامدۇ ئادەم ئادەمنى.

بىر كۈنى، بىردىنلا چۇقان كۆتۈرۈپ،
چالۋاقاپ كەتتى ئۇ، بولۇپ بىتاقەت.
چۈشەندىم، قار ياغقان ئەپتىگە قاراپ،
ئۇ مېنى ئۆلگىچە قىلدى ھاقارەت.

ئاشۇ كۈن ئىزدىدىم بىر يۇرتدىشىمنى،
ئۇ كەلگەن بۇ ئەلگە مەندىن كۆپ ئاۋۋال.
بۇلارنىڭ تىلىنى بىلەتتى خېلى
مەن بېرىپ ئۇنىڭغا ئېيتتىم دەرد ـ ئەھۋال.

دېدىم: «سەن بۇلارنىڭ يامان تىلىدىن،
يېزىپ بەر ئىدىتلاپ ئون ـ يىگىرمىنى.
پوخادىن چىققۇچە تىللاپ باقايچۇ؟
خوجايىن، يەنە بىر تىللىسا مېنى.»

يۇرتدىشىم، قەدىناس ئۆز يۇرتدىشىم ـ دە!
تەلەپنى ئورۇنداپ بەردى يۈزدە ـ يۈز.
ئۇ يازغان سۆزلەرنى بوش چاغ بولسىلا
يادلىدىم بىرمۇ ـ بىر كېچە يۇ ـ كۈندۈز.

دېگەندەك، ئاردىدىن ئۆتمەي كۆپ ئۇزاق،
قوزغالدى «ئېگەمنىڭ» كونا كېسىلى.
تۆۋلىدى ئۇ ماڭا قولىنى شىلتىپ،
باشلاندى شۇنداق قىپ ئىشنىڭ «ئېسىلى».

مەن شۇئان يادلىغان جىمىكى سۆزنى
يامغۇردەك ياغدۇردۇم ئۇنىڭ يۈزىگە.
ئۇ باشتا تېڭىرقاپ تاڭ قالدى ماڭا
بىر هازا ئۆتكەندە كەلدى ئۆزىگە.

قىزاردى، تاتاردى، چەكچەيدى ئاخىر
قولىدا چىڭ باستى قۇلاقلىرىنى.
چىدالماي جار سالدى ۋە قاچتى بەدەر
ئوڭ ـ تەتۈر باسقانچە ئاياغلىرىنى.

مانا بۇ جاڭجالدىن كېيىن خوجايىن
هەيرانمەن بىردىنلا قالدى ياۋاشلاپ.
ئۇۋە دېدىم مەنمۇ بىر، ئارام تاپتى دىل
قۇتۇلدۇم يۈرۈشتىن غەمنى هاپاشلاپ.

ئويلىدىم: دائىما دىلغا خۇش يېقىپ،
تاشنىمۇ ئېرىتەر هامان ياخشى گەپ.
تاشنىمۇ توڭلاتقان يامان گەپلەردە
بار ئىكەن هارارەت پىنهانى ئەجەب.

ئاي ئۆتۈپ، يىل ئۆتۈپ بولار تىلىنى
ئۆگەندىم بېرىلىپ خېلىلا پىششىق.
شۇندىلا يادلىغان ئاشۇ سۆزلەرنىڭ
مەنىسى مەن ئۈچۈن بولدى خوپ ئېنىق.

بۇ سۆزلەر ئىنتايىن قەبىه، دەهشەتلىك،
قايسىبىر نائەهلى چىققاندۇ توقۇپ.
چۈشەنسە مۇنداق سەت هاقارەتلەرنى،
هەتتاكى يولۋاسمۇ كېتەتتى قورقۇپ.

«يائاللا!» دېدىم مەن ياقامنى تۇتۇپ،
بۇ سۆزلەر ئاغزىمغا پاتقاندۇ قانداق؟
نە چارە، ئەيىنى چاغ مەن تىلسىز بەندە،
يوق ئىدى مەن ئۈچۈن باشقا يول بىراق.

يات ئەلنىڭ مۇهىتى ئۆزگەرتتى مېنى،
كۆچۈردى بەئەينى ئۆزگە ئالەمگە.
ئۆز تىلىم ئورنىنى ئالدى ئۆزگە تىل،
ئايلاندى سىياقىم ئۆزگە ئادەمگە.

مەن هازىر سۆزلىسەم ئانا تىلىمدا،
دۇدۇقلاپ قالىمەن هېلىدىن ـ هېلى.
تېخىمۇ كۆنى تەس پەرزەنتلىرىمنىڭ
هەرقانچە ئۆگەتسەم كەلمەيدۇ تىلى.

پاسپورتقا «ئۇيغۇر» دەپ يازساقمۇ بىراق،
ئايلاندۇق بىز تامام ئەبجەش مىللەتكە.
ئاتاممۇ، ئاناممۇ ئۇيغۇر تۇرۇقلۇق،
هەيرانمەن چۈشكەنگە مۇشۇ هالەتكە!؟

## 3. مىللىتىم ـ ناخشا ـ ساز، ئۇسسۇل مىللىتى

ئۇششاق باللار ئوينايدۇ
تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ.
مۇساپىرلار يىغلايدۇ،
ئۆز يۇرتىنى ياد ئېتىپ.
(خەلق قوشىقى)

ۋىجدانلىق قەلبتە بار مىللىي هېسسىيات؛
شۇ هېسسىيات پاك هامان، ئالىي، مۇقەددەس.
شۇ هېسسىيات خەلقنى مەرد، مەغرۇر قىلىپ،
شۇ هېسسىيات خەلقنى قىلار زەبەردەس.

بىر دۆلەت ئايرىلسا مىللىي ھېسسىياتتىن،
تەھقىقكى بولىدۇ ئۆزگىنىڭ قۇلى.
ئۇ گويا يېتەككە ئۆگەنگەن كالا،
ماڭغىنى بولىدۇ ئۆزگىنىڭ يولى.

بىر ئادەم ئايرىلسا ئۆز دۆلىتىدىن،
ئايرىلار يەر، سۇ، نۇر - زىياسىدىنمۇ.
مىللىتى، خەلقىدىن ئايرىلىپ قالماي،
ئايرىلار مەنىۋى دۇنياسىدىنمۇ.

ئوتتۇز يىل يات يۇرتتا بولدۇم مۇساپىر،
بۇندا نە تىلىم بار، نە خەت - يېزىقىم.
نە بىرەر رادىئو ئاڭلىتىشىم بار،
نە كىتاب، ژۇرنىلىم، نە بىر گېزىتىم!

سۆزلىسەم، سۆزلەيمەن ئۇلار تىلىدا،
خەت يازسام، يازغىنىم ئۇلار يېزىقى.
ئاچسام‌ىلا رادىئونى، ئاڭلايدىغىنىم،
يەنىلا ئۇلارنىڭ ناخشا - قوشىقى.

يۇرتۇمدا تونۇلغان بىر شائىر ئىدىم،
يالقۇنلۇق شېئىر ۋە داستانىم بىلەن.
ھەر دىلدا ئىشتىياق قوزغىغان ئىدىم،
ۋولقاندەك پارتلىغان ئىلھامىم بىلەن.

بەس - بەستە باساتتى ئەسەرلىرىمنى،
بىر ئەمەس، ئونلىغان گېزىت ۋە ژۇرنال.
سۆيۈنۈپ مۇرەمگە قاقاتتى خەلقىم،
ئانىلار بولغاندەك بالىدىن خۇشال.

بۇ يەردە يازسامۇ مىڭ بەتلەپ ئەسەر،
چىقىمىدى باسقىلى بىرەر مەتبۇئات.
نۇر تۇرۇپ تونلەرنى يورۇتالمىغان،
بۇ ئىجاد نەقەدەر مەنىسىز ئىجاد!

يۇرتۇمدا سەنئەتكە ئىدىم مەستانە،
نەدە ساز - ناخشا بار مەن شۇندا تەييار.
تېنىمگە سىغماستىن يايراپ كېتەتتىم،
«ئەجەم» گە چېلىنسا تەمبۇر ۋە دۇتار.

«ئون ئىككى مۇقام» دىن قاناتلار تاقاپ،
قەدىمىي تارىمنى چىقاتتىم كېزىپ.
يۈرەكتىن چىققان ياش چاناقتا توختاپ
ۋە ئاندىن مەڭزىمدىن ئاقاتتى سىرغىپ.

بۇ يەردە ھاياتىم تامام ئۆزگىچە،
بارمايمەن ئويۇنغا ھەتتا يىل بويى.
بۇندىمۇ سەنئەت بار، ئەپسۇس يوق بىراق
ئۇلاردا مەن تەشنا ئۇيغۇر پۇرىقى.

ئۆتكەن يىل ئاڭلىدىم مۇنداق خۇش خەۋەر:
كەپتۇدەك يۇرتۇمدىن سەنئەت ئۆمىكى،
بولغىدەك بۇ ئەلنىڭ ئاستانىسىدە
دۇنياۋى زور ناخشا - ئۇسسۇل كۆرىكى.

نەچچە يۈز چاقىرىم ئۇزۇن مۇساپە،
مەن تۇرغان جاي بىلەن پايتەخت ئارىسى.
نە سەپەر چاپاسى، نە بېسىق ئىشلار،
كۆزۈمگە كۆرۈنمەي قالدى بارچىسى.

كۆڭلۈمدە پەقەتلا بىر ئوتلۇق ئارمان:
يۇرتداشلار چېھرىنى قانغۇدەك كۆرسەم،
ۋەتەننىڭ ئىپارى گۈپۈلدەپ تۇرغان
مۇبارەك قولىنى كۆزۈمگە سۈرسەم.

شۇ ئارمان قامچىلاپ چاپتىم پايتەختكە،
ئۇچرىشىش دەملىرى قىلىپ تەقەززا.
قەلبىمدە يۇرتۇمنىڭ چەكسىز سۆيگۈسى،
كەڭ زۇمرەت ئاسماندەك سۈزۈك ۋە تازا.

مەنزىلگە قانچىلىك يېقىنلاپ بارسام،
سېغىنىش كۈچەيدى قەلبىمدە غايەت.
ئوتتۇز يىل ھىجرانغا بەرسەممۇ بەرداش،
مىنۇتلار قالغاندا قالمىدى تاقەت.

كۆرگەندە ۋەتىنىم ئەلچىلىرىنى،
شادلىقتىن پەلەككە تاقاشتى بېشىم،
ئۆزۈمنى قويغىلى تاپالمىدىم جاي،
گوياكى ياشلىققا يانغاندەك يېشىم.

بىر تۇرۇپ ناخشىلار ئېيتقۇم كېلىدۇ،
ئەۋجىدىن ئالەمنى قالدۇرۇپ ھەيران.
بىر تۇرۇپ ئۇسسۇلغا چۈشكۈم كېلىدۇ،
بۇلۇتلار توپىدىن تۈزۈپ كەڭ مەيدان.

كۆرگەنلەر شۇ تاپتا مېنى سىرتىمدىن،
ئېسىنى يوقاتقان مەجنۇن دېگەندۇ،
ۋە بەلكى سەدپارە ھالىمغا قاراپ،
ئېچىنىپ چىن دىلدىن غېمىم يېگەندۇ.

نە چارە، بەزىدە خۇشاللىقتىمۇ
ئايرىلىپ قالىدۇ ئەقلىدىن كىشى.
بىرەلمەي قالىدۇ ئۆز-ئۆزىگە ھاي
غەلىتە تۇيۇلۇپ تۇرسىمۇ ئىشى.

ئېھتىمال، مەن كەبى مۇساپىرلىقنىڭ
يەتكۈدەك تارتىسىڭىز دەرد-ئەلىمىنى،
كۆڭلۈمنى چۈشىنىپ يېتىپ ھالىمغا
كەچۈرەر ئىدىڭىز ئەلۋەتتە مېنى.

شۇ تاپتا بۇندىكى ھەر بىر ۋەتەنداش
مەن ئۈچۈن ئەمەستۇر يەككە بىر ئادەم.
ئاتىلار ئېيتقاندەك: ئۇلار ھەر بىرى
مەن ئۈچۈن گويا ئون سەككىز مىڭ ئالەم.

بۇلارنىڭ ھەر بىرى ۋەتەندىن نىشان،
بۇ ۋەتەن — شەرقتە بالقىغان قۇياش.
ئۇلارنىڭ ۋەسلىدە خەلقىم نامايان،
ھەممىنىڭ يىلتىزى مۇستەھكەم تۇتاش.

شۇڭلاشقا بۇلارنىڭ ھەر بىرى بۇدەم
مەن ئۈچۈن قەدىردان خەلق ھەم ۋەتەن.
ۋەتىنىم، خەلقىمنى كۆرسەم بۇلاردىن،
نېمىشقا شادلىقتىن يايرىمىسۇن تەن!

تەكلىپ قىلدى مېنى ۋەتەنداشلىرىم
پايتەخت كۇلۇبىدا ئويۇن كۆرگىلى.
ئانا يۇرت مېھرىدىن ئىچىپ بال-شەربەت،
شۇ شەربەت كەيپىدىن ھۇزۇر سۈرگىلى.

سەھنىنىڭ پەردىسى ئېچىلدى ئاستا،
ئېچىلدى ئوت يانغان كۆكرەك قەپىسىم.
يۈرىكىم تەلپۈندى مىسلى قۇش بولۇپ،
تىكىلدىم سەھنىگە تېزلەپ نەپىسىم.

ئالدىمدا يۈز ئاچتى تونۇش بىر دىيار،
مەن تۇرغان بۇ ئەلدىن پۈتكۈل ئۆزگىچە.
ئۇ ماڭا ئەسلەتتى ئۇزاق يىللارنى،
ئاندىكى تۆت پەسىل — قىشتىن كۈزگىچە.

شۇ تونۇش دىياردا — ئانا ۋەتەندە،
ئۆزىغان ئۆسمۈرلۈك، يىگىتلىك دەۋرىم.
ئۇ ئىدى ئۆمرۈمنىڭ ئالتۇن چاغلىرى،
بەختىم بار ئىدىكى، يوق ئىدى دەردىم.

دەيدىكەن: ياشلىقنىڭ — پادىشاھلىقنىڭ،
كېلىدۇ ھەر ياندىن دەستە-دەستە گۈل.
يۇرتۇمدا پادىشاھ ئىدى ياشلىقىم،
بەختكە، شادلىققا يار ئىدى كۆڭۈل.

مەن بۇ دەم ۋەتەننىڭ قىياپىتىدە
بېزەلگەن بۇ كۆركەم سەھنىگە قاراپ،
ئويلىسام شۇلارنى، بىر ئوتلۇق سۆيگۈ
دەۋرىدى يۈرەكتىن تومۇرغا تاراپ...

مانا، پاشا ئىشان چىقتى سەھنىگە،
كەڭرى زال تەۋرىدى ئالقىش-سادادىن.
ھاياجان دېڭىزى تاشتى شاۋقۇنلاپ،
چۈشكەندەك بىر پەرى يەرگە سامادىن.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كىشىلەر ئۇنىڭغا تىكتى كۆزىنى،
لېكىن، ئۇ ئۆزىنى كەتتى ئۇنۇتۇپ.
چۈنكى، بۇ ئۇيغۇرنىڭ تالانتلىق قىزى
ئۇيغۇرنى ئالەمگە چىقتى تونۇتۇپ.

ئۇ ئېيتقان ناخشىلار شۇنچە يېقىملىق،
تېگىدۇ يۈرەكنىڭ بېغىشلىرىغا.
ئوخشايدۇ ناخشىلار تاغ سۇلىرىنىڭ
كۆۋەجەپ، شارقىراپ ئېقىشلىرىغا.

ئوخشايدۇ ناخشىلار تاڭ شامىلىغا،
مەجنۇنتال مەست بولۇپ مەيىن يەلپۈنگەن.
ئوخشايدۇ چاقنىغان سانسىز يۇلتۇزغا،
كېچىسى ئاسماندا ئايغا تەلپۈنگەن.

ئوخشايدۇ ناخشىلار گۈل ـ لالىلەرگە،
گۈزەلىنىڭ يېغىنى يېگۆدەك گۈزەل.
خىيالىي جەننەتتە قىلدۇرار سەيلە،
پاشانىڭ لېۋىدىن ئۇچقان ھەر غەزەل.

مەن بۇدەم تەپەككۇر سۇمۇرغى بىلەن
ئۇچۇمەن مەنزىلىم ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق.
ناخشىلار ئەۋجىدە ئانا يۇرتۇمنى
باغرىمغا باسىمەن ئېچىپ كەڭ قۇچاق.

ناخشىلار ئەۋجىدە كۆلىدۇ ئارمان،
ناخشىلار ئەۋجىدە يۈز ئاچار ئىقبال.
ئېخ، ئېسىل ناخشىلار قەلبىم تۆرىدە،
تىلەيمەن، ئەبەدىي ئورۇن ئېلىپ قال!

مىللىتىم ـ ناخشا ـ ساز، ئۇسسۇل مىللىتى،
بۇ ئۇنىڭ جىسمىدا ئۆزگىچە خىسلەت.
شۇ خىسلەت تۇپەيلى كەلدى قازىنىپ،
مەرىپەت دۇنياسى ئارا شان ـ شۆھرەت.

ئەنە شۇ مىللەتنىڭ نەسلى تۇرۇقلۇق،
زار بولدۇم ئۇ ئىجاد قىلغان سەنئەتكە.
مېنى خار ئەيلىدى روھىي گادايلىق،
ھەيرانمەن، چۈشكەنگە مۇشۇ ھالەتكە؟!

## 4. پۇل ۋە مەن

سۇلار شارقىراپ ئاقسا،
تۇگمەننىڭ نورى دەيمەن.
بېشىمغا ھەر بالا كەلسە،
ئۆزۈمنىڭ شورى دەيمەن.
(خەلق قوشىقى)

بىلمىدىم، قايسى كۈن ئايلىنىپ قالدىم،
پۇل دېسە ئۆزىنى ئاتىدىغانغا؛
مال ـ دۇنيا كويىدا كېچىپ ھەممىدىن،
ئەقىدە، ئەقلىنى ساتىدىغانغا؟!

مانا بۇ يات ئەلدە ـ ئۆزگە مۇھىتتا،
بولدى پۇل تاپماقلىق ئەس ـ يادىم تامام.
پۇل ئۈچۈن ھەر قانداق ئىشتىن يانمىدىم،
دېمىدىم، تاپقىنىم ھالالمۇ ـ ھارام؟

ئاشۇ يىل ياللاندىم بىر مىليونېرغا،
بولدى ئىش مەيدانىم ئۇنىڭ چوڭ بېغى.
گۈللەرگە سۇ قۇيۇپ، دەرەخ پۇتايمەن،
يوق ئارام مەن ئۈچۈن ھەتتا قىش چېغى.

يۇلتۇزلار ئۆچمەستىن كەلسەم بۇ باغقا،
يۇلتۇزلار چىققاندا ئۆيگە يانىمەن.
كۈن بويى تىنىمسىز چاپقىنىم ـ چاپقان،
ئاخشىمى پۇتۇمنى ئاران باسىمەن.

سىرقىراپ ئاغرىيدۇ ئۇگە - ئۇگىلەر،
ساناقسىز يىگىنىگە بېسىلغان بېلىم.
لەۋلىرىم گەز باغلاپ، كۆزۈم تورلۇشۇپ،
تەشنالىق دەستىدىن قۇرۇيدۇ كېلىم.

شۇ ئېغىر ھالدىمۇ چىشىمنى چىشلەپ،
ئىشلەيمەن كۈنلەرنى تولدۇرۇپ ئايغا.
ئويلايمەن: پۇل يىغىپ مەنمۇ ئاقىۋەت،
ئايلانسام مۇشۇنداق كاتتا بىر بايغا.

ئويلايمەن: كەينىمگە تۇتۇپ قولۇمنى،
مەنمۇ ھەم گۈل بولسام گۈلزارلىق ئارا؛
بەچچىلەپ مالايلار يۈرسە يېنىمدا،
مېھنەتتىن بىر يولى بولسام مەن ئادا.

ئويلايمەن: بۇنىڭغا كېرەك تالاي پۇل،
ئۇنىڭغا ئېرىشمەك بولسىمۇ مۈشكۈل.
رازىمەن بۇ يولدا تارتقىلى جاپا،
پۇل دېمەك تەڭرىدۇر، مەن ئالدىدا قول...

ئەنە شۇ نىيەتنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ،
مەن كەلدىم ئاشقىتەك ئۆرتىنىپ - كۆيۈپ.
بۇ ئارزۇ قامچىلاپ ئىشلىدىم كۈن - تۈن،
ماڭلايدىن يامغۇردەك ئىسسىق تەر تۆكۈپ.

ۋاھ ئىست، ھەرقانچە قىلسامۇ غەيرەت،
ئەمەلگە ئاشمىدى بۇ ئارزۇ - نىيەت.
كاتتا بىر باي بولۇش بۇ ياقتا تۇرسۇن،
قامدىدىم تۇرمۇشنى مىڭ تەستە پەقەت.

بىر كۈنى ئۆستەڭدىن سۇ باشلاۋېتىپ،
غەيرىي بىرنىش كۆردۈم، چۈشتە كۆرگەندەك.
ياپپېشىل مايسىلار كېلەتتى ئېقىپ،
سۇزۈك سۇ يۈزىگە پەرداز بەرگەندەك.

سۇ كۆپكۆك، مايسىلار قېنىق ياپېشىل،
تۈز ئارا شۇنچە ماس كەلگەن ئىككى رەڭ.
قوشۇلۇپ رەڭلەرگە قۇياش جىلۋىسى،
كارامەت چىرايلىق تۈس ئالغان ئۆستەڭ.

زەپ ئېسىل سىزىلغان رەسىمگە ئوخشاش
ئۇ مېنى ئۆزىگە قىلدى مەھلىيا.
ئۆزەلمەي كۆزۈمنى بۇ كۆرۈنۈشتىن،
زوق بىلەن تەلمۈرۈپ باقتىم بىر ھازا.

ۋە كېيىن شۇڭغۇتۇپ سۇغا قولۇمنى،
ياپپېشىل مايسىدىن بىر تۇتام ئالدىم.
قارىدىم سىنچىلاپ، قارىغانسېرى
ئېسىمدىن تايغاندەك ھەيرەتتە قالدىم.

بۇ ساماساق ئۈندۈرمىسى بىر تۈپ ساماساقتا
ئۈنىدۇ ئۈنىڭدىن پەقەت بىر تېلى.
مەن ئۆسكەن يۇرتلاردا سانىلىدۇ ئۇ،
كۆكتاتنىڭ گۈلتاجى، قالتىس سەرخىلى.

سورىدىم مەشەلىك بىر بۇرادەردىن،
بۇ سىرنى بىلمەككە قىزىقىپ غايەت.
ئۇ دېدى: «ئېيمەيدۇ بۇنى يەرلىكلەر،
بۇ قەدىم چاغلاردىن قالغان بىر ئادەت.

«ساماساق مىخى» دەيدۇ ئۇنىڭ نامىنى،
دېھقانلار ئىشلەتمەي تاشلىۋېتىدۇ.
بۇ ئوت - چۆپ ھەر يىلى مۇشۇ پەسىلدە
ئېرىق ۋە ئۆستەڭنى قاپلاپ كېتىدۇ...»

بۇ ئىشتىن كاللامغا كەلدى - دە، بىر ئوي،
مىليونىر ئىشىدىن چورتلا ئۈزدۈم قول.
ئەتىسى، ئۆيۈمنىڭ بىر ئېغىزىنى
ئۆزگەرتىپ جۇندىدىم، ئاچتىم ئاشپۇزۇل.

«ساماساقنىڭ مىخىنى» ئەكەلدى ئوغلۇم،
ئايالىم راسلىدى پىلتە لەگمەنگە.
مەن ئالدىم ساپلىقنى قورۇغلى سەي،
ھەم بولدۇم كۆز - قۇلاق كەلگەن - كەتكەنگە.

ئىشمىز يۇرۇشۇپ دەسلىپىدىلا
كۈتمىگەن پايدىغا يەتتى قولىمىز.
ئازغىنە دەسمايە سالساقمۇ، بىراق،
بىرگە ئۈچ ھەسسىدەك ياندى پۇلىمىز.

بۇ ئەلدە ئادەملەر كەلگەن بىلىشمەي،
شۇ ئاددىي لەگمەننى قانداق ئېتىشنى.
ئېتىشنى بىلمىگەن ئادەملەر تەھقىق
بىلمەيدۇ ئەتكەننى قانداق يېيىشنى.

بۇ تائام ئۇلارغا قىزىق تۇيۇلغاچ،
ئېلىشتى ئۆچىرەتتە تۇرۇپ بەس-بەستە.
ئەچچە ئۇن تەخسىگە ھازىرلانغان ئاش
تۈگىدى كۆز يۇمۇپ ئاچقان بىر پەستە.

كۈنسېرى جانلىنىپ باردى ئوقتىم،
قىزاردى كۆزلىرىم كۆپەيگەنچە پۇل.
كۈنسېرى نەپسىمۇ باردى يوغىناپ،
پۇل دېدىم، ماڭغىنىم بولدى قىيسىق يول.

گۆش بىلەن ئۆپكىنى تەگمۇ تەك توغراپ،
كېچىسى دۆملىدىم، تۇز، پىياز قاتتىم.
ئەتىسى ئۇنىڭدىن راسلىغان سەينى،
بورداق قوي گۆشى دەپ كۆز بوياپ ساتتىم.

ئۆلگىچە قوشسامىمۇ ھەر تەخسە سەيگە،
سۇدىن سۇزۇۋالغان «ساماساق مىخى»نى،
گۆشنىڭ تەك يېرىمى ئۆپكە بولسىمۇ،
خوپ ئۆرە ئېكىتتىم باھا-نەرخىنى.

ئاقىۋەت بىرگە ئۇن پايدىمۇ كۆردۈم،
قىلمىدىم بۇنىڭغا لېكىن قانائەت.
يەنىلا ئاز بولۇپ تۇيۇلدى ماڭا،
ئوقەتتىن شۇنچە كۆپ كىرگەن دارامەت.

بولغانچە بولغۇسى كېلىدۇ دەيدۇ،
شۈكرىنى بىلمىگەن نەپسى بالانى.
نەپسىمنىڭ كەينىگە كىرىپ ئاخىرى
مەن تاپتىم تۈگىمەس بالا-قازانى.

يۇقۇملۇق كېسەلدە ئۆلگەن بىر قوينى
سويدۇم-دە، گۆشىدىن ساتتىم سەي‌ياساپ.
ھېچنېمە سەزمىدى يېگەن خېرىدار،
بۇ ئىشىم ئۆزۈمگە كەتتى بەك ياراپ.

ئەتىسى، ئورنىمدىن تۇرا-تۇرمايلا،
ئىشىكىم قېقىلدى شۇ قەدەر قاتتىق.
ئويلىدىم: ئاخشامقى كەيپى يېشىلمەي،
ھاراق دەپ كەلگەن بىر مەستۇر تاپىنلىق.

ئىشىكنى ئاچتىم-دە، بىر توپ ساقچىغا،
چۈشكەندە كۆزلىرىم، ئۇچتى ئەرۋاھىم.
دېدىم ئۆز-ئۆزۈمگە: خوپ بولدى مانا،
بولغاچقا گۇناھىڭ، ئۇردى خۇدايىم.

دېگەندەك، ئۇلارنىڭ سوراقلىرىدىن،
چۈشەندىم، بېسىپتۇ مېنى پالاكەت.
تونۇگۈن كۆپ ئادەم زەھەرلىنىپتۇ،
دېمەك، بۇ جان ئىشى، ئېغىر جىنايەت.

ئۇلار پېچەتلىدى ئاشپۇزۇلۇمنى،
سالدى جەرىمانە چەكتىن ئاشۇرۇپ؛
ئۇنى تۆلەش ئۈچۈن تاپقان-تەرگەننىڭ،
بارىنى ئۇلارغا بەردىم تاپشۇرۇپ.

ئايرىلدىم جىمىكى ئەسلى-ۋەسلىمدىن،
يەنىلا نامراتلىق ئىلكىگە ئالدى.
ئويلىدىم: يوق ئىكەن مەن ئۈچۈن ئامەت،
باي بولۇش ئارمىنىم — ئارمانچە قالدى.

شۇندىمۇ تەن بەرمەي ئۆز تەقدىرىمگە،
ئۇرۇندۇم يەنىلا بىر يول تاپقىلى.
ھەرنە چىڭ بولسىمۇ بايلىق سېپىلى،
ئۇنىڭدىن بىر يوچۇق-كاۋاك ئاچقىلى.

قالمىدى قولۇمنى تىقمىغان ھېچ ئىش،
پەرقلەپ تۇرمىدىم ياخشى - يامانىنى.
ئۆزۈمنى دەپسەندە قىلىپلا قالماي،
پۇل ئۈچۈن ساتتىمەن نومۇس - ئىمانىنى.

ئۇنىڭغا كىيدۇرۇپ بۇنىڭ بۆكىنى،
قاراڭغۇ بازاردا بولدۇم مەن دەللال.
ناچارنى ئېسىل دەپ، ئەرزاننى قىممەت،
ھەم بۇندا كۆز بوياپ ئېلىپ - ساتتىم مال.

يات، ياقا يۇرتلارنى قىدىرىپ، قاتراپ،
توشۇدۇم شەھەرگە نېشە ھەم ئەپيۇن.
ئۆزۈمنى يېتىلگەن موللا كۆرسىتىپ،
يولۇققان بىمارغا ئوقۇدۇم ئەپسۇن.

ياد لىدىم بىرنەچچە قىسقا ئايەتنى،
ئىسمىمنىڭ كەينىگە قوشۇلدى «قارىي».
مۇسۇلمان بەكمۇ ئاز بۇ چوڭ شەھەردە،
دەۋالدىم ئۆزۈمنى يۇرت تەقۋادارى.

تالادا قولىقىم، تىڭ - تىڭلاپ يۈردۈم،
نەدە پوشكال بولسا، ئۇندۇم شۇ يەردە.
لىپاپىنىڭ كويىدا چاپتىم ئېردىنمەي،
توي - تۆكۈن، مۇسىبەت بولسا قەيەردە.

دەيدىكەن: بىر تەڭگە چىشلىتىپ قويۇپ،
ئېشەك قىپ مىنسە گەر ئاچكۆز تەلۋىنى.
مەككىگە بارغىچە تاشلىمايدۇ ئۇ،
ئاغزىغا چىشلەكلىك ئاشۇ تەڭگىنى.

مەن بولدۇم بەئەينى شۇنداق پۇلپەرەس،
پۇل ئۈچۈن دوغا جان تىككىشكە تەييار.
قىلچە نەپ كۆرۈنسە، يوقالدى ھوشۇم،
مەن بولدۇم ھەر جايدا تەييارغا ھەييار.

ئەلدە بىر ماقال بار: ئەگەر ئات ئۆلسە،
بولىدۇ شۇ ھامان ئىتلار ئۈچۈن توي.

باشقىلار تارتسا دەرد، مەن بىلدىم راھەت،
كاتتا بىر باي بولۇش كاللامدىكى ئوي.

شۇ سەۋەب، مەيلى يات، مەيلى ئۆز بولسۇن،
بۇلىدىم، تالىدىم، شىلدىم، يۇلىدىم.
ئىنساپ ۋە نومۇسنى چۆرۈپ بىر چەتكە،
ئالەمدە پەقەتلا پۇلنى تونۇدۇم.

قالمىدى قىلمىغان ھىيلە يۇ مىكرىم،
بولدى جىن - شاياتۇن ماڭا يار - ئۈلپەت.
گەر كۆزى بار بولسا كۈن بىلەن ئاينىڭ،
ياغدۇرغان بولاتتى ماڭا مىڭ نەپرەت.

قىلغان - ئەتكىنىمنى دېسەم بىر - بىرلەپ،
تەھقىقكى، ئاڭلىغان بولىدۇ بېزار.
قىسقىسى، پۇل دېدىم، قىلدىم ھەممىنى،
ۋە يېدىم تويغۇدەك ھاقارەت ئازار.

چىققاچقا قانۇندىن، چىققاچقا يولدىن،
ھەتتاكى، تۇرمىگە چۈشتۈم نەچچە رەت.
مەندەك دەدىسەدىن جاق تويغان خەلق،
دېدى: «سېنى تاپقان ئاتاڭغا لەنەت!»

تۆت تەڭگە، تۆت تەڭگە، ئاشۇ تۆت تەڭگە،
قىلدى بۇ جاھاندا مېنى شۇنچە خار.
پۇل تېپىش ئىستىكى تەييار تاپىلىقتىن،
ئاقىۋەت ئۆزۈمنى يىغلاتتى زار - زار.

كاتتا بىر باي بولماق ئايلاندى چۈشكە،
مەن قالدىم يەنىلا نامرات تىلىقىمدا.
تىزىمدىن ئاشمىدى كىيگەن كېپىنىم،
كۆرمىدىم پاراغەت ھاياتلىقىمدا.

ئاتامۇ، ئانامۇ ئىدى پاك دېھقان،
ياشىغان تايىنىپ ھالال ئەمگەككە.
شۇلارنىڭ پەرزەنتى - نەسلى تۇرۇقلۇق،
ھەيرانمەن، چۈشكەنگە مۇشۇ ھالەتكە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## 5. چۈش

بويۇم ئىدى ئوقتەك، كۆڭۈل ئىدى يا،
كۆڭۈلنى قىلغىچە ئوق، بويۇم بولدى يا.
(«قۇتادغۇبىلىك» تىن)

قۇربان ھېيت ئايىمى ئاشۇ ئاخشامدا،
چۈش كۆردۈم، بىر چۈشكى، قىزىق كارامەت:
چۆچەكتە سۆزلەنگەن ئۇچقۇر گىلەمدە،
شۇ ئەزىز يۇرتۇمغا قىلدىم سایاھەت.

زۇمرەتتەك چاقنايدۇ چەكسىز كۆك ئاسمان،
قۇياشنىڭ نۇرىدا جىلۋىدار ھەر ياق.
ئاستىمدا ئۆزۈدۇ كۈمۈش بۇلۇتلار،
خامانغا دۆۋىلەنگەن پاختىدەك ئاپئاق.

تاۋلىنار كەڭ زېمىن تۈمەن خىل رەڭدە،
يېشىللىق پۈركىگەن مەغرۇر تاغلارنى.
تولغىنىپ ئاقىدۇ ئەزىم دەريالار،
قىزىلگۈل قىزارتقان چوغدەك باغلارنى.

بىپايان دالىدا چايقالغان بۇغداي،
ساپسېرىق ئالتۇندىن ئالغان رەڭ ئۆلكە.
مەجنۇنتال يوللارغا تاشلايدۇ سايە،
ئاق قۇلار باغرىنى ياققان ھەر كۆلگە.

تەبىئەت نەقەدەر ئۇستا بىر رەسسام،
دېدىم، مەن قايىل بوپ ماھارىتىگە.
تىكىلدىم بىر ئەمەس، مىڭبىر كۆز بىلەن،
يۇرتۇمنىڭ جەننەتتەك قىياپىتىگە.

ھە، شۇنداق بۇ مېنىڭ ئانا يۇرتۇمنىڭ،
سۈپسۈزۈك ئاسمىنى، گۈزەل زېمىنى.
كىندىكىم چېكىلگەن مانا مەشەدە،
پەپىلەپ قاتارغا قوشقان ئۇ مېنى...

... تۇيۇقسىز نىگاھىم چۈشتى ئانامغا،
تۈزۈپتۇ بولۇمغا تىكىپ كۆزىنى.
ئاقارغان بېشىدا ئاق داكا ياغلىق،
بېسىپتۇ قورۇقلار نۇرلۇق يۈزىنى.

بەللىرى ئېگىلىپ سەل موكچىيىپتۇ،
لېكىن، يوق قولىدا ھاسا تايىقى.
يارىشىپ كېتىپتۇ سالاپىتىگە،
كۆك سەتىن كۆڭلىكى، مەسە ئايىغى.

يىللىق بىر باققاندا يۈزۈمگە ئانام،
قۇش كەبى ئۇچتۇم - دە، باردىم ئالدىغا.
كۆزۈمدىن بولدۇقلاپ ئاقتى ياشلىرىم،
ئۇ مېنى باسقاندا ئىسسىق باغرىغا.

دېدى ئۇ: «ئاھ بالام، خارابتۇ ھالىڭ،
بولۇپسەن گويا كى قورۇغان قاقشال.
تازا بىر نەۋقىران چاغلىرىڭ ئىدى،
ئالدىمدا سەن ئەمەس تۇرىدۇ بىر چال.

كۆرۈمسىز كىيىمىڭ - ئۇستىبېشىڭدىن،
تۇرىدۇ نامراتلىق - گادايلىق يېغىپ.
سولاشقان يۈزۈڭدىن تۆكۈلەر قايغۇ،
تۇرۇپتۇ ئىچىڭدىن دەرد - ھەسرەت تېشىپ.

يات يۇرتتا كاتتا باي بولىمەن، دېدىڭ،
كۆڭلۈڭگە پۈككىنىڭ بولدى دۇنيا - مال.
قېنى ئۇ بايلىقىڭ؟ قەلەندەرغۇ سەن!
ئېيتقىنا، بۇ زادى قانداق بىر ئەھۋال؟!»

مەن دېدىم دۇدۇقلاپ: «كەچۈرۈڭ ئانا،
بولغىنىم راست ئۇ چاغ پۇل ئۈچۈن سېزىك.
ئاتىلار دەپتىكەن كارامەت بىر سۆز:
ئىشەنگەن تاغلاردا ياتمايدۇ كىيىك.

چۈشەندىم، جاھاندا نەگە بارسىمۇ،
پەنىلا تۆت ئىكەن قازان قۇلىقى.
ئىرىشتىم ـ ئىرماشتىم باي بولۇش ئۈچۈن،
ھەتتاكى تېنىمنىڭ چىقتى جۇلىقى.

شۇلدىمۇ يوقسۇللۇق باستى تاغ بولۇپ،
پۈكۈلدى قامىتىم، كەلمەي تەلىيىم.
يالىڭاچ كەلگەندەك مۇشۇ ئالەمگە،
يالىڭاچ كەتمەكلىك بولدى تەقدىرىم...»

سۆزلىدىم بېشىمدىن ئۆتكەن ـ كەچكەننى،
ئۇندا بار رىيازەت، نادامەت، ھەسرەت.
مىسالى بولدۇقلاپ ئاققان بۇلاقتەك،
تۆكۈلدى ئىچىمگە تىنىپ كەتكەن دەرد.

ئاڭلاپ بۇ ھالىمنى كايىدى ئانام:
«پۇل دېبدىلىك، سەن تامام ئازدىڭ ئەقلىڭدىن.
ئەجدادىڭ، نەسلىڭدىن كېچىپلا قالماي،
پۇل دەپ يۈز ئۆرۈدۈڭ ۋەتەن، خەلقىڭدىن.

راست، پۇلغا ھاجەتمەن ھەربىر تىرىك جان،
ئۇ لازىم تۇرمۇشتا ھەممە نەرسىگە.
ۋەلېكىن، چۈشمەيدۇ ۋىجدانلىق ئادەم،
تۆت تەڭگە ياماقنىڭ ئاسارىتىگە.

پۇل ئەمەس ھەممىگە بىردىنبىر قادىر،
ۋە ئەمەس خىزىرى ھامان ئىنسانىنىڭ.
ھاياتتا پۇلدىنمۇ قىممەت نەرسە بار،
باشچىسى بولىدۇ ئاشۇ جاھانىنىڭ.

ياخشىراق ياشاشچۇن ياخشى ئادەملەر،
تاپىنار مېھنەتكە ـ ئىككى بىلەككە.
ھالال تەر، تەگكۈزسە لەۋلەرگە شەربەت،
يەتكۈزەر شاپائەت، شادلىق بۆلەككە.

ھە، سەنچۇ؟ ياشاپسەن ناتەھلىلەردەك،
خەقلەرنىڭ رىسقىغا سوزۇپ قولۇڭنى.
ھارامدىن تاپقان پۇل سىغماي يېنىڭغا،
چىقىپتۇ ئاقىۋەت تېشىپ كېلىڭنى.

بىلىپ قوي، بىراۋنى قاقشاتسا كىمكى،
ئۇتىدۇ شۇنى نەق قارغىش ـ قىساسى.
ئەيدۇ ئەل: ئىگىسىز ئەمەس ھېچ بەندە،
بار ئۇنىڭ ياراتقان تەڭرى ـ خۇداسى!»

ئانامنىڭ سۆزلىرى تەگدى ئوق بولۇپ،
قىزاردى يۈزلىرىم، ئېگىلدى بېشىم.
گۇناھىم ئالدىدا قىلدىم مىڭ تۇۋا،
كۆڭلۈمدە ھەسرىتىم، كۆزۈمدە يېشىم.

(ئانامكى بەش ناماز، تەقۋادار ئايال،
بىزدىكى كۆپلىگەن مومايلار شۇنداق.
بار ئۇنىڭ سۆزىدە، ھەقىقەت نۇرى،
بولسىمۇ ئاز ـ تولا خۇراپىي پۇراق.)

بۇ مۇڭلۇق تەققىمگە كۆز سېلىپ ئانام،
ئېچىنىپ ئۇھ تارتتى، كەلگەچكە رەھىمى.
دېدى ئۇ: «ئۆتكەنگە بولسۇن سالاۋات،
بۆلەكتىن تۈزىلىپ ئادەم بول ئەمدى».

ئۇ مېنى ھېيتلاشقا باشلىدى ئۆيگە،
ئېھرىدىن كۆزىدە چاقناپ يەلىلدىق نۇر.
«ئۆز ئۆيۈڭ خوشلۇقى،— دېدى ئۇ كۈلۈپ،—
پۇت ـ قولۇڭ بوشلۇقى، ئولتۇر بەھۇزۇر».

ئۆي ئىچى چوغسىمان قىپقىزىل گىلەم،
كۆرپىلەر سېلىنغان چۆرىدەپ تامنى.
ئوتتۇرىغا سېلىنغان چوڭ داستىخانغا،
تىزىپتۇ غوۋچىدە مەزە، تائامنى.

يوپۇرماق ساغزىمۇ، ئەشمە ساغزىمۇ،
بۇندا بار ھەسەلدىن كەمپۈتكە قەدەر.
قۇرۇبانلىق قوي گۆشى يوغان تاۋاقتا،
بۇندا بار ئۈزۈمدىن نەشپۈتكە قەدەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ناۋات سېپ دەملىدى ئانام پەمىل چاي،
سورىدى: «ئۇياقتا ھېيت چوڭ ئۆتەمدۇ؟
جور بولۇپ ناغرىغا، چۇشۇپ ساماغا،
جامائەت دېڭىزدەك تەۋرەپ كېتەمدۇ؟»

مەن: دېدىم «ياق ئانا، ئۇياقتا ھېيت يوق،
روزىھېيت، قۇربان ھېيت بولمايدۇپەقەت.
يوق بارات ئېيىدا قاپاق كۆيدۈرۈش،
ئۇ ھالدا نورۇزغا بار نەدە نۆۋەت؟!»

ئۇ دېدى: «ئۇلارنىڭ ئۆز ھېيتى يوقمۇ؟»
مەن دېدىم: «بار، بىراق بىزگە تامام يات.
ئوخشىماس بىز بىلەن دىنىي مەزھىپى،
باشقا بىر دىنغا ئەل قىلار ئېتىقاد.»

ئۇ دېدى: «ئۇ يەردە مەسچىتلەر باردۇ؟»
مەن دېدىم: «يوق، ئانا، چېركاۋلىرى بار.
بىز ئۆلسەك، تاپىمىز ئۆزىمىز گۆرلۈك،
ئۇلارنىڭ گۆرىستان، گۆركارلىرى بار.»

ئاڭلاپ بۇ گېپىمنى ئەندىكتى ئانام،
ۋە تىكتى كۆزۈمگە ئويچان كۆزىنى.
ئۇ ئەتەي سۆھبەتنى بۇرىماق بولدى،
باشقا بىر تېمىغا يۆتكەپ سۆزىنى:

«ياخشىدۇ تۇرمۇشى بالىلىرىڭنىڭ،
خىزمەتكە چىققاندۇ بەلكى كىچىكى؟
بىلەمدۇ بىزدىكى ئۆرپ - ئادەتنى؟
قانداقراق سىياقى، كىيىم - كېچىكى؟»

مەن دېدىم: «ۋاھ، ئانا، سورىماي قويۇڭ،
بالىلار ئەھۋالى مەندىنمۇ بەتتەر.
قەدەمدە پېشكەللىك باستى ئۇلارنى،
يات تۇرمۇش كەلتۈردى قەۋەتلەپ خەتەر.

چوڭلىرى بۇياقتىن ئوقۇشتىن چىققان،
ئۇياقتا ئوقۇشقا قالدى ئامالسىز.
مەكتەپلەر تامامەن ئۇلار تىلىدا،
بالىلار بەئەينى بولدى ساۋاتسىز.

ئىككى - ئۈچ يىل كەتتى ئۆگىنىشكە تىل،
ئوقۇشتىن ئارقىدا قالدى شۇنچە يىل.
ئۆزىدىن نەچچە ياش كىچىكلەر بىلەن،
ئولتۇردى پارتىدا بولۇشۇپ خىجىل.

مىڭ تەستە پۈتتۈرسە ئالىي مەكتەپنى،
چىقمىدى ئۇلارغا لايىق بىر خىزمەت.
ئۇ يەردە بىزلەردەك مۇساپىرلارغا،
نەدىكى، تۈزۈكرەك شاپائەت - ھىممەت؟!

چوڭ ئوغلۇم تۆمۈريول ئىشچىسى بولدى،
چوڭ قىزىم پونكىتتا سۈت تارقاتقۇچى.
تىببىي ئىنستىتۇت پۈتتۈرگەن كەنجەم،
بولدى بىر بوتكىدا دورا ساتقۇچى.

شۇندىمۇ خۇش بولدۇق خوتۇن ئىككىمىز،
ئۇلارغا ئىش - ئوقەت تېپىلغىنىغا.
ئىشسىزلىق دەستىدىن قاڭغىر قاقشىماي،
ھاياتلىق يولىنىڭ ئېچىلغىنىغا.

ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىن سوراپ قالدىڭىز،
نېمە دەي، ھەممىسى ئۆزگىرىپ كەتتى.
ئەلگە كىر ئېلىشقىچە، دېگەن گەپ بارغۇ،
ئۇلار باشقا ياققا يۈزلىنىپ كەتتى.

ئەجدادلار قالدۇرغان ئۆرپ - ئادەتنىڭ،
بولمىدى ئۇلارغا ئەمدى ھاجىتى.
ئۇلارنىڭ بىلىگىنى ئاشۇ يات ئەلنىڭ،
ئۆزىگە تونۇشلۇق ئۆرپ - ئادىتى.

**بالىلار چىرايى بىزگە تارتىسمۇ**
گەپ - سۆزى، ھەرىكىتى تامام ئۆزگىچە.
ھايىسى، مەقسىتى، ئويىدىن تارتىپ،
مۇھەببەت، نەپرىتى تامام ئۆزگىچە.

ئوغۇللار ئايىغى ئېگىز پاشنا،
تۇرىدۇ يەلكىگە چۇشۇپ چاچلىرى.
قىزلارنىڭ كىيگىنى بىر فېرىچ يوپكا،
نەچچە خىل بويالغان يۈز ـ كۆز، قاشلىرى.

ۋاھ ئانا، تۇيۇقسىز كۆرۈپ قالسىڭىز،
ئۇلارنىڭ ئەپتىدىن كېتىسىز چۆچۈپ.
بۇلارنى نەۋرىڭىز دېسە گەر بىر كىم،
تاڭ قېتىپ قالىسىز ئۆڭگىز ئۆچۈپ.

ئۆزۈمنىڭ گۇناھىم يېتىپ تۇرۇقلۇق،
ھالىلار ئالدىدا بولدۇم ئەيىبدار.
دەيمەن: بۇ نېمانچە ئېغىر تارتقۇلۇق،
ئېمىشقا پېشكەللىك ماڭا مۇنچە يار؟!

نە چارە، بىز كەتتۇق شۇنداق ئۆزگىرىپ،
ئۆزنى يات ۋە بەلكى ياتنى ئۆز كۆرۈپ.
نە ئاڭلىق، نە ئاڭسىز، بۇنىڭ پەرقى يوق،
گەجدادلار روھىدىن كەتتۇق يۈز ئۆرۈپ...»

ئاڭلاپ بۇ سۆزلەرنى خورسىندى ئانام،
بىر ھازا ئۇندىمەي ئويى سۈرۈپ قالدى.
ۋە ئاخىر دېدى ئۇ: «خۇداغا شۈكرى،
ۋەتىنىڭ سېنى ئۆز باغرىغا ئالدى.

كۆرۈپسەن يەتكۈچە كۆرگۈلۈكلەرنى،
چېكىپسەن يەتكۈدەك دەرد ـ رىيازەتنى.
ياشاپسەن سەرسانلىق ـ سەرگەردانلىقتا،
ھاپاشلاپ بىر ئۆمۈر قايغۇ ـ ھەسرەتنى.

جەس، يېتەر، ئۆتكەنگە چەك قوي، تىنىم سال،
ۋەتىنىڭ ئۆزۈڭنىڭ، بۇندا مەڭگۇ قال.
تۆكۈلسۇن ئۆز تەرىڭ ئۆز تۇپرىقىڭغا،
ئېلىڭنىڭ رازىلىق دۇئاسىنى ئال.

تاش چۇشكەن يېرىدە ئەزىز، دەيدۇ ئەل،
قال مۇشۇ ئەزىزلىك ھۆرمىتىڭ بىلەن.
خەلقىڭنىڭ ئالدىدا قەرزىڭ قىل ئادا،
ئوغۇللۇق خىسلىتىڭ، ھىممىتىڭ بىلەن...»

ئانامنىڭ سۆزىدىن ياپىرىدى جىنىم،
مىسالى سىمابتەك تىترىدى تېنىم.
كۆزۈمدىن تۆكۈلدى شادلىق ئۈنچىسى،
تومۇردا دولقۇنلاپ جۇش ئۇردى قېنىم.

ئۆپكىدەپ يىغلىدىم، يىغلىدىم ئۇزاق،
كۆز يېشىم يەپلىرى ئۈزۈلگەن مونچاق.
نېمىشقا يىغلىماي، تۇرسا ئالدىمدا،
جانىجان ۋەتىنىم ئېچىپ كەڭ قۇچاق؟!...

...تۇيۇقسىز چۆچۈتۇپ ئويغاتتى مېنى،
دەل سائەت ئالتىدە گۇدۇكنىڭ ئۈنى.
ئادىتىم: دەس تۇرۇش گۇدۇك بىلەن تەڭ،
ۋە مېڭىش يەتتىدە ئىشقا ھەر كۈنى.

بۈگۈنمۇ بولغاچقا شۇ ئەھۋال تەكرار،
تەرك ئېتىپ ئۇيقۇمنى، ئاچتىم كۆزۈمنى.
قارىدىم، ياستۇقۇم چىلىق ـ چىلىق ھۆل،
ئىسسىق ياش ئېقىپتۇ يۇيۇپ يۈزۈمنى.

كۆچكەن قار باسقاندەك باستى كۆڭلۈمنى،
ئويلىسام چۈشۈمنى ئۆكۈنۈش، ھەسرەت.
ئوڭۇمغا ئايلانسا ئاشۇ شېرىن چۈش،
كۆلمەتتى قايتىدىن ياشلىق مۇھەببەت.

ۋەتىنىم، دىيارىم تەڭداش جەننەتكە،
خەلقىم باي ئەڭ يۈكسەك غايە، خىسلەتكە.
شۇنداق بىر ئەل ـ يۇرتنىڭ ئوغلى تۇرۇقلۇق،
ھەيرانمەن، چۈشكەنگە مۇشۇ ھالەتكە؟!

## خاتىمە

كىتابخان، مانا بۇ بىر مۇساپىرنىڭ،
ئەلەملىك كۆز ياشقا تولغان قىسسىسى.
بۇ يەردە يازغىنىم بىر قىسمى پەقەت،
قىسىملار ئىچىدە بەكمۇ قىسقىسى.

كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس سەيياھقا،
ئەھدىم بار يازغىلى ھەممىنى تولۇق.
شۇندىمۇ ئازغىنە توختىلىپ ئۆتەي،
قىسسىنى سۆزلىگەن كىشى توغرۇلۇق.

ئۇ مېنىڭ يۇرتدىشىم ھەم ساۋاقدىشىم،
بىز بىللە ئوقۇغان ئالىي مەكتەپتە.
ئىككىمىز ئوخشاشلا شائىر بولۇشقا،
ئەقىدە باغلىغان بۈيۈك مەقسەتتە.

ۋەلېكىن، ئۇ كەتتى ياقا يۇرتلارغا،
ئەينى چاغ كەتكەنلەر بولدى شۇنچە جىق.
ئۇ يىللار ۋەتەننىڭ ئېغىر يىللىرى،
بار ئىدى بۇ يەردە كۆپ قىيىنچىلىق.

كەتكەنلەر كېتىشتى قۇشلار كۆچكەندەك،
ئۆزۈلدى كۆپ ئۆتمەي خەت - ئالاقىمىز.
يىگىرمە - ئوتتۇز يىل ئۆتۈپ ئارىدىن،
باشلاندى بۆلەكتىن كەلدى - باردىمىز.

باشقىلار قاتارى ئالدىنقى يىل كۈز،
مەنمۇ شۇ دۆلەتنى قىلدىم زىيارەت.
كوچىلار ئايلىنىپ، تەشنالىق قىيناپ،
بىر قەھۋەخانىغا كىردىم ئاقىۋەت.

ئۈستەللەر جاي ئالغان ئۆستەڭ بويىدىن،
سۈزۈك سۇ ئاقاتتى سۆيۈپ قىرغاقنى.
گۈللەرنىڭ بەرگىنى سۆيەتتى شامال،
ئۇراتتى دىماغقا خۇش بۇي پۇراقنى.

ئۇچراتتىم ئەنە شۇ قەھۋەخانىدا،
قەدىناس يۇرتدىشىم، ساۋاقدىشىمنى.
ئوتتۇز يىل مىقدارى كۆرۈشمىگەچكە،
باسالماي قالدىم مەن ھاياجىنىمنى.

ئۇ بەكمۇ قېرىپتۇ، چاچ - ساقىلى ئاق،
تولۇپتۇ قورۇققا سارغايغان يۈزى.
تەق - تۇرقى، گەپ - سۆزى تامام باشقىچە،
يالغۇزلا ئۆزگەرمەي قاپتۇ جۈپ كۆزى.

ئۇ ماڭا سۆزلىدى ئۇزاقتىن - ئۇزاق،
سۆزلىدى كەچۈرگەن قىسمەتلىرىنى.
ياخشىنى، ياماننى يوشۇرۇپ تۇرماي،
سۆزلىدى ھەممە دەرد - ھەسرەتلىرىنى.

دېدى ئۇ: «يېزىپ چىق بۇنى ئۆز ئەينى،
بۇ سەندىن ئىلتىماس دوستلۇق تۈپەيلى.
ئەس - ھوشلۇق ئادەملەر ئېلىشسۇن ئىبرەت،
ئەخمەقلەر نېمىدەپ جۆيلۈسە مەيلى.

ئاڭلىدىڭ، ئايرىلدىم ئانا تىلىمدىن،
ئايرىلدىم ئەنئەنە مىراسلىرىمدىن.
شائىرلىق تالانتىم ئۇچتى شامالغا،
ئايرىلدىم تەسەۋۋۇر، ئىلھاملىرىمدىن.

بۇ ھالدا مۇمكىنمۇ قەلەم تەۋرەتمەك؟!
بىلمەمەن، ھېچ سادا چىقمايدۇ مەندىن.
سەن يازغىن قىسمەتنى ئوقۇسۇن خەلقىم،
بۇ ئىككى ئالەملىك تىلىكىم سەندىن!...»

ھېسسىياتىم تارىنى چەكتى بۇ سۆزلەر،
قەلبىمدە ھەسرەتنىڭ مۇڭلۇق نىداسى.
ئويلىدىم: نەقەدەر ئېغىر ئادەمگە،
تەقدىرنىڭ كەلتۈرگەن ئەلەم - ئەزاسى.


نېمە دەي؟ ياق دېسەم رەنجىيدۇ كۆڭلى،
خوپ دېسەم بۇ قىسسە يازماققا بىئەپ.
بەزىلەر ئوقۇسا خۇش بولغان بىلەن،
بەزىلەر قايناپدۇ ئوغىسى ئۆرلەپ.

شۇندىمۇ قايتۇرماي ئۇنىڭ رايىنى،
ماقۇللاپ ئىڭىشتىم ئاستا بېشىمنى.
يىگىتلەر سۆزىدىن يانمايدۇ ئەسلا،
دەرمەھەل باشلىدىم مەنمۇ ئىشىمنى.

بۇرادەر، ئەنە شۇ سۆھبەت مەھسۇلى،
مەن ساڭا ھۆرمەتتە تۇتقان بۇ داستان.
خۇشالمەن، چىققاچقا ئەھدىمنى ئاقلاپ،
سەن كەبى مەندىمۇ قالمىدى ئارمان!

1991 - يىل 10 - ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئوسمانجان ساۋۇت



مەتتمىن نۇردۇن

# هاشىم تۇماق

(ھېكايە)

ئۇنى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى كىشىلەر
«هاشىم تۇماق» دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇ هازىر
قېرىپ مۈكچىيىپ قالدى. لېكىن شۇنداق
بولۇشىغا قارىماي كىشىلەر ئۇنى يەنىلا
ئاشۇ نام بىلەن ئاتىشىدۇ. ئۇمۇ كىشىلەر-
نىڭ ئاشۇنداق چاقىرىشىغا كۆنۈپ
قالغانىدى.

ئۇنىڭ شۇنداق ئاتىلىپ قېلىشىغا
ئەسلىدە بېشىدىكى ئاشۇ پاغلىشىپ رەڭ-
گىنى يوقاتقان ئىسكەتسىز كەمچەت تۇ-
مىقى سەۋەبچى بولغانىدى، بۇنى هاشىم-
نىڭ تەقدىرى دېسەكمۇ، تەلىيى دېسەكمۇ
بولۇۋېرىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ هايات سەھى-
پىسى ئاشۇ تۇماق بىلەن زىچ مۇناسىۋەت-
لىك ئىدى.

دېمىسىمۇ بۇ تۇماقنىڭ تارىخى ئۇ-
زۇن بولۇپ، قاچانلاردا ئۇنىڭ بېشىغا
نېسىپ بولغانلىقىنى پەقەت هاشىم بوۋاي-
نىڭ ئۆزىلا ياخشى بىلىدۇ هەم بۇنى ئىپ-
تىخارلىق بىلەن ئەسلەپ قويىدۇ. بۇ تۇ-
ماقنى هاشىم بوۋاينىڭ مەرهۇم دادىسى

مۆمىن ئاخۇن مەھەللىسىدىكى ئۇستا تۇ-
ماقچى سەمەت بايدىن ئېلىپ بەرگەنىدى.
ئۇ چاغدا مۇنداق تۇماقنى پەقەت مەھەل-
لىدىكى قول ئىلكىدە بار بايلارنىڭ
باللىرى، سودىگەرلەر، قارىيلار كىيەتتى.
هاشىم تۇماقنىڭ دادىسى ئۇ كەمدە ئانچە
باي هېسابلانمىسىمۇ، يالغۇز ئوغلى ئۈچۈن
بۇ كەمچەت تۇماقنى بىر پاقلاننىڭ پۇلى-
غا سېتىۋالغانىدى. ئاشۇ كۈنلەردە ها-
شىم دادىسىدىن بەكمۇ رازى بولغانىدى.
ئۇ تەڭتۇش دوستلىرى ئارىسىدا ئۆزىنى
خۇددى بايۋەتچى يىگىتتەك هېس قىلىپ
قالغانىدى، مەھەللىدىكى كىشىلەر ۋە
قولۇم-قوشنىلىرىمۇ ئۇنىڭ بۇ تۇمىقىنى
قالتىس ماختاشقان ھەتتا مەھەللىدىكى
قىزلارمۇ ئۇنىڭغا ئاللىقانداق بىر قىزىقىش
بىلەن قاراشقانىدى. هاشىم تۇماق بەخش
ئەتكەن يىللىق مۇئامىلىدىن دىلى سۆ-
يۈنگەن هالدا بۇ خاسىيەتلىك تۇمىقىنى
تولىمۇ ئاسراپ كىيەتتى. ئادەم يوق
جايلاردا تۇمىقىنى قولغا ئېلىپ، هەۋەس

uyghurkitap.com

بىلەن قاراپ كېتەتتى، شېھرىي ھېسسىياتلار قايىنىمىغا غەرق بولاتتى. بۇ تۇماق ئۇنىڭ كۆچۈن گويا بىر بەخت ـ سائادەتنىڭ ئاچقۇچىدەك سېزىلەتتى.

ئۇ چاغدا بۇ تۇماق ھەقىقەتەن كىشىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىغۇدەك چىرايلىق ۋە سىپتا ئىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ چۆرىسىگە تۇتۇلغان قوڭۇر قاما كۆزنى قاماشتۇراتتى. تۇماقنىڭ رەختى دەل خاڭجۇنىڭ ئېسىل دۇخاۋىسىدىن ئىدى. گەرچە بۇ تۇماق ئەمدىلا يىگىرمىگە كىرگەن ھاشىمنى سەل چوڭ چىراي قىلىپ قويىغان بولسىمۇ، ھەر ھالدا ئۇنىڭغا ياراشقان، ئۇنى سۆلەتلىك يىگىتكە ئايلاندۇرغانىدى.

مانا ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ كەتتى. ھاشىم بوۋاي بىلەن بىرگە ئاشۇ تۇماقمۇ نۇرغۇن سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن ئۆتكۈزدى. ئۇ دەسلەپتە تۇماقنى ھېيت ـ ئايەم ۋە بايراملاردىلا كېيەتتى. كېيىنچە قىش ـ ياز بېشىدىن چۈشۈرمەيدىغان، ھەتتا كېچىسىمۇ بېشىدىن ئالماي ياتىدىغان بولدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تۇماقنىڭ ئېسكەتىمۇ قالمىدى، رەڭگىمۇ ئۆزگىرىپ كەتتى. تۇماقنىڭ دۇخاۋىسىنىڭ ئۈستىنى بىر قەۋەت كىر قاپلىدى، قامىنىڭ تۈكلىرىمۇ چۈشۈپ تاقىرلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇماقتىن ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرگىدەك بىر خىل سېسىق بۇس چىقىدىغان بولدى. ئەمما ھاشىم بوۋاي تۇماقنى ئېسكەتىنىڭ قانداق بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىدىن قەتئىينەزەر، خۇددى بىر ئەڭگۈشتەردەك پەقەت تاشلىمايتتى. ئەكسىچە ھۇنچىلىك ئامراق ئىدىكى، ئۇنى ھېچقانداق كىشىگە تۇتقۇزمايتتى. ناۋادا بىرەرى تۇتۇپ قويغۇدەك بولسا، ئۇرۇشاتتى، تىلىل سالاتتى، بۇ تۇماق گويا ئۇنىڭ تېنىنىڭ بىر پارچىسىغا ئايلىنىپ كەتكەندەك ئىدى. كىشىلەر بۇنىڭغا بەكمۇ ھەيران بولاتتى. شۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭغا «ھاشىم تۇماق» دېگەن بۇ خاسىيەتلىك نامنى بېرىشكەنىدى.

«ئاتالمىغان ئەردىن ئاتالغان دۆڭ ياخشى» دېگەندەك مۇبادا ھاشىم تۇماققا ئاشۇ نام بېرىلمىگەن بولسا، ئۇنىڭ ھاياتىدىن ئازراقمۇ ئىز قالمىغان، ھەتتا كىشىلەر ئۇنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەنمۇ بولاتتى.

ھاشىم تۇماق ئوتتۇرا بوي كەلگەن، قارامتۇل، ساقال ـ بۇرۇتلىرى شالاڭ، سەل ـ پەل دومچىيىپ ماڭىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى 50 ـ يىللاردا ئارقا ـ ئارقىدىن ۋاپات بولۇپ كېتىپ، ئۇنىڭغا پەقەت ئىككى ئېغىزلىق ئۆي بىلەن ئانىسىنىڭ ئىككى دانە ئالتۇن بىلەيزۈكى مىراس قالغانىدى. ئۇ ئالتۇن بىلەيزۈكنىڭ بىرىنى سېتىپ ئانىسىنىڭ ئۆلۈمىگە خىراجەت قىلدى، بىرىنى تاكى ھازىرغىچە ئاشۇ تۇماقنىڭ ئەستىرىدە ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. بۇ سىرنى ئۇنىڭ ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى، ئۇ مۇشۇ يىللاردا نۇرغۇن قېتىم قىيىن كۈنلەردە قالدى. ھەتتا قولىنىڭ قىسقىلىقىدىن ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىقمۇ بولالمىدى. ئەمما بىلەيزۈكنى يوقاتمىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ناھەق ئىشلارغا چىداپ تۇرالماي بىر ـ ئىككى ئېغىز نارازىلىق سۆز قىلىۋىدى، كورەشكە تارتىلدى. «نەق ئەكسىلئىنقىلابچى» دېگەن جىنايەت بىلەن سەككىز يىللىق كېسىلدى. ھېلىمۇ ياخشى سىياسەت ئەمەلىيلىشىپ، ئۈچ يىلدا

تۆرمىدىن قايتىپ چىقتى. تۆرمىدىن چىق ـ
قالدىن كېيىن مۇقىم كەسپى يوق، ئۇنىڭ ـ
بۇنىڭ ئىشىنى قىلىپ جان باقتى. ئىككى
ئېغىزلىق كونا ئۆيىمۇ «كۆيخۇا» غا توغرا
كېلىپ قېلىپ چېقىۋېتىلدى، ناھىيە بازى ـ
رىنىڭ چەت ياقىسىدىن بېرىلگەن ئالتە
فۇڭ يەرگە بىر ئېغىزلىق كېسەك تام
ئۆيىنى ئاران ئۆرە قىلىۋالدى. ئاشۇ بىر
قاتار بەختسىزلىكلەر سەۋەبىدىن خوتۇن
توغرىلىق ئويلىنىشقا پۇرسەت بولمىدى. پۇر ـ
سەت كەلگەندە ئۇنىڭ يېشى چوڭىيىپ يۈرىكى ـ
نىڭ ئوتىمۇ ئۆچۈپ، ئايال جىنسى ئۇچرىسا
ئەيمىنىدىغان، ھەتتا ئۇلاردىن قاچىدىغان
بولۇپ قالدى.

ھاشىم ئاشۇ پاكارغىنە سېلىنغان
بىر ئېغىزلىق كېسەك تام ئۆيدە تامىقىنى
ئۆزى ئېتىپ يەپ، كىر ـ قاتلىرىنى ئۆزى
يۇيۇپ، يالغۇز ـ يېگانە ياشىدى. ئۇنىڭ
ھوزۇرلىنىپ خىيال سۈرگىدەك ئۆتمۈشى
ئەسلا يوق ئىدى، ئۇ پەقەت ئاندا ـ ساندا
ئاياللار توغرىلىق تاتلىق خىيالمۇ قىلىپ
قالاتتى، ئەمما ئۇ نېمىشىدۇر غۇدۇڭشۇپ
بۇ خىيالدىن شۇھامان ۋاز كېچەتتى، ئۇ
ئايال كىشىدىن ئەپرەتلىنەمدۇ ياكى ئۆزى ـ
نىڭ نەس باسقان يېگانە ھاياتىدىن نەپ ـ
رەتلىنەمدۇ، بۇنى بىلىپ بولمايتتى.

مەھەللىدىكى شوخ جۇۋانلار كاھىدا
بۇ قېرى بويتاقتىن گەپ تەمە قىلىپ،
ئۇنىڭدىن ھەر گەپلەرنى سورىشاتتى،
ئەمما ھاشىم تۇماق ئۇلارنىڭ سۆزىگە پى ـ
خىلداپ كۈلۈپلا قوياتتى، جاۋابمۇ بەر ـ
مەيتتى. جۇۋانلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مەس ـ
خىرە قىلىپ كۈلۈشەتتى.

ھاشىم تۇماقنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقىنى،
ئەل ـ ئاغىنىسى قىسقىسى، دۇنيانىڭ مۇڭ ـ
داشقۇدەك ئادىمىمۇ يوق ئىدى، ئۇ پەقەت
بىر نەچچە توخۇسى بىلەن ۋە ئالا بويناق
ئىتى بىلەنلا مۇڭدىشاتتى، بۇ، تىلسىز
جانىۋارلار ئۇنىڭ يالغۇز، يېگانە ھاياتى ـ
نىڭ بىردىنبىر تەسەللىسى ۋە ھەمراھى
ئىدى. بولۇپمۇ ئالابويناق ھاشىم تۇماق ـ
نىڭ سادىق دوستى ئىدى. ئۇ، بىر ياق ـ
قا كەتسە ئۆيىنى ۋە توخۇلارنى ياخشى
كۆزىتىپ قىلاتتى، ھاشىم تۇماق تالادىن
ھېرىپ، چارچاپ كەلسە، ئۇنىڭ ئالدىغا
ئەركىلەپ چىقاتتى، غىڭشىپ بىر نېمى ـ
لەرنى دەيتتى. ھاشىم تۇماقمۇ ھېرىپ ـ
چارچىغىنىغا قارىماستىن ئىتىنى ئەركى ـ
لىتىپ بازاردىن ئېلىپ كەلگەن نەرسى ـ
لىرىدىن، ئۆزى پىشۇرغان كۆمەچ ناندىن
ئېلىپ ئىتىغا بېرەتتى، ئىتىنىڭ قورسىقىنى
تويغۇزماي تۇرۇپ ئاغزىغا ھېچ نەرسە
سالمايتتى.

ھاشىم تۇماق تاپقان پۇل ـ پۇچەكلى ـ
رىنى بەكمۇ چىڭ تۇتاتتى، ئادەتتە ئۇ
تۈزۈكرەكمۇ تاماق ئېتىپ يېمەيتتى، ئۇنىڭ
بىلىدىغان ئەڭ ئېسىل تائامى چامغۇر
بىلەن كاۋا توغرىغان ئۇماچ ئىدى. بۇ
خىل تاماق ھەم ئېتىش ئاسان، ھەم تې ـ
جەشلىك ئىدى. ئۇ ئاندا ـ ساندا بازار ـ
دىن نان سېتىۋالمىسا، باشقا چاغلاردا
ناننى ئۆزى پىشۇرۇپ يەيتتى، ئۇنىڭ پى ـ
شۇرىدىغىنى قوتۇرماچ ئىدى. ئەتكەن ئۇ ـ
ماچنى بىر كۈن، ئىككى كۈن ساقلاپ
ئىچەتتى، ھەتتا بۇ ئۇماچ بىلەن ئىتىنى
ۋە توخۇلىرىنىمۇ باقاتتى. قىسقىسى، ھا ـ
شىم تۇماق تۇرمۇشتا چىداملىق ھەم تې ـ
جەشلىك ئىدى.

ئۇ مەھەللىدىكى توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ
چىراغ دېگەندەك جامائەت سورۇنلىرىغا

www.uyghurkitap.com

ھەممىدىن بۇرۇن باراتتى، ئۇنىڭ
ئۈچۈن مۇنداق سورۇنلار ھەرھالدا كۆڭۈل-
لۈك ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئۇماچ ئىچىپ
كوكىراپ كەتكەن ئۈچەيلىرى بىر قېتىم
مايلىشىپ قالاتتى ھەم قورسىقىمۇ بىر
رەت پۇلسىز توياتتى. شۇڭا ئۇ مۇنداق
سورۇنلاردىن زادى قالمايتتى.

ھاشىم تۇماق پات - پات يېرىم تۈن-
دە ئورنىدىن تۇرۇپ، كىرسىن چىراغنىڭ
يورۇقىدا تۇمىقىنىڭ ئەستىرىنى سۆكۈپ،
ھېلىقى ئالتۇن بىلەيزۈككە ئۇزاقىچە قا-
راپ ئولتۇراتتى. ئاندىن تاپقان پۇللىرىنى
ئىنچىكە يىمىرىپ، ئۇنى بىلەيزۈك بىلەن
بىرگە قايتىدىن تۇماقنىڭ ئەستىرى ئارى-
سىغا تىكىپ قوياتتى. تۇماقنىڭ ئەستىرى
تولا سۆكۈلۈپ تىكىلىۋەرگەنلىكتىن ئۇنى
ئەمدى سۆكۈپ - تىكىشمۇ تەسلىشىپ قال-
غانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تۇماقنىڭ ئەس-
تىرى كۆپۈشۈۋېلىپ باشتا ئوبدان تۇر-
مايدىغانمۇ بولۇپ قالغانىدى. تۇماقنى
ئۆيدە قويۇپ قويۇشقا كۆڭلى ئۇنىمىغاچقا،
ئۇ تۇماقنىڭ ئىككى چېتىگە يىپ باغلاپ،
ئېڭەكتىن ئۆتكۈزۈپ باغلىۋالىدىغان بول-
دى، بۇ ئەقىلنى ئۇ كوچىدىكى ساقچى-
لارنىڭ شەپكىسىدىن ئۆگىنىۋالغانىدى.
كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ قىلىقىغا قاراپ تولا-
مۇ ھەيران بولۇشتى، ھەتتا ئۇنى مازاقمۇ
قىلدى.

— ھاشىم تۇماق، ئەمدى بۇ تۇماقتا
ھەققىڭمۇ قالمىدى. بۇنداق جاپا تارتقۇچە
يېڭىنى ئېلىپ كىيسەڭ بولمامدۇ، — دېيى-
شەتتى ئۇلار. لېكىن ھاشىم تۇماق ئۇلار-
غا پەرۋامۇ قىلماي:

— مېنىڭ تۇمىقىم بىلەن كارىڭلار
بولمىسۇن، تۇماقنى قانداق كىيسەم ئۆزۈم-
نىڭ ئىختىيارى ... — دەپ كېتىۋېرەتتى.

ئۇ ھازىرغىچە يىغقان پۇلىنىڭ قالتى-
چىلىك بولغانلىقىنى ئېنىق بىلمەيتتى،
ئۇ خۇددى چاشقاندەك ئاشۇ تۇماقنىڭ
ئىچىگە قاچىلاۋېرەتتى، يىللارنىڭ ئۆتۈ-
شىگە ئەگىشىپ تۇماقنىڭ ئىچىگە ئېلىنىپ
تىككەن كىگىز ئاز - ئازدىن سۆكۈلۈپ
تۆگەپ، ئۇنىڭ ئورنىنى پارچە - پۇرات
پۇللار ئىگىلىدى. ھەتتا تۇماققا قول
تەگسە ئۇنىڭدىن شىرىقلىغان ئاۋازمۇ
چىقىدىغان بولدى. بۇ ھال ئۇنى تولىمۇ
تەشۋىشكە سالاتتى. چۈنكى بۇ ئاۋازنى
بىرەرى ئاڭلاپ قالسا، تۇماقنىڭ سىرى
ئاشكارىلىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇ-
ڭا ئۇ، پۇلنىڭ شىرىقلىماسلىقى ئۈچۈن
پۇلنىڭ ئارىسىغا پارچە - پۇرات لاتا
ئارىلاشتۇرۇپ قويىدىغان بولدى. لېكىن
تۇماقنىڭ ئىچى بارغانچە تارىيىپ ئەستى-
رى ئۈستى - ئۈستىگە يامىلىپ پۇل سې-
لىشمۇ تەسلەشتى. ھاشىم تۇماقنىڭ نەزە-
رىدە ئەمدى پۇللارنى خەجلەيدىغان ۋاقىت
بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى.

شۇڭا ئۇ بىر كۈنى تۈن يېرىمىدا ئور-
نىدىن تۇرۇپ كىرسىن چىراغنى ياقتى
ۋە چىراغ يورۇقىدا تۇمىقىنىڭ ئەستىرىنى
پەم بىلەن سۆكۈپ، پۇللارنى يەرگە تۆكتى.
ئون كويلۇق، بەش كويلۇق، ئىككى كوي-
لۇق، بىر كويلۇق پۇللارنى ئايرىپ چىقىپ
ئېرىنمەي ساناشقا چۈشتى. پۇل ھەر خىل،
ھەر رەڭدە بولۇپ، بەزىلىرى پۇرلىشىپ
ھەم يىرتىلىپ كەتكەن، بەزىلىرى تەردىن
مايلىشىپ رەڭگىنىمۇ يوقاتقانىدى. ھەت-
تا ئۇلاردىن ھەر خىل سېسىق پۇراقلار
كېلىپ تۇراتتى. ھاشىم تۇماق ياندۇرۇپ -
ياندۇرۇپ سانىغان بولسىمۇ، پۇلنىڭ



ھېسابىنى زادىلا توغرا چىقىرالمىدى. بۇ قالايمىقان پۇللار ئۇنىڭ ساۋاتسىز كاللىسىنى پىرقىرىتىۋەتكەنىدى. تاڭ ئېتىشقا يېقىن پۇلنىڭ ھېسابىنى چىقاردى بولغاي، بىردىن مەيۈسلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمىسىمۇ، بۇ پۇللاردىن قانائەت تاپمىغانلىقى چىرايىدىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئاھ خۇدا! ـ دېدى ئۇ ساقىلىنى مىجىقلىغان ھالدا ئېغىر خورسىنىپ، ـ شۇنچە يىل يىغقان پۇلۇم ئاران ئالتە يۈز ئەللىك كوي بوپتۇ، بۇ پۇل بىلەن ھەجگە بارغىلى بولارمۇ؟ دۇنيادا ھېچ نەرسىنىڭ خۇۋلۇقىنى كۆرمەپتىمەن، ياكى ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ پەرزەنت يۈزىنىمۇ كۆرمەپتىمەن، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىسىدا بولسىمۇ بىر ساۋابلىق ئىش قىلاي دېسەم بۇ پۇل بەكلا ئازمۇ ـ نېمە ـ ھە؟ ئالتۇن بىلەيزۈكنى ساتسام قانچە پۇلغا يارار... ھەسەن ئىمامدىن سوراپ كۆرەيمىكىن تاڭ؟

ھاشىم تۇماق باش ـ ئايىغى يوق ئوي ـ خىياللاردىن كېيىن پۇللارنى رەتكە سېلىپ تۇماققا قايتىدىن تىكىپ قويدى. بىراق ئۇنىڭ كۆڭلى ئاشۇ كۈندىن باشلاپ بىسەرەمجان بولۇپ قالدى. ئۇ تالا ـ تۈزگىمۇ چىقمىدى، ئىش ـ ئوقەتمۇ قىلمىدى. گويا ئۇنىڭغا ھاردۇق يېتىپ قالغاندەكلا قىلاتتى. ئۇ ئىشىك تۈۋىگە ئىككى كېسەكنى قويۇپ، بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە كۆزىنى مەھكەم يۇمۇپ سائەتلەپ ئولتۇراتتى. ئاندا ـ ساندا ئاللىنېمىلەرنى دەپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىناتتى. ئالابويناق ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئىككى قولىنى ئالدىغا سوزۇپ ياتاتتى. گەرچە ئىت زۇۋان سۈرۈپ ھاشىم تۇماقنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرەلمىسىمۇ، ئۇنىڭ چىۋىن ئولىشىپ تۇرغان قىپقىزىل كۆزلىرىدىن بىر خىل ھېسداشلىق چاقناپ تۇراتتى. ھاشىم تۇماق ئىتنى ئەركىلەتمەيتتى، ئۇ بۇ سادىق ھەمراھىنى ئۇنتۇپ كەتكەنىدەك ئىدى. ئۇنىڭ كاللىسىغا ئاشۇ تۇماقتا ئۇزۇندىن بېرى ساقلىغان ئالتۇن بىلەن پۇللارنى كىمگە ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن كۆڭلى قانائەت تاپقۇدەك بىر مەسلىھەت ئېلىش ئويى كىرىۋالغانىدى. بىر تۇرۇپ بۇ سىرىنى ھېچكىمگە ئاشكارا قىلماسلىق قارارىغا كېلەتتى. ئەمما مەسلىھەت سالماي، قائىدە ـ رەسمىيەتلەرنى ئۆتمەي، ھەرقانچە ئۇن ـ تىنسىز كەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى

www.uyghurkitap.com

ھەم بىلەتتى.

هاشىم تۇماق ئۇزۇن ئويلانغاندىن كېيىن، ئاخىرى مەھەللىدىكى مەسچىتنىڭ ئىمامى ھەسەن قارىمدىن مەسلىھەت ئېلىش ۋە ھېلىقى ئانىسىدىن قالغان ئالتۇن بىلەيزۈكنى ئاشۇ كىشى ئارقىلىق سېتىپ پۇل قىلىش قارارىغا كەلدى ـ دە، ئىمامنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئىمام ئۇنى سوغۇق قارشى ئالدى. چۈنكى ئىمامنىڭ نەزەرىدە هاشىم تۇماق ئۆز جېنىنى بېقىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان، پىخسىق، ئادەمگە نەپ بەرمەيدىغان ساراڭ قېتىش ئادەم ئىدى. بۇنداق ئادەمگە سالام ـ سائەت قىلىش ئىمام ئۈچۈن ئۆز قەدرىنى يەرگە ئۇرغانلىق ئىدى. شۇڭا ئۇ هاشىم تۇماقنى كۆرۈپ تەتۈر قارىۋالدى، ئۇنىڭ سالىمىنى ئاڭلىماسقا سالدى، هاشىم تۇماق ئىمامنىڭ ئەلپازىدىن گويا گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغان جىنايەتچىدەك قاتتىق ساراسىمگە چۈشۈپ، تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ مەيۈسلىنىپ كەينىگە يېنىپ بولۇپ:

— تەقسىر، مېنىڭ ئازراق پۇلۇم بار ئىدى، — دېدى. ئىمام ئۇنىڭ سۆزىنى خاتا ئاڭلاپ قالدىمۇ دېگەندەك هاشىم تۇماققا قىزىقسىنغان ھالدا سىنچىلاپ قارىدى. ئىشەنگۈسى كەلمىگەندەك قىياپەتتە ئالدىراپ سورىدى:

— ھە، هاشىم ئاخۇن پۇلۇم بار دېدىلىمۇ، — دېدى ئۇ ئىتتىك، — بۇ پۇلنى بېرەر ساۋابلىق ئىشقا سەرپ قىلاي دېگەنمۇ نېمە؟ قېنى، دېسىلە، ئاڭلاپ باقاي!

ئىمامنىڭ سىلىق مۇئامىلىسىدىن سەل گاڭگىراپ قالغان هاشىم تۇماق ئۆز مۇددىئاسىنى دۇدۇقلاپ تۇرۇپ دېدى:

— ئەسلىدە مەن بۇ پۇلنى ... ھەرەمگە بېرىپ ھەج قىلىپ كېلەرمەن دەپ يىغقۇيدىم ... قارىسام بۇ پۇلۇم ئازدەك تۇرامدۇ ـ قانداق. شۇ توغرىسىدا سىلىدىن بىر مەسلىھەت سوراپ كېلىۋېدىم. ھەرەمگە قانچىلىك پۇل كېتەركىن؟ شۇنى ...

— ھە، مۇنداق ئىشمۇ؟ — ئىمامنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى، — بۇ تولىمۇ ئۇلۇغ نىيەت بوپتىكەن، بىراق بۇنىڭ ئۈچۈن ئاز دېگەندە ئون مىڭ كوي بولمىسا ھەرگىز بولمايدۇ. قېنى سىلە قانچىلىك پۇل تەييار قىلدىلا، ئاڭلاپ باقاي.

— ئالتە يۈز كويدىن سەل ئارتۇق ... — دېدى هاشىم تۇماق، ئەمما ئالتۇن بىلەيزۈكنى ئېغىزدىن چىقارمىدى.

— بۇ پۇل بىلەن ئۈرۈمچىگىمۇ بېرىپ كەلگىلى بولمايدۇ ... — ئىمام مەسخىرە ئارىلاش كۈلدى، — ھەج قىلىپ كېلىش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس. مانا بىزمۇ بۇ نىيەتكە يېتەلمەي يۈرىمىزغۇ.

هاشىم تۇماقنىڭ كۆڭلى لەسسىدە بولۇپ، بېشىنى تۆۋەن ساڭگىلاتقانچە جىم بولۇپ قالدى. ئون مىڭ كوي بولمىسا ھەج قىلغىلى بولمايدىغانلىقى ئۇنىڭ شۇنچە يىللاردىن بۇيانقى ئارزۇسىنى تومانلاشتۇرۇۋەتتى. ئىمام ئۇنىڭ مەيۈس چىرايىغا قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ھەرەمگە بېرىپ ھەج قىلالمىسىلىمۇ، ئاشۇ ھەج سەپىرىگە ئاتىغان پۇللىرىنى خۇدا يولىدا سەدىقە، ئېھسان قىلىۋەتسىلە ئوخشاشلا ساۋابلىق تاپىدىلا، هاشىم ئاخۇن بەندە نىيەت قىلسىلا شۇنىڭ ئۆزىلا كۇپايە. خۇدا يولىدا ھەج قىلمەن دەپ مۇرادلىرىغا يېتەلمىگەن بولسىلا، بۇمۇ خۇدايىتائالانىڭ بۇيرىمىغىنىدۇر،

كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا ...

ئىمامىنىڭ تەسەللىسىدىن هاشىم تۇماقنىڭ كۆڭلى ئازراق تەسكىن تاپتى.

— ئىلاهىم سىلە دېگەندەك بولسىھۇ كۆڭلۈم ئارام تېپىپ قالاتتى. شۇنچە يىلدىن بېرى يېمەي-ئىچمەي پۇل يىغسامۇ هەرەمگە بارغۇدەك پۇل يىغىلماپتۇ. راست، سىلە دېگەندەك خۇدايىم بۇنىڭغا لېيىپ قىلمىغان ئوخشايدۇ... — دېدى ئۇ.

— جاهان دېگەن شۇنداق ئىكەن، بىرىگە مال-دۇنيا نېسىپ بولىدىكەن، بىرىگە بالا-چاقا، مانا سىلىگە ئازراق پۇل نېسىپ بوپتۇ، بىراق كۆپ نېسىپ بولماپتۇ. بۇنىڭغىمۇ شۈكرى قىلماق لازىم. ياخشى نىيەت بىلەن يىغقان پۇلنى ئۆز ئورنىغا ئىشلەتمەكمۇ تەس... مەنچە بولغاندا، سىلە هەجى قىلىشقا ئاتىغان بۇ پۇلنى خۇدا يولىدا ئۆز ئورنىنى تېپىپ سەدىقە بەرسىلە، هەج قىلغانىنىڭ ساۋابىنى چوقۇم تاپىلا. يەنە ۋاقتى ئۇزىراپ كەتمىسۇن، بولمىسا بۇ ئىشقا شەيتان ئارىلىشىپ قالىدۇ.

هاشىم تۇماق ئۆزىنى بىر پەس تىڭشىغاندىن كېيىن:

— قانچىلىك سەدىقە قىلسام بولار؟ — دەپ سورىدى گەدىنىنى قاشلاپ.

ئىمام گويا سەدىقە قىلىشنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقىنى غايىبتىن ئاڭلىماقچى بولغاندەك ئاسمانغا بىر قارىۋېتىپ:

— بۇنىڭ ئاز-كۆپلۈكىنى بىر نېمە دېمەك تەس، مەنچە بولغاندا هەج سەپىرىگە ئاتىغان پۇلنىڭ هەممىسىنى سەدىقە قىلغانلىرى دۇرۇس. چۈنكى پۇل هەج قىلىشقا ئاتالغانىكەن، ئۇنى باشقا ئىشقا سەرپ قىلسا دۇرۇس بولمايدۇ. ئۇنى سەدىقە قىلماقتىن باشقا يول يوقتۇر، — دېدى چىرايىنى ئۆزگەرتمەستىن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ هاشىم تۇماقنى بىر ئاز غەم باستى. مىڭبىر مۇشەققەتتە توپلىغان پۇللىرىنىڭ هەممىسىنى بىر يولى سەدىقە قىلىۋېتىشكە ئۇنىڭ كۆزى قىيمايۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ بىر هازاغىچە شۈكلەپ كەتتى، ئىمام ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى سېزىپ:

— هاشىم ئاخۇن، ئەجەبمۇ ئۆزلىرىنى تىڭشاپ كەتتىلىغۇ؟ — دېدى هاشىم تۇماقنىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ، — ياكى كۆڭۈللىرىگە پۈككەن باشقا ئوي-خىياللىرى بارمىدى-يا؟ پۇل دېگەننىڭ مەرىدىن كەچمەكقۇ قىيىن، بىراق ئۇنىڭ مەرىدىن كەچكەندىلا ساۋابلىق تاپقىلى بولىدۇ...

— مېنىڭغۇ باشقا ئويۇم يوق... — دېدى هاشىم تۇماق ئىمامنىڭ كېيىدىن تېخىمۇ غەمگە پېتىپ، — سىلىچە كىمگە سەدىقە قىلسام بولار؟

— سىلىنىڭ بۇ پۇللىرىنى ئىككىلا ئورۇنغا سەدىقە قىلغىلى بولىدۇ. بىرى خۇدانىڭ بەش پەرزىنى ئادا قىلىپ كېلىۋاتقان ئۆلىمالارغا، يەنە بىرى مەسچىتكە. بۇ ئىككى ئورۇندىن باشقا يەرگە سەدىقە قىلسىلا، ئۇنىڭ هېچقانداق ساۋابى بولمايدۇ. ئەكسىچە گۇناھ بولىدۇ.

— ئۇنداقتا مەن بۇ پۇلنى مەسچىتكە سەدىقە قىلسام بولىدىغان ئوخشىمايدۇ ئىمام ئاخۇنۇم.

— مەسچىتكە بەرسىلە ئۇنىڭ ساۋابىنى دەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. خۇدا بۇيرۇسا سەككىز جەننەتنىڭ ئىشىكى سىلە ئۈچۈن ئوچۇق بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ــ بۇ گەپلىرىڭىز، پۇلنى مەسچىتكە بەر-
گىنىم توزۇك ئوخشايدۇ. شۇنداق قىلاي.
ــ شۇنداق قىلسىلا، دۇنيادا پەر-
زەنت يۈزىنى كۆرمەيلا، ئۆلگەندە روھىناتى-
لىرىغا ئاشۇ مەسچىتنىڭ جامائىتى دۇئا
قىلىدۇ.

بۇ گەپتىن ھاشىم تۇماقنىڭ قەلبى
كىرىدى، ئۇ گەدىنىنى بىر تاتىلىۋېتىپ
يېشىدىكى تۇمىقىنى قولىغا ئالدى - دە،
ھېچ ئىككىلەنمەستىن:
ــ مانا، تاپقان پۇلۇمنىڭ ھەممىسى
مۇشۇ تۇماقنىڭ ئىچىدە، تەقسىر، ــ دې-
دى تۇمىقىنى ئىمامغا كۆرسىتىپ.
ئىمامنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن
چاقناپ كەتتى. ئۇ ئالدىدىكى مەينەت،
يىرگىنىشلىك تۇماققا چەكچەيگىنىچە
قاراپ:
ــ تووۋا، تووۋا! ــ دېدى ئالدىغا بىر
قەدەم چامداپ، ــ ھاشىم ئاخۇن سىلە
بەكمۇ پۇختا ئادەم ئىكەنلا جۇمۇ. سىلى-
نىڭ بۇ تۇماقتا پۇل ساقلايدىغانلىقلىرىنى
ھېچكىم ئويلاپ يەتمىگەن... ھە، راست،
بۇ تۇماقتا پۇل بارلىقىنى مەندىن باشقا
كىشى بىلەمدۇ؟
ــ سىلىدىن باشقا كىشى بىلمەيدۇ، ــ
دېدى ھاشىم تۇماق.
ــ توغرا قىلىپلا، ــ دېدى ئىمام
ئالدىراپ، ــ پۇل دېگەننىڭ مەرى يامان
نەرسە، كىشىلەر يامان نىيەتتە بولۇپ قال-
سا قىلغان ئەجىرلىرى بىكار بولىدۇ.
جاھان بۇزۇلۇپ كەتتى ھاشىم ئاخۇن، ــ
ئىمامنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشكەن-
دەك بولدى ۋە ئارقىدىن قوشۇپ قويدى، ــ
بۇ پۇلنى مەسچىتكە ھازىرلا بىرەملا يا-
كى كېيىنمۇ؟

ھاشىم تۇماق بۇ سوئالدىن مەڭدەپ
قالدى:
ــ قانداق قىلسام بولاركىن...
ــ ساۋابلىق ئىشنىڭ ۋاقتىدا بول-
غىنى ياخشى، ــ دېدى ئىمام چۈشەندۈ-
رۈپ، ــ بولمىسا بۇ ئىشقا شەيتان ئارىلاپ
قويىدۇ... مەسىلەن، سىلىنىڭ بۇ پۇللى-
رىنى باشقا بىرى كۆرۈپ قالسا، نىيى-
تىنى بۇزمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. يەنە
بىرى كۆڭۈللىرىدە ياخشى نىيەت بولسى-
مۇ بىرەر كېلىشمەسلىك سەۋەبىدىن پۇل
يوقاپ كەتسە قىلغان ئەجىرلىرى بىكار
بولۇپ پۇشايمانغا قالىدىغان ئىش بولى-
دۇ. شۇڭا پۇلنى ئەمدى تۇماقلىرىدا ساق-
لىمىسىلا، ئۇزۇنى ئۆز ۋاقتىدا ئاتىغان
يەرگە بېرىۋەتكەنلىرى دۇرۇس.
ھاشىم تۇماققا ئىمامنىڭ دېگەنلىرى
راستتەك تۇيۇلدى. مۇبادا ئىمام دېگەندەك
بولۇپ قالسا پۇشايماندا قېلىشى تۇرغان
گەپ. ئۇ بۇ پۇلنى قانچىلىك جاپادا
تاپمىدى. ئىمام توغرا دەيدۇ، بۇ ئادەم
كىشىنىڭ ھەققىنى يەيدىغانلاردىن
ئەمەس، ئۇ كىشى ماڭا توغرا يول
كۆرسىتىۋاتىدۇ.
ھاشىم تۇماق خىيالدىن بېشىنى
كۆتۈرۈپ ئىمامغا قاراپ دېدى:
ــ سىلىنىڭ دېگەنلىرىدەك قىلاي،
پۇلنى بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن مەس-
چىتكە ئۆز قولۇم بىلەن ئاپىرىپ بېرەي.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىمامنىڭ قاپىقى
تۈرۈلدى:
ــ مەن توغرا نىيەت بىلەن سىلىگە
يول كۆرسىتىۋاتىمەن. ھەرھالدا پۇلنى
ۋاقتىدا ساۋابلىق جايغا ئىشلەتكەنلىرى
تۈزۈك. جان بار يەردە قازا بار...

گاھىدا نىيەت قىلغان ئىشقا شەيتان
ئارىلىشىپ گۇناھكار بولۇپ قالىدۇ. تازا
ياخشى ئويلىنىپ كۆرسىلە!

ــ دېگەنلىرى توغرا، ئىمام، ــ دېدى
ھاشىم تۇماق گەدىنىنى يەنە قاشلاپ، ــ
مەن دېگەنلىرىدەك قىلىمەن. پۇلنى يې-
نىمدا ساقلىمايمەن.

ھاشىم تۇماق شۇنداق دېدى ـ دە،
كەينىگە يېنىپ ھويلىدىن چىقىپ كەتتى.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتتى.
ھاشىم تۇماق ئىمامغا قىلغان ۋەدىسىنى
ئالىلىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەندەك ئىدى.
ئىمام ئۇنى ئىزدەپ ئىككى قېتىم كەلدى.
ئۇ بۇندىن بۇرۇن ھاشىم تۇماقنىڭ بۇ
ئەسكى كەپىسىگە زادىلا دەسسەپ
باقمىغانىدى.

ئالدىنقى قېتىم كەلگىنىدە ھاشىم تۇ-
ماق ئۆيدە يوق ئىكەن. ئۇنىڭ كېيىدىن
يېنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن ئىمام
بۈگۈن تاڭ سەھەر بىلەن ئۇنىڭ ئىشى-
كىگە يەنە كەلدى، ئىمامنىڭ تەلىيىگە ئۇ
ئۆيدە بار ئىكەن. ئۇ ھاشىم تۇماق بى-
لەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ بولغاندىن
كېيىن:

ــ مەن يەنە سىلىنىڭ ئالدىلىرىغا
ئېغىر بويۇمنى يېنىك قىلىپ كەلدىم.
بۇنىڭ ھەممىسى سىلە ئۈچۈن ھاشىم
ئاخۇن! ــ دېدى ئىمام ھاشىم تۇماقنىڭ
توپا ـ چاڭغا مىلىنىپ كەتكەن ئەسكى كى-
گىزىنىڭ ئۈستىگە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇۋې-
تىپ، ــ بىر ئاسىي بەندىنى غەپلەت ئۇيى-
قۇسىدىن ئويغىتىپ، خۇدانىڭ چىرىغىنى
ئۇنىڭ دىلىغا يېقىش بىزگە ئوخشاش
كىشىلەرنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان
قەرزىمىزدۇر. شۇڭا سىلىنىڭ خۇدا يولى-
دا ساۋابلىق تېپىشلىرى ئۈچۈن ئۇرغۇن
ئىشلىرىمنى تاشلاپ ئالدىلىرىغا چوڭ ئۈ-
مىد بىلەن كەلدىم...

ھاشىم تۇماق ئىمامنىڭ سۆزىنى
ئاللىقانداق بىر خىياللار ئىچىدە تىڭشاپ
ئولتۇراتتى. ئىمام ئۇنىڭ تەرسالىق، نا-
دانلىق، بىرئاز سارائىلىق چاقناپ تۇر-
غان كىر چىرايىغا قاراپ قويۇپ سۆزىنى
يەنە داۋاملاشتۇردى:

ــ ساۋابلىق تېپىشنىڭ مۇنداق ياخ-
شى پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويمىسىلا،
ھاشىم ئاخۇن! مانا، خۇدا بۇيرۇسا ئىك-
كى كۈندىن كېيىن ئۇلۇغ رامىزان ئېيى
كىرىدۇ. خەيرى ـ ساخاۋەتنىڭ ئىشىكلىرى
چوڭ ئېچىۋېتىلگەن مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈن-
لەردە سىلىنىڭ ئاتىغان ئاشۇ خەيرى ـ
ئېھسانلىرى سىلىگە ھەددى ـ ھېسابسىز
ساۋابلىق ئېلىپ كېلىدۇ. مۇسۇلمان
بەندىسى مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە ۋا-
پات بولسا شەكسىز جەننەتىدۇر. ئۇ بەن-
دىگە ھېچقانداق ئازاب يوقتۇر. بۇ دۇنيا-
دا ئوقۇلمىغان نامازلىرى، تۇتالمىغان رو-
زىلىرىنىڭ گۇناھىدىن خۇدايىتائالا ئۆتى-
دۇ. دوزاخنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدۇ... بۇ
دۇنيادىن ئىمان بىلەن كېتىلا. مېنىڭ
سىلىگە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم دەپ قويىدى-
غىنىم مانا مۇشۇ. سىلە بۇ دۇنيادا قىلال-
مىغان ھەج سەپىرىنىڭ ھەقىقىي ھۆرمى-
تى ئۈچۈن ئاشۇ نىيەتكە ئاتىغانلىرىنى
بېرىۋەتسىلە. ئۆلگەندە ئازاب بولىدۇ.
بۇنىڭ گۇناھى تېخىمۇ چوڭدۇر. مەن
بۇ گۇناھ بولىدىغان ئىشتىن سىلىنى
ئويغاتمىسام، خۇدا ئالدىدا مەنمۇ گۇناھكار
بولىمەن، سىلە ئوقۇمىغان ئادەم بۇنى
ئۇقمايلا، بۇنى بىز دېمىسەك بولمايدۇ.

uyghurkitap.com

قۇرئانى كېرىمدە ۋەدىسىدە تۇرمىغان ئادەمنىڭ رىسقىسى كەم، ئۆمرى قىسقا بولۇر، دەيدۇ. ئۇنداق كىشى مەشئەر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جامالىنى كۆرۈشتىن مەھرۇم بولىدۇ... خۇدا بەندىسىنى مۇنداق گۇناھقا گىرىپتار قىلمىغاي...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھاشىم تۇماقنىڭ ئەزايى ـ بەدىنىدىن سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ راستىنلا ئىمام دېگەندەك بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ:

ــ مەن، مەن سىلە دېگەندەك مۇشۇ رامىزان ئېيىدا ئاتىغىنىمنى بېرىۋېتەي، ــ دېدى دۇدۇقلاپ.

ــ دائىم ۋەدە قىلىدىلا، ئەمما ۋەدىلىرىدە تۇرمايدىكەنلا ھاشىم ئاخۇن! ــ دېدى ئىمام ئاچچىقىنى تەستە ئىچىدىگە يۇتۇپ، ــ بۇ قېتىم يەنە ۋەدىلىرىگە ئەمەل قىلمايدىغان بولسىلا ئىككىنچى ئالدىلىرىغا كەلمەيمەن.

ــ راست، مەن ۋەدەمدە تۇرمىدىم، ئىمام، ــ دېدى ھاشىم تۇماق ئېرەنسىزلىك بىلەن گەدىنىنى قاشلاپ، ــ بۇ قېتىم ۋەدەمگە ئەمەل قىلاي...

ــ مەن سىلىنىڭ گەپلىرىگە تازا ئىشەنچە قىلالمايۋاتىمەن، ــ دېدى ئىمام ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنگۈسى كەلمەي، ــ ئەڭ ياخشىسى ئاتىغان پۇللىرىنى مۇشۇ تاپتىلا بېرىۋەتسىلە، مەن ئالدىلىرىغا كېلىپ يۈرمەي.

ــ ئۇنداق دېمىسىلە ئىمام، ماڭا ئىشەنسىلە، مەن ئۆزۈم ئاپىرىپ بېرىمەن، بۇ گېپىم راست...

ھاشىم تۇماق شۇنداق دېگەچ بېشىدىكى تۇمىقىنى سىيلاپ قويدى. ئىمام ئۇنىڭ تۇمىقىغا ئاچكۆزلۈك بىلەن قاراپ قويۇپ:

ــ ھاشىم ئاخۇن، بۇ تۇماقتىكى راست بار پۇلمۇ ياكى يوق پۇلمۇ؟ ــ دېدى بىردىن.

ھاشىم تۇماقنىڭ چېقىر كۆزلىرى ئاللىقانداق بىر مەنىدە پىرقىرىدى. ئۇ ئىمامغا قاراپ:

ــ مەن سىلىگە قانداقمۇ يالغان ئېيتاي، پۇلنىڭ ھەممىسى مۇشۇ تۇماقتا. بۇنى سىلىدىن باشقا كىشى ئۇقمايدۇ، ــ دېدى ئىشەنچ بىلەن.

ــ ئۇنداق بولسا تولىمۇ ياخشى، ــ دېدى ئىمام خاتىرجەم بولغان ھالدا، ــ قېنى، گەپلىرى راست بولسا تۇماقلىرىنى بىر كۆرۈپ باقاي.

ھاشىم تۇماق بۇ كۈتۈلمىگەن سوئالدىن بىرئاز گاڭگىراپ قالدى:

ــ بۇ تۇماقتا پۇل بارلىقىغا ئىشەنمەيۋاتاملا، تەقسىر؟

ــ شۇنداق، مەن تۇماقنى كۆرۈپ باقاي، بولمىسا ئىشەنمەيمەن.

ــ مەن قەسەم قىلىپ بېرىمەنكى، بۇ تۇماقتا ساقمۇساق ئالتە يۈز كوي پۇل بار. ماڭا ئىشەنسىلە، ئىمام، ــ دېدى ھاشىم تۇماق تۇمىقىنى قولىغا ئېلىپ، ئەمما تۇماقنى ئىمامغا تۇتقۇزماستىن قايتا بېشىغا كىيىۋالدى.

ــ مەن تۇماقنى كۆرمىسەم گەپلىرىگە ئىشەنمەيمەن!

ھاشىم تۇماق ئىمامنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. بىراق ئىمام تۇمىقىنى ئېلىپ قېچىپ كېتىدىغاندەك، تۇماقنى بەكمۇ تەستە ئۇزاتتى. ئىمام ئاچچىق تەردىن بىخسىپ كەتكەن تۇماقنى ئالدىراپ قولىغا ئالدى ـ دە، ئۇنى

مىجىقلاپ كۆرۈپ:

— مۇشۇ قاتتىق-قۇرۇق، مۇنەك تۇرغاننىڭ ھەممىسى پۇلمۇ؟ — دەپ سورىدى ھاشىم تۇماقتىن.

— شۇنداق، ئىمام. مەن ئۇنى تىكىۋەتكەن، — دېدى ھاشىم تۇماق تۇماقتىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ.

ئىمام ھاشىم تۇماقنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىگەندەك، تۇماقنىڭ ھەممە يېرىنى ئەستايىدىل مىجىقلاپ تەكشۈرۈپ چىقتى. قولىغا ئۇرۇلغان قاتتىق بىر نەرسىنى سېزىپ ئۇنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. ئۇ ئالدىراپ:

— بۇ تۇماققا تۆمۈر-تەسكىلەرنىمۇ پۇل قاتارىدا تىكىۋالمىغانلا، ھاشىم ئاخۇن؟ — دەپ سورىدى.

تۇماقنىڭ ئىچىدىكى «تۆمۈر» نىڭ كېپىنى ئاڭلاپ ھاشىم تۇماقنىڭ كۆزلىرى ئىختىيارسىز چەكچەيدى. ئىماممۇ «تۆمۈر» نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى دەرھال سېزىپ بولدى. ھاشىم تۇماقنى ئۈركىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن:

— تۇماقنى مەندىن باشقا كىشىگە كۆرسەتكۈچى بولمىسىلا، — دېدى كۆڭلى جايىغا چۈشۈپ، — مەن سىلىگە ئەمدى ئىشەندىم، قايىل بولدۇم. سىلى بەكمۇ پۇختا ئىكەنلا، خۇدايىم بۇنى يامان كۆزدىن نېرى قىلسۇن، ئۆز ۋاقتىدا ساۋابلىق جايىغا تەگسۇن، ئىلاھىم...

ئىمامنىڭ ماختىشىدىن ھاشىم تۇماقنىڭ كۆڭلى ئېرىگەندەك بولدى. بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ئىمام:

— ساۋابلىق ئىشنى مۇنداق ئارقىغا سۈرمىسىلە، ھاشىم ئاخۇن، قېنى ئاتىغانلىرىنى ماڭا بەرسىلە، مەن ئۇنى مەسچىت جامائىتى ئالدىدا ۋاقتىدا جاكار قىلىۋېتەي، — دېدى ئالدىراپ.

ھاشىم تۇماق ئىمامغا قارىماستىن گەدىنىنى قاشلاپ بىر ھازا ئۆزىنى تىڭشاپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئىمامغا قاراپ ھىجايدى:

— پۇلنى مەسچىتكە ئاتىغىنىم ئاتىغان. خۇدايىم بۇيرۇسا بۈگۈن كەچتە پۇللارنى تۇماقتىن سۆكۈپ ئېلىپ ئەتە بامدات نامازدا مەسچىتكە ئۆزۈملا ئاپىرىپ بېرەي، — دېدى.

ئىمامنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى:

— ھاشىم ئاخۇن، نېماندىداق دەۋەڭلىك قىلىلا؟ — دېدى ئۇ تىترەپ تۇرۇپ، — قارىغاندا سىلىنى بىر شەيتان ئازدۇرۇۋاتىدۇ. مەن بۇنى سېزىۋاتىمەن. بۇ مېنىڭ ئالدىلىرىغا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كېلىشىم. شەيتاننىڭ ئارقىسىغا كىرىپ ساۋابلىق تاپىدىغان پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويمىسىلا، سىلە دەرھال تەرەت ئېلىپ، ئىككى رەكئەت نەپلى ناماز ئوقۇپ، تۆۋە ئىستىغپار ئوقۇسىلا. پۇلنى سىلە ياخشى نىيەت بىلەن يىغقان بولسىلىمۇ، لېكىن ئۇنى نىيەت قىلغان ئىشقا ۋاقتىدا تەگكۈزمىسىلە گۇناھكار بولۇپ قالىلا... شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن دۇنيادىن بىئىمان كېتىلا!

ئىمامنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھاشىم تۇماقنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، بەدەنلىرى تىكەنلەشتى. چىرايى پۈرۈشۈپ خىجالەت بولدى.

— مەن كەم ئەقىللىق قىلغان ئوخشايمەن، — دېدى قولىنى قوشتۇرۇپ، — مەن ھازىرلا ئاتىغىنىمنى سىلىگە تاپشۇراي...

ھاشىم تۇماقنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئىمامنىڭ قاپىقى ئېچىلىپ، ئۇنى ماختاشقا باشلىدى:

ــ مانا ماۋۇ گەپلىرى دۇرۇس بولدى. خۇدايىم بۇيرۇسا ھەج قىلغانىنىڭ ساۋابىنى كۆرىلا. خۇدايىتائالا بىز مۇسۇلمان بەندىسىگە ئۇ ئالەمدىن ئېيتقان. بۇ دۇنيادىكى مال ـ دۇنيا ئەسقاتمايدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى ئادەمنى ئازدۇرىدۇ، ئۇ دۇنيادىكى مەئىشەتتىن مەھرۇم قىلىدۇ.

ھاشىم تۇماق ئۆزىدە ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل ئىرادە بىلەن تۇمىقىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئەستىرىنى قوللىرى تىترىگەن ھالدا ئاستا سۆكتى. ئىمامنىڭ كۆزى تۇماققا مىختەك تىكىلدى. تۇماقنىڭ ئەستىرى ئارىسىدىن پۇللار چۇۋۇلۇپ چىقتى. ھاشىم تۇماق چېچىلغان پۇلدىن بىر تۇتامنى ئايرىپ ئىمامغا تەڭلىدى.

ــ مانا ئىمام، بۇ مېنىڭ مەسچىتكە ئاتىغىنىم...

ئىمام پۇلنى قولىغا ئېلىپ ئالدىراپ سانىدى.

ــ ھەممىسى مۇشۇ؟

ــ ياق،... بۇ... بۇ يېرىمى... ــ دېدى ھاشىم تۇماق دۇدۇقلاپ.

ــ ھەي، ھەي، مەن سىلىگە دېدىمغۇ، ئاتىغان نەرسىنى تولۇق سەدىقە قىلىۋەتمىسىلە گۇناھ بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ ــ ئىمام تېرىككىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ــ ساۋابلىق ئىشنى مۇنداق يېرىم ـ يارتا قىلسىلا قانداق بولىدۇ؟ بۇ پۇلنى خۇدا يولىغا ئاتىغان ئىكەنلا، ئەمدى ئۇنىڭ يانلىرىدا تۇرۇشى ھارامدۇر... سىلە نېمانداق بەغەرەزلىك قىلىدىغانلا ــ

ھە! مەن شۇنچە ئوچۇق چۈشەندۈرۈپ تۇرساممۇ سىلە يەنىلا پۇلنىڭ مەرىدىن كېچەلمەي تۇرىلا. پۇل دېگەن شەيتاننىڭ ئۆزى. سىلىنى ئاشۇ شەيتان ئازدۇرۇۋاتىدۇ. بۇ سىلە ئۈچۈن چوڭ سىناق. ساۋابلىق تاپمەن دەيدىكەنلا، بۇ سىناقتىن ئۆتۈشلىرى لازىم...

ئىمامنىڭ نەسىھىتى ھاشىم تۇماقنى گاڭگىرىتىپلا قويدى. ئۇ، تۇماقتىكى قالغان پۇلنى ئىمامغا بېرىشنى ياكى بەرمەسلىكىنى ئۇقالماي ئىككى تايىن بولۇپ تۇردى. ئۇنىڭ بىردىن تەرسالىقى تۇتتى.

ــ مەن بۇ پۇلنى كوچىدىن تېپىۋالمىسام نېمىدەپ يېنىمدا تۇرسا ھارام بولغۇدەك، ئىمام؟ ــ دېدى ئۇ كۆلىيىپ، ــ پۇلنى ئاز كۆرسىلە قايتۇرۇپ بېرىۋەتسىلە، گۇناھ بولسا ماڭا بولار تايىن... ھەرەمگە بارالمىغىنىم بىلەن يۇرتىمىزدىكى مازايى ـ ماشايىخلارنى تاۋاب قىلساممۇ ھېساب...

ئىمامنىڭ كۆزلىرى ھاشىم تۇماققا تىكىلگىنىچە چەكچىيىپلا قالدى. نەچچە ۋاقىتتىن كۆرۈپ يۈرگەن ھاشىم تۇماق شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن غايىب بولۇپ كەتكەندەك قىلاتتى، شۇڭا ئۇ، ئۆزىنى دەرھال ئوڭشاپ گەپنى ئۆزگەرتتى:

ــ ھاشىم ئاخۇن، ئۇنداق دېمىسىلە، كۇپۇرلۇق بولىدۇ. پۇلنى قانداق تاپقانلىقلىرىنى ئوبدان بىلىمەن، شۇڭا ئۇنى جايىغا ئىشلىتەمدىكىن دەپ، گەپنى ئۇدۇللا قىلدىم، خاپا بولمىسىلا، ــ دېدى ئۇ ھاشىم تۇماقنىڭ قولىنى مەھكەم قىسىپ تۇرۇپ، ــ ئەگەر ئاتىغانلىرى ھازىرچە مۇشۇ بولسىمۇ مەيلى. مەن

ئۇنى مەسچىتىمىزنىڭ ئىشلىرىغا سەرپ قىلىپ، سىلىنىڭ ئامان - ئېسەنلىكلىرىگە دۇئا قىلىمەن. ھەر جۈمە كۈنى سىلىگە ئاتاپ دۇئا - تەكبىر ئۆتكۈزىمىز، بۇنىڭ ساۋابىنى ئىنشائاللا، دەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئامىن! خۇدايىتائالا مال - مۈلۈكلىرىنى ئامان قىلسۇن، مەن ئەمدى قايتاي، خۇدا نېسىپ قىلسا سەدىقىلىرى- نىڭ قالغىنىنى ئەتە - ئۆگۈنىگىچە ئۆز قوللىرى بىلەن مەسچىتكە ئاپىرىپ بېرەرلا!

ھاشىم تۇماق ئىمامنىڭ سۆزىنى جاۋابسىز قالدۇردى. ئىمام بولسا ئۇنىڭ ئۆزگىرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئالدىراپ خوشلاشتى.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. ھاشىم تۇماق مەسچىتكە ئاتىغان سەدى- قىنىڭ قالغان يېرىمىنى ئاپىرىپ بەرمىدى، تۇماقتىكى قالغان «تۆمۈر» بىلەن پۇل - پۈ- چەكلەرنىڭ غېمىنى يەپ ئىمامنىڭ كې- لىشىدىن تۈزۈك تاماقمۇ ئۆتمىدى. ئۇ ھاشىم تۇماقنىڭ يېنىغا قايتا بېرىشتىن ئۆزىنى تارتىپ قالدى. چۈنكى ھاشىم تۇماقنىڭ ھېلىقى كۈنى قىلغان كېپىدىن ئۇنىڭ ئەقلى - ھوشىنىڭ جايىدا ئىكەن- لىكىنى سەزگەنىدى. شۇڭا ئىمام ئۈچۈن ھاشىم تۇماقنىڭ ئىنسابىنى تىلەشتىن باشقا چارە يوق ئىدى. ھاشىم تۇماق بولسا پۇلنى ئىمامغا بېرىپ قويۇپ ئاغ- رىپ يېتىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىچىنى بىر نەرسە تىنىماي تاتىلاپ زادىلا ئارام بەرمەيتتى. ئۇ مەسچىتكىمۇ چىقالمىدى. ئۇنىڭ مەسچىتكە چىقمىغانلىقىنى جاما- ئەت ئانچە سۈرۈشتۈرۈپمۇ كەتمىدى. چۈنكى ئۇ، ئادەتتە مەسچىتكە ئاز باراتتى. ئۇنىڭ مەسچىتكە كەلمىگەنلىكى ئىمامنى خېلى خاتىرجەم قىلدى. ئەگەر ئۇ مەس- چىتكە كەلسە ھېلىقى پۇلنى جامائەت ئالدىدا ئاشكارا قىلىشقا توغرا كېلەتتى. بىراق ھاشىم تۇماقنىڭ قالغان پۇلى يادىغا كەلسىلا ئىمامنىڭ خاتىرجەملىكى بۇزۇلاتتى.

ئارىدىن ھەپتە ئۆتتى، ھاشىم تۇ- ماقنىڭ كېسىلى ئېغىرلاشتى. بۇ قېرىلىقنىڭ ئالامىتىمۇ ياكى ئاشۇ پۇلنىڭ ئىچ كۆ- يۈكىمۇ بۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇ ئاغزىغا بىر نەرسە سالمىغىلى ئۈچ - تۆت كۈن بولۇپ قالدى. ئورنىدىن تۇراي دېسە ماغدۇرى يەتمەيتتى. بىرىنى چاقىراي دېسە، ئاۋازى ئۆيدىن سىرتقا ئاڭلانمايتتى. ئۇنى يوقلايدىغان ئۇرۇق - تۇغقىنىمۇ، ھەتتا يېقىن ئەل - ئاغىنى- سىمۇ يوق ئىدى. ئۇنى شۇنچىلىك غېرىب- لىق باستىكى، ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم يالغۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتتى. قېرى بولسىمۇ بىرەر ئايال زاتى بىلەن توي قىلىۋالمىغىنىغا مانا ئەمدى پۇشايمان قىلدى. شۇ تاپتا بۇ ئۆيدە بىرەر ئايال كىشى بولغىنىدا قانداق ياخشى بولاتتى - ھە؟! ئۇنىڭغا ئىسسىق تاماق ئېتىپ بەرگەن بولاتتى، ھەمراھ بولاتتى، پۇت - قولىنى تۇتۇپ قوياتتى، دوختۇر چاقىرىپ داۋالىتاتتى. مەن بۇ دۇنيادا نېمىدەپ ياشىدىم - ھە؟ — ھاشىم تۇماق قاپقارا ئىسلىشىپ كەتكەن تورۇسقا قاراپ ھەس- رەت چەكتى، — قوشنام قاسىم ئاخۇن ھې- لىقى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن تۇل ئايالنى سايە قىلغاندا ئەجەبمۇ ئۇنىماپتىمەن ... ھەي ئىست، شۇ چاغدا ماقۇل دېگەن بولسامچۇ، ئۇ ئايال ماڭا تازىمۇ باپ

كېلمىدىغان مەزلۇم ئىدى ... مەن راستتىنلا كەم ئەقىل بەندە! ئەمدى، ئۆلۈپ ـ تارتىپ قالسام ئىككىمىزنى كىممۇ چېتىپ قويار ـ ھە؟ ھاشىم تۇماق قوينىغا تىقىپ ياتقان تۇمىقىنى قولىغا ئېلىپ ئۇنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاشقا باشلىدى، ــ ئەمدى بۇ تۇماقتىكى پۇلنى نېمە قىلاي؟ ... ھەرەمگە بېرىپ ھەج قىلىمەن دەپ بارالمىدىم ... مەن بۇ ئەسكى تۇماققا شۇنچە يىلدىن بېرى يېمەي ـ ئىچمەي پۇل يىغدىم. ئەمما ھەرەمگە بېرىشقا نېسىپ بولمىدى. بۇنىڭ ئورنىغا خوتۇن ئالغان بولسام بولماسمىدى؟ ئاھ، خۇدا! مېنى كەچۈر! گۇناھىمنى تىلەيمەن! بۇ گەپنى يالغۇزلۇققا چىدىماي دەۋاتىمەن. مەن ئىمامنىڭ گېپىگە كىرمىدىم، شۇڭا كېسەل بولۇپ قالدىم، بۇنى ئەمدى بىلىۋاتىمەن... مەن ھەرەمگە بېرىپ ھەج قىلىشقا ئاتىغان پۇلنىڭ يېرىمىنى مەسچىتكە بېرىشتىن باش تارتتىم. ئاھ، خۇدا، مەن ئەمدى تۇۋا قىلدىم، بۇ ئازاب ماڭا ھەق بولدى، ماۋۇ تۇماقتىكى پۇل ۋە ئالتۇننى ئەمدى كېرەك قىلمايمەن، ئۇنى مەسچىتكە بېرەي. ئىمام ھەقچان مەندىن يامانلاپ قايتا كەلمىدى، بۇ دورام كەلسە تۇماقنىڭ ئۆزىنىلا تۇتقۇزۇپ قويىمەن... مانا تۇماق، مەن بۇنىڭ ئىچىدىكى ھەممە پۇلنى خۇدا يولىدا سەدىقە قىلىمەن. ئەمدى بۇ گېپىمدىن يېنىۋالمايمەن. خۇدايىم مېنى بۇ ئازابتىن قۇتقۇزسىلا مەن رازى ... كېسەلدىن ساقىيىپ ئاملا ھېلىقى تۇل خوتۇننى ئالىسى بىلەن ئۆيگە ئەكىلىۋالايمىكىن ـ يا؟ ... خۇدا نېسىپ قىلسا چوقۇم شۇنداق قىلىمەن... ماڭا پەقەت ئانامدىن قالغان ئالتۇن بىلەيزۈكلا قالسا بولدى ... ئۇنى سېتىپ توي قىلىۋالاي ... مۇنداق قىلسام گۇناھ بولماس ـ ھە؟!

ھاشىم تۇماقنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلىگەنسېرى خىياللىرى قالايمىقانلاشقىلى تۇردى. ئۇ ئىمامنىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى.

ئۇ ئۆز ـ ئۆزى بىلەن مۇڭدىشىپ ۋاقتىنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى ئۇقالمىدى. ئۆيىنىڭ ئىچىنى قاراڭغۇچىلىق قاپلىدى. تالادا كەچكۈزنىڭ مۇزدەك شامىلى ئۇرۇپ تۇراتتى. توڭلۇكتىن ئاسماندىكى يۇلتۇزلارمۇ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۆيىنىڭ ئىچى شۇنچىلىك سۈرلۈك ۋە ئەنسىز ئىدىكى، ھاشىم تۇماقنىڭ كېسەل ئازابىدىن ئوتتەك قىزىپ تۇرغان كۈچسىز بەدەنلىرىمۇ ئاللىقانداق بىر تەشۋىشنىڭ ۋەھىمىسىدىن تىكەنلىشىپ كېتىۋاتاتتى. يۈرىكىمۇ ئېگىز ـ پەس سوقماقتا ئىدى.

تۈن يېرىمىدىن ئاشقاندا ئالابۇيناق بىردىن ئەنسىز قاۋاپ كەتتى، كېسەل ئازابىدىن ئۇيقۇسىز ياتقان ھاشىم تۇماق ئۆزىگە بەكمۇ تونۇش بولۇپ كەتكەن ئىتنىڭ ئاۋازىدىن نېمىنىدۇر سەزگەندەك بولدى ۋە سىرتقا قۇلاق سالدى. ئىت كىمدۇر بىرىگە خىرىس قىلىۋاتاتتى. ھاشىم تۇماق ھويلىغا بىرى كەلگەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. «بۇ يېرىم تۈندە كەلگەن كىمدۇ ـ ھە؟ مېنى يوقلاپ كەلگەن بىرسىمدۇ ـ يا؟ ياق، بۇنداق كېچىدىمۇ كېسەل يوقلاپ كېلەرمۇ؟ بۇ بەلكىم ...

ھاشىم تۇماق بىردىن ھوشىنى

يېغىپ تۇماقنى بېشىدىن ئالدى ـ دە،
ئۇنى كۆرپىسىنىڭ ئاستىغا يوشۇردى.
ئالادا كىمدۇر بىرى ئىت بىلەن ھە-
دەپ ئېلىشىۋاتاتتى، ھاشىم تۇماق بۇنى
ئېنىق ئاڭلاپ ياتاتتى. ئاھ، خۇدا! ئۇ
مېنىڭ پۇلۇمنى كۆزلەپ كەلگەنمىدۇ ـ ھە؟
پۇلنىڭ سىرىنى پەقەت بىرلا كىشى بى-
لەتتى. ئۇ كىشى مۇنداق يامان نىيەتتە
بولماس؟ بۇ كەلگەن ئوغرى مېنىڭ
كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغىنىمنى بىلىپ
كەپتۇ. ئەمدى قانداق قىلسام بولار؟
ئىلاھىم ئىت ئۇنىڭ ئەدىپىنى بې-
رىپ پۇلنى ئامان ساقلاپ قالار...

ھاشىم تۇماق شۇلارنى ئويلاپ
بولغىچە ئۆينىڭ ئىشىكىنى كىمدۇر بىرى
چالاقشىتىپ ئېچىپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى.
ئىت ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىشىكنىڭ بو-
سۇغىسىغىچە قوغلاپ كېلىپ توختاپ قال-
دى. ئۆيگە كىرگەن ئادەم ئىشىكنى چىڭ
يېپىپ، جىمجىت تۇرۇۋالدى، لېكىن ئۇنىڭ
ھاسىرىغانلىقى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ھاشىم تۇماق ماغدۇرسىز تېنىنى
تەستە مىدىرلىتىپ، تەكىيدىن بېشىنى
ئاستا كۆتۈرۈپ:

ــ كىمسەن؟ ــ دەپ ۋارقىرىدى.
كىرگەن ئادەم جاۋاب بەرمەستىن ئۇنىڭ-
غا قاراپ ئاستا قەدەم تاشلىدى. ئالادى-
كى ئىت ھاشىم تۇماقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭ-
لاپ، ئىشىكنى تاتىلاپ تېخىمۇ قاۋاپ
كەتتى. نامەلۇم كىشى بىر پەس جايىدا
جىم تۇرۇۋالدى، ئاندىن شىپىرلاپ مېڭىپ
ھاشىم تۇماقنىڭ يېنىغا كەلدى ـ دە، ئۇنىڭغا
پىچاق تەڭلەپ:

ــ تۇمىقىڭنى چاققان ماڭا بەر،
بولمىسا جېنىڭنى ئالىمەن! ـ دېدى خىرقىراپ.

ھاشىم تۇماق كىرگەن ئادەمنىڭ
مەقسىتىنى چۈشىنىپ، قانداق قىلار-
نى بىلمەستىن ئېڭىراپ قويدى. شۇ
تاپتا ئۇنىڭ نەپسى بوغۇلۇپ
گەپ قىلىشقىمۇ ماغدۇرى يەتمەيۋاتاتتى.

نامەلۇم ئادەم ھاشىم تۇماقتىن
زۇۋان چىقمىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ كېلى-
نى بوغدى.

ــ قېنى تۇماق؟ ــ دېدى ئۇ خىرىس
قىلىپ.

ھاشىم تۇماق ئۇنىڭ ئاۋازىنى نە-
دىدۇر ئاڭلىغاندەك قىلدى ـ يۇ، ئەمما ئۇنىڭ
كىملىكىنى دەرھال ئېسىگە ئالالمىدى.

ــ تۇمىقىمنى نېمە قىلىسەن؟! ــ
دېدى ھاشىم تۇماق بەكمۇ تەستە ھاسى-
راپ تۇرۇپ.

ــ ماڭا ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسە
كېرەك! ــ دېدى ھېلىقى ئادەم مەقسىتى-
نى ئوچۇق ئېيتىپ، ــ قېنى تۇماق؟

ــ خۇدادىن قورقىسەن... مېنى
قويۇۋەت.

ــ تۇماقنى بەرمىسەڭ جېنىڭنى
ئالىمەن، بول ئىتتىك، تۇماق قېنى؟

ــ تۇماقتا ھېچ نەرسە يوق، پۇلنى
ئىمامغا بەرگەن... ــ ھاشىم تۇماق ئېڭراپ
تۇرۇپ راستىنى دېيىشكە مەجبۇر بولدى.

ــ ئىمامغا بەرگىنىڭ پۇلنىڭ
يېرىمى، قالغىنى تۇماقتا... ھېلىقى
ئالتۇنمۇ بار تېخى... بۇنى مەندىن
يوشۇرالمايسەن!

ــ ساڭا ئۇنى كىم... كىم ئېيتتى؟ ــ
ھاشىم تۇماق ئۇنىڭ كېپىدىن چۆچۈپ كەتتى.

ــ مەن بۇ سىرنى بىلىمەن... بۇ-
نى سەن ئۆز ئاغزىڭ بىلەن ئېيتقان.

ــ ئاھ... خۇدا، بۇ ماڭا نېمە

www.uyghurkitap.com

كۈن ـ ھە؟!

ــ سەن بۇنىڭغا ھەيران بولما،
ئىمام سەندىن ئالغان پۇللارنى بىر تىـ
يىنىنى نېرى قىلماي ساۋابلىق ئىشقا
ئىشلەتتى، سەن يېنىڭدىكى پۇلنى ۋاقـ
تىدا ئىمامغا بەرمەي گۇناھكار بولدۇڭ.
خۇدايىم سېنى جازالاپ كېسەل قىلىپ
قويدى. ئاتىغان نەرسىنى ۋاقتىدا ئۆز
ئورنىغا يەتكۈزمىسە مۇشۇنداق بولىدۇ.
ئەمدى سەن تۇماقتىكى پۇللارنى ماڭا
بېرىۋەت، مەن ئۇنى ئۆز ئورنىغا
يەتكۈزىمەن ...

نامەلۇم ئادەم قاراڭغۇدا خىرقىراپ
كۈلگەندەك بولدى. ھاشىم تۇماق ئۆز
قۇلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەي گاڭگىراپلا
قالدى. ئۇنىڭ دەۋاتقىنى راستەكمۇ قىـ
لاتتى. ئاشۇ كۈنى بۇ پۇلنى ئىمامغا
بېرىۋەتكەن بولسا، بۈگۈنكى بۇ ئىشمۇ
بولماستى بەلكىم ... ئاشۇ كۈنى ئىمام
ئېيتقاندەك بۇ پۇل ئاخىرى يات كىشىنىڭ
قولىغا چۈشۈپ كېتىدىغان بولدى. ئىمام
ھەممىنى بىلىپ دەپتىكەن ـ دە، تۇماقـ
نىڭ سىرىنى بۇ قانداق بىلىۋالغاندۇ ـ ھە؟
بۇنى پەقەت بىر ئىماملا بىلەتتىغۇ؟

ــ سەن راستىڭنى ئېيت، سەن
زادى نېمە ئادەم؟ ــ دېدى ھاشىم تۇماق
بوغۇلۇپ تۇرۇپ.

ــ مەن ساڭا ساۋابلىق ئىزدەپ
كەلگەن ئادەم، ــ دېدى نامەلۇم كىشى
ھاشىم تۇماقنى مەسخىرە قىلغاندەك خىر-
قىراپ تۇرۇپ، ــ سەن پۇلۇڭنىڭ يېرىمىـ
نى ئىمامغا بەردىڭ، ئەمدى قالغىنىنى
ماڭا بەر، مەن بۇ پۇللىرىڭنى خۇدا يو-
لىدا ئىشلىتىمەن. سەنمۇ ئازابتىن قۇ-
تۇلۇپ قالىسەن ... پۇلدىن غەم قىلمىـ
ساڭمۇ بولىدۇ. قېنى، تولا تارتىشماي
تۇماقنى چىقار. بولمىسا ئۆزۈم تاپىمەن ...

ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغانسېرى ھاـ
شىم تۇماقنىڭ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ
قالدى، دېمى سىقىلىپ كۆزلىرى قاراڭغۇ-
لاشتى. ھېلىقى ئادەم ئۇنىڭ كىكىردىكىـ
دىن قولىنى بوشىتىپ ئۇنىڭ بېشىنى
تەكىيىگە قويدى. سەرەڭگە يېقىپ ھاشىم
تۇماقنىڭ يۈزىنى يورۇتتى، ئۇنىڭ سارغـ
يىپ كەتكەن قانسىز چىرايى تولىمۇ
سۈرلۈك ۋە مۇڭلۇق ئىدى. نامەلۇم كىشى
ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆردى. تومۇرى
بەكمۇ زەئىپ سوقۇۋاتاتتى. ئۇ، بۇ ئۆيـ
دىن تۇماقنى ئېلىپ پاتراق چىقىپ كېـ
تىش ئۈچۈن ئۆينى ئاختۇردى. تۇماق
ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى، ئۇ ئامالسىز
ھاشىم تۇماقنى سىلكىشلەپ ئۇنىڭدىن
ئېنىقلىماقچى بولدى. ئەمما، ھاشىم تۇـ
ماقنىڭ تومۇرى بۇ چاغدا سوقۇشتىن
توختاپ قالغانىدى. نامەلۇم كىشى ھاشىم
تۇماقنىڭ جان ئۈزگەنلىكىنى كۆرۈپ،
بىردىن چۆچۈپ كەتتى، «توۋا بۇ قېرى
ئەجەبمۇ ئاسان ئۆلۈپ قالدىغۇ؟ ــ دېدى
ئۇ پىچىرلاپ، ــ بىر ھېسابتا ئۇنىڭ ئۆلـ
گىنىمۇ ياخشى بولدى ... بولمىسا ئاۋاـ
زىمدىن تونۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.
ئۇنىڭ ئۆلگىنى ئوبدان بولدى. بۇ قېرى
ئۆزىمۇ ئاغرىپ ئۆلۈشكە تەييار بولۇپ
قاپتىكەن، ئەمدى ئۇنى تەكشۈرسىمۇ ئاغـ
رىق بىلەن ئۆلگەنلىكى ئىسپاتلىنىدىغان
بولدى. بىراق، ئۇ تۇماقنى نەگە يوشۇر-
غاندۇ ـ ھە ؟ خەپ، تۇماقنى تاپماي
قويمايمەن !»

ئۇ، ئۆينىڭ ھەممە يېرىنى ئالا
قويماي ئاختۇرۇپ چىقتى. لېكىن تۇماقنى

پەقەت تاپالمىدى. «تووۋا، بۇ قېرى تۇمىقىنى نەگە يوشۇرغاندۇ؟ مەندىن باشقا بىرى بۇ سىرنى بىلەلمىدىغاندۇ – يا؟ ياق، بۇ پۇختا قېرى تۇماقنى چوقۇم بىر جايغا يوشۇرۇپ قويدى. ئۇنىڭ تۇمىقىنىڭ سىرىنى بىرلا كىشى بىلىدىغان تۇرسا ...»

ئۇ، ئۆيىنىڭ ئىچىنى يەنە ئاختۇردى، تۇماق ئۆيدىن غايىب بولۇپ كەتكەندەكلا يوق ئىدى. ئۇ تىت – تىت بولدى. ۋاقىت بەكمۇ تېز ئۆتمەكتە. ئىت تېخىچە قاۋاۋاتاتتى. ئۆيدىن قۇرۇق قول چىقىپ كېتىشكە ئۇنىڭ كۆڭلى ئۇنىمايتتى. بۇ ئۇنىڭغا ئەلەم بولاتتى. «ئەستەغپۇرۇللا! بۇ نىجىس قېرى تۇمىقىنى نەگە تىققاندۇ؟ ئۇ مېنىڭ كېلىشىمنى ئۇقۇپ قالغاندىمۇ – يا؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس ... ئەمدى قانداق قىلسام بولار؟ ئىسىت، ئەجرىم بىكار بولىدىغان بولدى. ماۋۇ قۇۋ قېرىمۇ مېنىڭ كىرىشىمگە ئۆلگۈرۈپ ئۆلدى ... ئەمدى چىقىپ كېتەي، ئەتىگىچە بىر گەپ بولار...»

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئۆيدىن ئەلەم بىلەن قايتىپ چىقتى، ئىت ئىشىك تۈۋىدىن نېرىغا كەتمىگەنىدى. ئۇنى كۆرۈپ غەزەپ بىلەن ئېتىلدى. ئەپسۇس، تەجرىبىلىك «ئوغرى» ئىتنى ئۆزىگە يېقىن كەلتۈرمەي ھويلىدىن ساق – سالامەت چىقىپ كەتتى ۋە قاراڭغۇدا كۆزدىن غايىب بولدى.

مەسچىتكە ھەممىدىن بۇرۇن كەلگەن ھەسەن ئىمام مەسچىتنىڭ چىرىغىنى ياندۇرماستىن مېھرابتا ئۇزۇنغىچە ئايەت ئوقۇدى. ئەزان ئېيتقىلى كەلگەن مەزىن مېھرابتىكى ئىمامنى كۆرۈپ بەكمۇ ھەيران قالدى.

— تەقسىر، بۈگۈن ئەجەبمۇ بالدۇر كېلىپلا؟ — دېدى مەزىن ئۇنىڭ ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىگە ئەجەبلىنىپ قاراپ.

— بۈگۈن چۈشۈمگە بىر ئىش ئايان بولۇپ پەقەت ئۇخلىيالمىدىم، — دېدى ئىمام قولىدىكى تەسۋىسىنى تىنماي سىيرىپ.

— ھە، مۇنداق دېسىلە، — مەزىن ئىمامنىڭ سۆزىگە قىزىقىپ قالدى، — يامان چۈش ئەمەستۇ تەقسىر؟

— بۇ بىر يامان ئىشتىن بېشارەت بېرىدىغان چۈشتۇر، — دېدى ئىمام گويا غايىبتىن بىر ۋەھىي كەلگەندەك ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ ۋە كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ، — مەن ئاندا – ساندا مۇنداق چۈش كۆرۈپ قالىمەن. بۇ خۇدايتائالانىڭ ماڭا نېسىپ قىلغان كارامىتىمىكىن بىلمىدىم ...

— بەلكىم شۇنداقتۇر، — مەزىن ئىمامغا يەر تېگىدىن قاراپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن ئاللىقانداق بىر ئۆچمەنلىكنىڭ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى، — قايسى يامان ئىشتىن بېشارەت بولىدىكىن ئاخۇنۇم؟ مەنمۇ ئاڭلاپ باقسام ...

ئىمام تەسۋىسىنى سىيرىشتىن توختاپ، كۆزىنى ئېچىپ مەزىنگە قاردى ۋە ئۆزىگە تەمەننا قويغان ھالدا شۇنداق دېدى:

— چۈشۈمدە ئايان بولۇشىچە، بىر مۆمىن مۇسۇلمان بەندىسى بۈگۈن كېچە ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى، ئۇنىڭ كىشىلەردىن سىر ساقلاپ كېلىۋاتقان ئازراق مال – مۈلكىمۇ بار ئىكەن، ئۇ ئاشۇ مال – مۈلكىنى خۇدا يولىدا سىلە ۋە مەندەك خۇدانىڭ پاك – بەندىلىرىگە

سەدىقە قىلماقچى بولغان، ئەمما، مۇرادىغا
يېتەلمىگەن، بۇ مال ـ مۈلۈك يات كىشى-
لەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىش ئالدىدا،
مۇبادا بىز ئاشۇ مال ـ دۇنيانى يات كى-
شىنىڭ قولىدىن ساقلاپ قالالىساق، ئۇ-
نىڭ ساۋابى چوڭ بولاتتى. ئامانەتمۇ ئۆز
ئورنىغا تېگىپ، ئۆلگەن كىشىنىڭ روھى
خۇش بولاتتى ...

— بۇ راستمۇ، ئىمام؟ — دېدى مە-
زىن بۇ گەپكە تېخىمۇ قىزىققان ھالدا
كەكە ساقىلىنى سىلاپ، — ئۇ كىشى
كىمدۇ ـ ھە؟

— چۈشۈمگە ئايان بولغان بېشارەتكە
قارىغاندا، — ئىمام بىردىن سۆزىنى توختى-
تىپ، ئۇ ئادەمنىڭ كىملىكىنى غايىبتىن
بىلەلمەكچى بولۇۋاتقاندەك مەسچىتنىڭ
پەنقىشلىك تورۇسىغا بىرھازا قارىدى ۋە
ئاخىرىدا ھۆكۈم قىلىپ دېدى، — شۇنى
كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرۇپتۇكى، مېنىڭ پەرى-
زىمچە، ئۇ ئادەم چوقۇم ھېلىقى ئىگە-
چاقىسىز ھاشىم تۇماقمىكىن دەيمەن ...

— ئاشۇ ئىمانى سۇس قېرىنى
دەمىلا، ئىمام؟

— شۇنداق، ئۇنىڭ ئىمانىنى سۇس
دېمەكمۇ نېيىستى، دۇرۇس ئىدى. بولمىسا
شۇنچە مال ـ دۇنيانى بىزگە سەدىقە قىلىشنى
ئويلىماستى...

— راستىنلا ئاشۇ قېرى شۇنچە
مال ـ دۇنياغا ئىگىمىدۇ؟

— مېنىڭچە، ئۇنىڭ مال ـ دۇنياسى
بولۇشى مۇمكىن.

— بۇلارنى چۈشلىرىدە شۇنچە ئېنىق
كۆردىلىمۇ، ئىمام؟ — مەزىن ئىمامنىڭ
سۆزىگە ئانچە ئىشەنگۈسى كەلمەي سورىدى.

— بەكمۇ ئېنىق كۆردۈم ... — ئىمام
مەزىننى قايىل قىلىشقا تىرىشتى، — ئۇنىڭ
بارلىق مال ـ دۇنياسى ئاشۇ مايلىشىپ
كەتكەن ئىسكەتسىز تۇمىقىدا ئىكەن.

— تۇمىقىدا؟ — مەزىن تېخىمۇ ھەي-
ران بولدى.

— شۇنداق، ئاشۇ بېشىدىن ئالماي-
دىغان تۇمىقىدا ...

— توۋا، توۋا؟ بۇنىڭغا مېنىڭ
ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ. ئىمام ئاخۇنۇم.

— مەنمۇ ئىشەنمەي تۇرىمەن، لېكىن
چۈشۈمگە بۇ بەكمۇ ئايان بولدى. شۇڭا
بۇنى سىلىگە دەۋاتىمەن.

— ئۇنى قانداق ئېلىش كېرەك،
ئىمام؟

— بۇنى مەنمۇ بىلمەيمەن ... ئەمما
خۇدا يولىدا بىر ساۋابلىق ئىش قىلىپ
قويساق بولاتتى. بۇنىڭ راست ـ يالغانلى-
قىنى تاڭ ئاتقاندا ئۇقارمىز. ئەمما مېنىڭ
كۆرۈۋاتقىنىم چۈش ...

«توۋا، ئاشۇ ھاشىم تۇماق راستىنلا
شۇنچىلىك بايمىدۇ ـ ھە؟» مەزىن ئۆزىنى
ئۇنۇتقان ھالدا پىچىرلاشقا باشلىدى.
ئىمام ئۇنىڭ قاپقارا چىرايىغا يوشۇرۇن
سەپسېلىپ: «پۇل دېگەن ھەممە كىشى-
نى قىزىقتۇرىدىغان نەرسە ـ دە» دېدى
ئىچىدە ۋە ئاخىرىسىدا ئاۋازىنى چىقىرى-
پ قوشۇپ قويدى:

— مۇبادا بۇ ئىش راست بولۇپ
چىقسا، سىلى بىلەن مەن ئازراقتىن پۇل-
پۇچەككە ئېرىشىپ قالاتتۇق ... ئۇمۇ ساۋاب
تاپاتتى ...

— بولسىغۇ شۇنداق بولسا بەكمۇ
بەلەن ئىش بولاتتى، ئەقسىز ... ئالدىنىمىز-
دا قىش كېلىۋاتىدۇ، ئەسقېتىپ قالاتتى، —
دېدى مەزىن كۆڭلىدىكىنى ئوچۇق ئېيتىپ،

uyghurkitap.com

مەسچىتكە بىر-بىرلەپ جامائەت يىغىلدى. نامازدىن كېيىن ئىمام جامائەتكە قاراپ:

— جامائەت، — دېدى مېھرابنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرغان هالدا ئاۋازىنى تىترىتىپ، — بىز بۈگۈن بىر كىشىنى يوقلاپ قويايلىمىكىن.

— كىمنى يوقلايمىز، ئىمام؟

— هاشىم تۇماقنى يوقلاپ كەلسەك دەيمىنا.

— ئۇ بىناماز قېرىغا نېمە بوپتۇ؟

— ئىمامغا ئۇنىڭ ئەھۋالى كېچە چۈشىدە ئايان بوپتۇ... — دېدى مەزىن ئىمام ئۈچۈن جاۋاب بېرىپ، جامائەت ھەيران بولۇشتى.

— كېسەل كىشىنى يوقلاپ قويۇش ساۋابلىق ئىش، قېنى، جامائەت ماڭايلى، — ئىمام ئۇلارنى باشلاپ مەسچىتتىن چىقتى. بۇ چاغدا كۈن تاغ كەينىدىن ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، ئەتراپىغا قىزغۇچ نۇرىنى چاچماقتا ئىدى. ئەمما قاتتىق بورانىنىڭ شەپىسىنى بېرىپ غەربىي جەنۇبتىن كېلىۋاتقان قارا بۇلۇت شەرققە سۈرۈلۈپ كەلمەكتە ئىدى.

جامائەت ئىمامغا ئەگىشىپ هاشىم تۇماقنىڭ غېرىبانە ھويلىسىغا كىرىپ كەلدى. تام تۈۋىدە ياتقان ئالا بويناق ئۇلارغا ئېرىنچەكلىك بىلەن قاراپ قويۇپ، ئىمامنى كۆرۈپ قاۋاپ كەتتى. ئىمام ئەتراپىدا جامائەت بولغاچقا، ئۇنىڭ قاۋىشىغا پەرۋا قىلمىدى. قولۇم-قوشنىلار جامائەتنىڭ ئەتىگەندىلا هاشىم تۇماقنى يوقلاپ كەلگەنلىكىگە ھەيران بولدى ۋە ئۇلاردىن تەسىرلەندى، ئۆزلىرىمۇ جامائەتكە قوشۇلۇپ هاشىم تۇماقنىڭ ئۆيىگە كىرىشتى.

ئۆي ئىچى قالايمىقان ئىدى. هاشىم تۇماق پاكارغىنە كاڭنىڭ ئۈستىدىكى بىر ئەسكى يوتقانغا يۆگەكلىك ياتاتتى. جامائەت ئۇنى كۆرۈپ ئەجەبلەندى. ئىمام هاشىم تۇماقتىن ئەنسىرىگەندەك بولۇپ، ئالدىراپ كاڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئۇنىڭ ئاللىقاچان مۇزلاپ قېتىپ كەتكەن پېشانىسىنى تۇتۇپ بېقىپ:

— ۋاي، بۇ كىشى جان ئۈزۈپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ! بەدىنى مۇزلاپ كېتىپتۇ... — دېدى چۆچۈپ.

— نېمە دەيدىغانلا، تەقسىر؟ — دېدى هاشىم تۇماقنىڭ قوشنىسىدىن بىرى ئىمامنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەي، — ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدا ساق ئىدى. مەن ئۇنى يوقلاپ كىرگەن...

لېكىن ئۇمۇ هاشىم تۇماقنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرۈپ ئۇنىڭ جان ئۈزگەنلىكىگە ئىشەندى. ئۆينىڭ ئىچىنى بىرپەستىلا گۇدۇڭ-گۇدۇڭ پاراڭ قاپلاپ كەتتى. ھەممە كىشى ئۆز ئالدىغا ھەرخىل ھۆكۈملەرنى چىقىرىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەقەت، ئىماملا كەم سۆز ئىدى. ئۇ ئاخىرى جامائەتكە شۇنداق دېدى:

— رەھمەتلىكنىڭ ئۆلۈمى كېچە چۈشۈمگە ئايان بولۇۋىدى. بۇ راست بولۇپ چىقتى. مەرھۇمنىڭ مۇنداق ئىتتىك قازا قىلىشىنى پەقەت ئويلىماپتىكەنمەن. خۇدا ياتقان يېرىنى جەننەت قىلسۇن.

— يائاللا! ئىمامنىڭ چۈشىگە ھېلىمۇ ئايان بوپتۇ، بولمىسا مەرھۇمنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ھېچكىممۇ بىلمەستىكەن، — دېدى مەزىن ئىمامنىڭ كۆرگەن چۈشىنىڭ مۇنداق ئېنىقلىقىغا قاتتىق ھەيران

بولۇپ، — ھاشىم ئاخۇننىڭ نىيىتى خالىس ئىكەن، بۈگۈن ئۇلۇغ جۈمە، ئۇنىڭ ئۈستىگە رامىزاننىڭ ئاخىرىسى. خۇدايىم بەزلەرگىمۇ مۇشۇنداق ئۇلۇم كۈننى ئاتا قىلسۇن ئىلاھىم...

— نېمىلا دېگەنبىلەن بۇ ئادەم ئۇ دۇنيالىقنى تاپتى... — دېدى ئىمام يەر ئاستىدىن ئۆينىڭ ئىچىگە دىققەت بىلەن كۆز يۈگۈرتۈپ، — ئۇ ھايات چېغىدا ماڭا نۇرغۇن ۋەسىيەتمۇ قالدۇرغان. خۇدايىتائالا بۇ كىشىنىڭ ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغانلىقىنى چۈش ئارقىلىق ماڭا خەۋەر قىپتۇ. ئەمدى مەن بۇ كىشىنىڭ ئاخىرەتلىكىنى ئۆز قولۇم بىلەن بېجىرەي. بۇ خۇدايىتائاللانىڭ ماڭا بەرگەن بىر قېتىملىق پۇرسىتىمدۇر بەلكىم... قارىغاندا مەرھۇمنىڭ مەندىن باشقا ئۇرۇق-تۇغقىنىمۇ بولمىسا كېرەك...

جامائەت ئىمامنىڭ سۆزىدىن قاتتىق تەسىرلەندى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ئېغىزدىن ئىمامنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتىنى ماختاپ، مەرھۇمنىڭ ھەممە بىساتىنى ئۇنىڭ ئىلكىگە تاپشۇرۇشتى. مەزىنىنىڭ ھۇ ئىشقا كۆزى قىزارغان بولسىمۇ، ھازىرچە ئېغىزىدىن بىرەر ئېغىزمۇ نارازى گەپ چىقارمىدى. ئۇ، ئىمامنىڭ ۋەدىسىدە تۇرۇپ، ھاشىم تۇماقنىڭ مال-دۇنياسىدىن ئاز-تولا نەپ بېرىدىغانلىقىغا قاتتىق ئىشىنىپ تۇراتتى.

ئىمام كېيىدە تۇرۇپ، ھاشىم تۇماقنىڭ ئاخىرەتلىكىنى ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ئالغۇزدى. پارچە-پۇرات چىقىملارنىمۇ ئۈستىگە ئالدى. ئۇنىڭ بۇ پەزىلىتى ھەممە كىشىنى قايىل قىلدى.

ھاشىم تۇماقنى سۇغا ئېلىش ئۈچۈن ئورنىدىن يۆتكىگەندە، ئۇنىڭ ئاستىدىن ئىمام ئىزدەپ يۈرگەن ئەسكى تۇماق تېپىلدى. ئىمام بۇنىڭدىن بەكمۇ خۇشال بولدى. ئۇ، تۇماقنى ئالدىراپ قولىغا ئېلىپ:

— بۇ تۇماقنى تەۋەررۈك قىلىپ ساقلاپ قويااي، — دېدى قوينىغا تىقىپ. ئۇنىڭ ئەسكى تۇماققا بولغان قىزىقىشىغا ھېچكىم دىققەت قىلمىدى.



ئاردىن ئۇززۇن ئۆتمەي ھەسەن ئىمام ھەجگە سەپەر قىلدى ۋە ھاجى بولۇپ كەلگەندىن كېيىن ناھىيە بازىرىدىكى چوڭ مەسچىتكە ئىمام بولۇپ كەتتى.

ھەسەن ئىمامنىڭ ئورنىغا ئىمام بولغان ۋاھاپ موللا بىر كۈنى جۈمە نامىزىدا شۇنداق دېدى:

— جامائەت! خۇدايتائالا بىزگە كۆپ ياخشى كۈن ئاتا قىلدى، ھۆكۈمىتىمىز ئىسلام دىنىمىزغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ھەممە مەسچىت، خانىقالىرىمىزنى كەڭرى ئېچىپ بەردى. نۇرغۇن كىشى ئۇلۇغ مەككە، مۇكەررەمگە بېرىپ ھاجى بولۇپ كەلدى. پېقىرمۇ خۇدا نېسىپ قىلسا ھەجگە بېرىشنى نىيەت قىلىۋاتىمەن. خۇدا نېسىپ قىلسا ھەر قايسىڭلارمۇ شۇ نىيەتتە يۈرۈيدىغانسىلەر. شۇنىڭ ئۈچۈن خۇدا يولىدا كۆپرەك ساۋابلىق تېپىشىمىز لازىم. ھازىر ھەممە كىشى باي بولۇپ كەتتى، ئەمما بايلىقنىڭ ئۆشرە-زاكىتىنى ئايرىماي، مەن مۇسۇلمان، دەپ يۈرۈيدۇ. مۇنداق كېتىۋەرسەك بىئىمان كېتىمىز. بۇنى ئادا قىلمىساق تاپقان بايلىقىمىز ھارامدۇر. ئاتا-بوۋىمىزدىن تارتىپ تاپقان بايلىقىمىزنىڭ ئۆشرە-زاكىتىنى بېرىپ كەلگەن... مەن بۇ ھەقتە كۆپ سۆزلىمىسەممۇ جامائەتكە مۇسۇلمانچىلىقنىڭ بۇ مىزانى بەكمۇ ئوچۇق-ئايان. ئەمدى گەپنى قىسقارتسام... ماۋۇ مەسچىتىمىزنى ۋاقتىدا پۈتكۈزۈۋالايلى. ھەسەن ئىمام داۋاملاشتۇرالمىغان ساۋابلىق ئىشنى بىز داۋاملاشتۇرايلى!

ئىمامنىڭ سۆزى ئاخىرلىشىشىغا جامائەت ئارىسىدىن پاكار بويلۇق، قارامتۇل كەلگەن، ئوتتۇرا ياش بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ ئىمامغا سوئال قويدى:

— دېگەنلىرىڭىز بەكمۇ بەلەن گەپ بولدى، ئىمام. بىراق مەن بىر ئىشقا ھەيرانمەن، بىز بۇ مەسچىتىمىزنى يېڭىلاپ سالىمىز دەۋاتقىلى ئىككى-ئۈچ يىل بولدى. ھەر ھېيتتا پۇل توپلايمىز. ئۇنىڭدىن بۆلەك مۇشۇ مەسچىتكە دەپ بۇلتۇر خامان ئالغاندا بىر جانغا ئون جىڭدىن بۇغداي بەردۇق، مانا مەن ئاشۇ بۇغداينى كىشىلەرنىڭ بەرمىگىنىگە قارىماي يىغىپ، ھەسەن ئىمامغا ئەكىلىپ بەرگەن، شۇ چاغدىكى ھېسابتا بىر ماشىنىدىن ئارتۇق بۇغداي مەسچىتىمىزگە كىرىم بولغانىدى. قۇربان ھېيتتا ئۆلتۈرۈلگەن قويىنىڭ تېرە-ئۈچەيلىرىمۇ بار تېخى. ئاشۇنچىلىك نەرسىلەرنى بەرسەكمۇ مەسچىتىمىزنىڭ ئالدىدىكى پەشتاق پۈتمىدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى مەن زادى ئۇقالمىدىم. ئەگەر مەسچىتىمىزنىڭ بۇ ھېسابىنى ئېنىقلىمىساق يەنە ئۈچ يىلدىمۇ مەسچىت پۈتمەيدۇ. مۇشۇ ئىشنى بىر ئويلىشىپ كۆرگەن بولسىلا ئىمام!

ئۇنىڭ سۆزى تۈگە-تۈگمەيلا نامازخاندىن بىرى ھېلىقى كىشىنىڭ گەجگىسىدىن تۇتقانچە سۆرەپ مەسچىتنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقتى ۋە ئۇنى دۈشكەلەپ تەپكەنچە مەسچىت سەينىسىدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتتى. بۇ كۈتۈلمىگەن «جازا» نى كۆرگەن بىر قىسىم جامائەت بىرئاز غۇلغۇلا قىلىشتى. بىراق ھېلىقى «ئىسيانچى» نىڭ قىلغان گېپىنى ئۇلار ئىككىنچىلەپ ئېغىزغا ئالمىدى، ھەممىسى سۈكۈتكە چۆمدى.

ئىمام جامائەتكە قاراپ سۆزىنى

داۋام قىلدى:

ــ جامائەت خۇدا يولىدا قىلغان ھەرقانداق بىر ساۋابلىق ئىش ھەرگىزمۇ بىكار كەتمەيدۇ، سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلاردىن چىقىرىپ بەرگەن پۇلۇڭلار خۇدا يولىدا ئىشلىتىلگەنىكەن، ئۇ مەيلى مەسچىتكە ئىشلىتىلسۇن ياكى ئىشلىتىلمىسۇن، ئوخشاشلا ساۋاب بولىدۇ. سىلەر ھەرگىزمۇ بايىقى نامەرد، ئىمانسىزنىڭ دىگەن گىپىگە ئىشىنىپ، قىلغان ئىشىڭلارغا پۇشايمان قىلماڭلار، ئۇنى دورىماڭلار. خۇدا بۇيرۇسا مەسچىتىمىز ھەر قايسىڭلارنىڭ ھىممىتى بىلەن چوقۇم پۈتىدۇ. بىزنىڭ نىيىتىمىز دۇرۇس بولسىلا خۇدايىم مۇرادىمىزغا يەتكۈزىدۇ. ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى ـ سائىتى باردۇر. مەسچىتىمىزنىڭ مال ـ مۈلكىنى ھىچكىم يىيەلمەيدۇ، ئۇنى كىمئەرسى يەيدىكەن، ئۇ كىشى شەك ـ شۈبھىسىز دوزىخىدۇر. مەسچىتىمىزنىڭ ئىشلىرىغا ھەرگىز دەرگۇمانىدا بولماڭلار، مەن خۇدا بۇيرۇسا مەسچىتىمىزنىڭ پەشتىقىنى پۈتكۈزىمەن.

مانا ماۋۇ مىنىڭ مەسچىتكە ئاتىغىنىم...

ئىمام ئۇن كويلۇق پۇلدىن بىرنى ئاچايىپ بىر «مەردلىك» بىلەن مىھرابىنىڭ ئالدىدىكى پۇل يىغىشقا ئالدىدىن تەييارلاپ قويغان داستىخانغا تاشلىدى. ئۇنىڭ بۇ «مەردلىكى» دىن تەسىرلەنگەن باشقا نامازخانلارمۇ بىر ـ بىرلەپ يانچۇقلىرىنى كولاشقا مەجبۇر بولۇشتى. يىنىدىكى بارىنى ئوتتۇرىغا تاشلاشتى. مەزىن باشلىق ئىككى كىشى ئىتەكلىرىنى يىيىپ، جامائەتنى ئارىلاپ پۇل يىغىشقا باشلىدى.

ئارىدىن يەنە بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. مەسچىتنىڭ پەشتىقى پۈتمىدى. ئەمما مەسچىتنىڭ ئىمامى بىلەن مەزىن ئىككىيلەن «ھاجى» دىگەن نامغا ئىرىشتى. كىشىلەر چاي ۋە نەزىر ـ چىراغلاردا خۇدانىڭ مەرھەمىتىگە ئىرىشكەن بۇ كىشىلەرگە ھەۋەس قىلىشاتتى. ئۇلار مەسچىتنىڭ پەشتىقىنىمۇ، ھاجى بولۇشنى ئارزۇ قىلغان ھاشىم تۇماقتەك كىشىلەرنىمۇ ئۇنتۇپ قىلىشتى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمايىل



روزى ھوشۇر



# بۇ مۇ تۇرمۇش

(ھېكايە)

ئىنسانلارنىڭ ھاياتى خۇددى سەھنىدە ئوينالغان كومېدىيىگە ئوخشايدۇ. ھېيلە-مىكىر ئىشلىتىشنىڭ چارە-ئۇسۇللىرىنى پىششىقراق ئۆگەنگەن كىشىلەر بۇ كومېدىيىنى راسا قاملاشتۇرۇپ ئوينىيالايدۇ. لېكىن تېخى ئانچە پىشمىغان، خامىراق ئادەملەر كومېدىيە ئوينايمەن دەپمۇ ئوينىيالمايدۇ.

يېقىندا ئەختەمنىڭ ئائىلىسىدە بىر مەيدان كومېدىيە ئوينالدى. ئۇنىڭ ئايالى ئايگۈلغۇ كومېدىيىنى خېلى قاملاشتۇرۇپ ئوينىدى، لېكىن ئەختەم تېخى پىشماپتىكەن. ئۇ غورا ئىكەن ئەمەسمۇ.

ئەختەم بىلەن ئايگۈل توي قىلغاندىن كېيىن بىرەر ئايغىچە خۇددى ئاشىق-مەشۇقلاردەك ياشىدى. لېكىن بىر-بىرىنىڭ ۋىسالىغا قېنىشىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى خۇي چىقارغىلى تۇردى.

— خوتۇن، — دېدى ئەختەم بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى تاماقتىن كېيىن ئۆزىنىڭ بوش ئەر ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولۇپ، — ماۋۇ مەيدەمدىكى تۈكنى كۆردۈڭما، بۇ تىك تۇرغان تۈكلەر ھەقىقىي ئەرنىڭ بەلگىسى جۇمۇ.

— سىزنىڭ مەيدىڭىزدىكىدەك تۈك ئۆچكىنىڭ دۈمبىسىدىمۇ بار. ئۆچكىلەر ئازراق تولغىسىلا ئۇنىڭ تۈكلىرىمۇ تىك تۇرىدۇ، — دېدى ئايگۈل.

— سەن مېنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىمنى تازا چۈشەنمىدىڭ. مەنچۇ، سەندەك خوتۇننىڭ يىلىكىدە سۇ ئىچىمەن، سۇ.

— ۋاي چۈشەنمەمدىغان، مەنمىچۇ، يەر ئاستىدىكى يىلاننىڭ قىمىرلىغىنىنى بىلىمەن.

— بىلگەنلا بولساڭ ياخشى. مەن سېنى تۈز تارتىلغان يىپتەك باشقۇرىمەن.

— مەن سىزنى سىزغان سىزىقىڭىزدىن چىقارمايمەن.

ئۇلار بىر-بىرىگە يول بېرىشمىدى. ھەر ئىككىسى تولا گەپ قىلىپ ھېرىپ قالدى، ئاغزىلىرى قۇرۇپ كەتكەندىنمۇ بىرەر ئوتلامدىن چاي ئىچىۋېلىپ يەنە سۆزلەشتى. ياستۇققا باش قويغاندىمۇ زوكۇنلىشىپ ياتتى. پەقەت ئەختەمنىڭ خورەك تارتقان ئاۋازى ئاڭلانغاندىلا ئايگۈل سۆزىنى توختاتتى.

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بىر كۈنى كەچتە ئايگۈل قاراڭغۇ چۈشكەندىلا ئۆيگە كەلدى، ئەختەمنىڭ ئاقتى-تاق بولۇپ تۇرغانىدى. ئۇ ئايگۈلنى كۆرۈپلا:

— مۇشۇ ۋاقىتقىچە نەلەردە يۈردۈڭ؟ — دېدى زەردە بىلەن.

— يەر بىلەن ئاسماننىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈردۈم، — دېدى ئايگۈل پەرۋاسىزلىق بىلەن.

— سەن ... سەن نېمە دەۋاتىسەن؟ — ئەختەم غەزەپتىن تىترەپ كەتتى. ئۆزىنى خورلانغاندەك ھېس قىلىپ، ئايگۈلنىڭ يۈزىگە چاڭگىدە بىر شاپىلاق ئۇردى. ئايگۈل سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. كۆزىدىن ئوت چاقناپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىدى-دە، بۇقۇلداپ يىغلىغىنىچە چوڭ ئەينەكنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ يۈزىدە بەش بارماقنىڭ ئىزى مانا مەن دەپ بېلىنىپ تۇراتتى. ئۇ تازا قانغۇچە يىغلىدى. قورساق كۆپۈكمۇ خېلى چىقىپ قالغاندەك بولدى. ئۇ كارىۋاتقا چىقىپ ياتقان بولسىمۇ ئۇيقۇسى كەلمىدى. يېرىم كېچىگىچە خىيال سۈرۈپ ياتتى. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى ئەقىل تاپتى، ياق، ئۇ ئەقىل ئەمەس، ئالتۇن تېپىۋالغانىدى. ئۆزىنىڭ تاپقان ئەقلىدىن سۆيۈنۈپ كۈلۈمسىرىدى.

ئايگۈل ئەختەم بىلەن بىرگە ئىشلەيدىغان يۇلتۇز ئىسىملىك چوكاننى ئېسىگە ئالغانىدى. يۇلتۇز ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن بولۇپ، يالغۇز ياشاۋاتاتتى. ئەمما ئۇ خېلى چىرايلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قانات سۆرەيدىغان ئەرلەرمۇ خېلى بار ئىدى.

ئايگۈلنىڭ يۇلتۇز توغرىلىق نېمىلەرنى ئويلىغانلىقى نامەلۇم. ئەمما ئۇ ئۇزاققىچە كۈلۈمسىرەپ ياتتى. ئۇخلاپ قالغاندىمۇ ئۇنىڭ چىرايىدىن تەبەسسۇم كەتمىدى. ئەتىسى كەچتە ئەتراپنى كۆكۈم قاراڭغۇلۇقى قاپلىغاندا، ئايگۈل ھوشۇقىغىچە كېلىدىغان ئۇزۇن كۆڭلەكنى كىيىپ، چوڭ تور رومالىنى بېشىغا ئارتىپ، ئۇدۇل يۇلتۇزنىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى. ئۇ يۇلتۇزنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە ئەتراپقا سىنچىلاپ قاراپ چىقتى. ئاندىن كېيىن ئىشىكنى چەكتى. بىر قولى بىلەن بۇرنىنىڭ بىر تۆشۈكىنى توسۇپ تۇرۇپ مومايلاردەك ئاۋاز چىقىرىپ ۋارقىرىدى:

— يۇلتۇز خېنىم، ھوي يۇلتۇز خېنىم!

يۇلتۇزنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىغان ئايگۈل چىرقىراق ئاۋازدا:

— خېنىم، سىڭلىنى ئايگۈل ئەتە كەچلىك چايغا تەكلىپ قىلدى! — دېدى-دە، دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى. يۇلتۇز ئىشىكنى ئاچقاندا ئايگۈل ئاللىقاچان يىراقلاپ كەتكەنىدى.

— ئۆيگە كىرىپ ماڭسىلا. ئۆزلىرى كىم بولىلا؟ — دەپ ۋارقىرىدى يۇلتۇز. ئەمما ئايگۈل جاۋاب بەرمىدى.

ئەتىسى چۈشتە ئايگۈل كۆكتات ئالىمەن دەپ بازارغا چىقىپ كەتتى. لېكىن ئۇ قاراڭغۇ چۈشكەندىمۇ قايتىپ كەلمىدى. ئەختەم تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇراتتى. بىردىنلا ئىشىك چېكىلدى. ئەختەم ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچتى. ئۆيگە يۇلتۇز كىرىپ كەلدى. ئۇ يارىشىملىق كىيىملىرىنى كىيىپ، ناھايىتى چىرايلىق ياسىنىۋالغانىدى. يۇلتۇز ئۆيگە

كىرىپ بولغاندىن كېيىن ئەختەم ئىشىكنى يېپىپ قويدى. لېكىن ئۇ بەخەتەر قۇلۇپنىڭ تاقىلىپ قالغانلىقىنى سەزمەيلا قالدى.

يۇلتۇز كىرىشلوغا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— ئايگۈل كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھە، ئايگۈل كۆكتات ئالغىلى چىقىپ كەتكەن، — دېدى ئەختەم ۋە چاي دەملەش ئۈچۈن ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى.

ئەختەم چەينەككە چاي دەملەۋاتقاندا ئىشىك چېكىلدى. ئۇ دەرھال ئاشخانىدىن چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئۆيگە ئايگۈل كىرىپ كەلدى.

— ھە، ئىش مۇنداق ئىكەن-دە! — دېدى ئايگۈل قولىدىكى كۆكتاتلارنى سومكا بىلەنلا ئۆينىڭ ئوتتۇرىغا تاشلاپ، — ھۇ پاسكىنا بۇزۇقلار!

— ئايگۈل، سىز نېمە دەۋاتىسىز؟ — دېدى ئەختەم ھودۇقۇپ.

— ئادەمنى كۆزگە ئىلماي... ئىشىكنى تاقىۋېلىپ... نېمە قىلىشىۋاتىسىلەر؟ سەن جالاپ مېنىڭ ئۆيۈمنى بۇزماقچىمىدىڭ؟ — ئايگۈل يۇلتۇزنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردى. ئەختەم دەرھال ئايگۈلنىڭ ئالدىنى توسۇدى ۋە:

— ئايگۈل، سەن نېمىدەپ جۆيلۈپ يۈرىسەن؟ — دېدى.

— ھە، مەن جۆيلۈپتىمەنما؟ — ئايگۈل ئەمدى ئەختەمنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى، — سەن مېنى ئاياغ-ئاستى قىلدىڭ! سەن بۇزۇلۇپسەن!

— ئايگۈل، سىز مېنى چاقىرغىلى ئادەم ئەۋەتىپتىكەنسىزغۇ! — دېدى يۇلتۇز تاقەت قىلالماي.

— ھۇ پاسكىنا جالاپ، سېنى كىم چاقىرتىپتۇ!

— تونۇگۈن ئادەم ئەۋەتىپتىكەنسىزغۇ؟

— كىمنى ئەۋەتىپتىمەن؟ ماڭا شۇ ئادەمنى تېپىپ بەر!

يۇلتۇز نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

ئايگۈل ئاغزىغا كەلگىنىنى دەپ، ۋارقىراپ يىغلاشقا باشلىدى. ئەختەممۇ كۆڭلىدە: يۇلتۇز بەلكىم مېنى كۆڭلى تارتىپ كەلگەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالدى-دە، يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك بوشاپ، ئايگۈلگە سىلىقلىق بىلەن:

— خوتۇن، ئۇنداق ۋارقىرىما، قولۇم-قوشنىلار ئاڭلاپ قالسا سەت تۇرىدۇ، — دېدى.

— سەت بولىدىغانلىقىنى بۇرۇنراق ئويلىسىڭىز بولماسمىدى؟ قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇپ ئەمدى سەت بولىدۇ، دەۋاتقىنىنى...

ئەختەم زادىلا ئۆزىنى ئاقلىيالمىدى. ئاخىرى ئايگۈلگە يالۋۇرغىلى تۇردى.

— خاپا بولما خوتۇن، ھەممە گۇناھ مەندە، — دېدى ئەختەم.

ئايگۈل پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئەختەمنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كەلدى.

— گۇناھنى گەدىنىڭىزگە ئالدىڭىزمۇ؟

— ئالدىم خوتۇن، ئالدىم.

— گۇناھ مەندىمىكەن، سىزدىمىكەن؟

— مەندىكەن، مەندىكەن، — دېدى ئەختەم. ئۇ كۆڭلىدە ھۇ ماجىرانى بېسىقتۇرۇۋالسام كېيىنكى ئىشلارنى ئىزىغا

www.uyghurkitap.com



سالالايمەن، دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن ئايگۈل كۆڭلىدىكى پىلان بويىچە ئىشنى باشلىۋەتتى:

— بۇندىن كېيىن مەندىن رۇخسەتسىز ئېشەك ھاڭگىرىغان، داپ داراڭلىغان يەردە يۈرمەمسىز؟

— يۈرمەيمەن.

— مېنى يەنە ئۇرامسىز؟

— ياق، ياق. ئىككىنچى ئۇرمايمەن.

شۇنداق قىلىپ، ئايگۈل ئەپچىل چارە بىلەن ئەختەمنى چەمبەرچەس يۈگەنلىۋالدى. ئاۋادا ئەختەم بىرەر ئىشتا ئۆز بېشىمچىلىق قىلمىشقا ئۇرۇنسا، ئايگۈل دەرھال «چاۋاڭنى چىتقا يايىمەن» دەپ ئۇنى شۇ ھامان پەسكويغا چۈشۈرەتتى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئەختەم بۇ خىل تۇرمۇشقىمۇ ئىختىيارسىز كۆنۈپ كەتتى. ئايگۈل بىرەر ئىشقا بۇيرۇسا شۇ ھامان بېجىرىدىغان بولدى. ئولتۇرۇش-سورۇنلاردىمۇ ئايگۈل قاپىقىنى تۈرۈپ قويسىلا جىمىپ كېتەتتى.

ياز ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى ئەختەم ئىشتىن چۈشۈپلا سامساق ئاۋاينىڭ چايخانىسىغا باردى. ئۇ، بۇ يەرگە چارچىغان نېرۋىسىنى ئارام ئالدۇرۇش ئۈچۈن كەلگەنىدى. چايخانىغا ئەختەمنىڭ ئىلگىرىكى بىر نەچچە ئاغىنىلىرى يىغىلغانىدى. ئەختەمنى كۆرۈپلا ئۇلاردىن بىرى دەرھال چاقچاق قىلدى:

— بۈگۈن كۈن قاياقتىن چىققاندۇ، ئايگۈل ئەجەپ قەپەسىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېتىپتىغۇ!

— ھە، خوتۇنۇم ماڭا بەك ئامراق بولغانلىقى ئۈچۈن يېنىدىلا ساقلايدۇ-دە، مېنى بىردەم كۆرمىسە چىدىيالمايدۇ.

ئۇلار ئەختەمنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىق بىلگەچكە، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بىر ھازاغىچە كۈلۈشتى. ئەختەممۇ مەيدىسىگە مۇشتلاپ خېلى جىق ماختىنىۋالدى.

بىرەيلەن يەنە ئەختەمنىڭ ئاغزىنى كوچىلىدى:

— ئەختەم، سەن يېقىندىن بېرى ھەقىقەتەن نوچى بولۇپ قالدىڭ، سەن بىزگە خوتۇندىن قورقماسلىقنىڭ تەجرىبىسىنى سۆزلەپ بەرسەڭ قانداق؟

چايخانىنىڭ ئىچىنى يىگىتلەرنىڭ

كۆلكە سادالىرى قاپلاپ كەتتى.

— بولىدۇ، بولىدۇ، سىلەرنىڭ ھەممىڭلار خوتۇنۇڭلاردىن قورقىدىغان توخۇيۈرەككەنسىلەر، سىلەرگە خوتۇننى باشقۇرۇشنىڭ تەدبىرلىرىنى ئۆگىتىپ قوياي، — ئەختەم بىر يۇتۇم چاي ئىچىۋېتىپ سۆزلەشكە باشلىدى، — خوتۇن كىشى دېگەن تومۇرچى كېلىدۇ، شۇڭا ئۇنى قاتتىق باشقۇرۇش كېرەك. خوتۇن كىشى ساڭا ھومىيىپ بولغىچە بېقىنىغا ئۇرۇپ تۇرساڭ، ئەسكىلىك قىلسا خېتىڭنى ئالدەپ پوپوزا قىلساڭ يىپتەك تۈزۈلىدۇ، يىپتەك، — ئەختەم سۆزلىگەنچە ھاياجانلىنىپ كەتتى. باشقىلارنىڭ مەسخىرە قىلىپ پىخىلداپ كۈلۈشلىرى ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئالقىشلاۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

— ئاداش، سىلىنى مەن ئۆيدىمۇ يۈرەكلىكرەك ماڭالامدىكىن دەيمىنا، — دېدى بىرەيلەن ئەختەمنىڭ چىشىغا تېگىپ.

— بىز دېگەن مەيدىسىدە تۈكى بار ئەر كىشى، خوتۇن دېگەننى دەسسەپ چەيلەپ باشقۇرىمىز. ئۆيدە يولۋاستەك ياشايمىز، يولۋاستەك سۈرلۈك ياشىمىساق خوتۇن بېشىمىزغا مىنىۋالامدۇ.

— نېمە دەۋاتىسىز، يولۋاس؟

ھەممەيلەن ئىشىككە قاراشتى. ئىشىكتىن ئايگۈل كىرىۋاتاتتى. ئەختەمنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ئۇ گوياكى ئاغزى يوغان ئېچىلغان، كۆزلىرى چەكچەيگەن ھەيكەلگە ئايلىنىپ قالغانىدى.

— ئورنىڭىزدىن قوپۇڭ، يولۋاستەك ياشايدىغان غوجام، — دېدى ئايگۈل ئەختەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ، — ئەمدى بۇرنىڭىزنى تېشىپ چۇلۇك ئۆتكۈزۈپ قويمىسام بولمىغىدەك يولۋاس غوجام. بولمىسا مۇشۇنداق چايخانىغا قېچىپ كېلىۋالىدىكەنسىز ئەمەسمۇ. تېز قوپۇڭ دەيمەن!

ئەختەم توپتەك قاڭقىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئاغىنىلىرىگە قاراشقىمۇ پېتىنالماي چايخانىدىن چىقىپ كەتتى.

شۇ قېتىمقى چايخانىدىكى ئۇچرىشىشتىن كېيىن ئەختەمنىڭ ئاغىنىلىرى ئۇنى خېلى ۋاقىتلارغىچە ھېچ يەردە ئۇچرىتالمىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمۇھەممەت جۇمە





نۇر مۇھەممەت توختى

# ئۆرۈك ھەر يىلى چېچەكلەيدۇ

(ھېكايە)

ئۆرۈك ھەر يىلى بىر قېتىم چېچەكلەيدۇ. چېچەكلەرنىڭ يامغۇردىن كېيىنكى ئاق بۇلۇتتەك گۈزەل، پاكىز، نازۇك كۆرۈنۈشى، دىماغلارنى راھەتلەندۈرگۈچى خۇش پۇرىقى تاكى كېيىنكى يىلغىچە ئۇنتۇلمايدۇ. ئاھ، ئۆرۈك چېچىكى، سەن نېمىدېگەن نازۇك، نېمىدېگەن گۈزەل!

مەن ھۆپپىدە ئېچىلغان ئۆرۈك چېچىكىنى كۆرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭ نازۇكلۇقىنى، گۈزەللىكىنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتىمەن. ئۇ مېنىڭ ئۆز ھويلامدا، ئۆز باغچامدا ھۆپپىدە ئېچىلىدۇ. ئاشۇ ھويلامنى، ئاشۇ باغچامنى خۇش پۇراقلارغا تولدۇرىدۇ. ئاھ، مېنىڭ ھويلام...

ھەممە باشقۇرغۇچىلارغا، ھەممە ئارقا سەپ تەمىنات خىزمىتى ئىشلىگۈچىلەرگە، ھەممە بوغالتىر ـ كاسسىرلارغا ئوخشاش مەنمۇ شەخسىي ئۆي سالدىم. ئىش باشلانغاندىن تارتىپ تاكى ئۆي پۈتكىچە بولغان ئارىلىقتا بىر تال تاشنى كوزوپتىن بەرگە، بىر تال خىش ـ كېسەكنى ئۇيياقتىن ـ بۇياققا يۆتكەپ باقمىدىم. پەقەتلا تام قوپارغان، خىش توشۇغان، لاي ئەتكەن ئادەملەرگە كۆز ـ قۇلاق بولۇپ قاراپ تۇردۇم. لېكىن ئۇلاردىنمۇ بەكرەك ھېرىپ كەتتىم. ئاخىرى ئىشىك ـ دېرىزىلەر سىرلىنىپ، ئەينەكلەرمۇ ـ سېلىنىپ بولدى. ئاشقان ـ تاشقان ياغاچ ـ تاشلار بىر تەرەپكە يىغىشتۇرۇلدى. قوش قاناتلىق يوغان دەرۋازىغا قارا قۇلۇپنى سېلىپ قويۇپ قايتىپ كەلدىم.

ئۆيۈمغۇ پۈتتى. لېكىن يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ چىقمىدىم. كۆپ نوپۇسلۇق، ھۆكۈمەت ئۆيىدە قىسىلىپ قالغان چوڭ ئائىلەر يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ چىقمىغان يەردە، ماڭا كۆچۈپ چىقىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟ ئىدارە تەقسىم قىلىپ بەرگەن ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيدە يالغۇز تۇرىمەن. قىسىلىپ قالغىنىم يوق. توك، سۇ، پار... ھەممىسى تەييار تۇرۇپتۇ. ئاشۇلارنى تاشلاپ نەگە باراتتىم؟ ھازىرچە يېڭى ئۆي يېڭى پېتى تۇرۇپ تۇرسۇن، كەلگۈسىدە...

مەن يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ چىقمىدىم،

لېكىن ئىشتىن چۈشكەن هامان ۋېلىسىپىتىمنى چاپتۇرۇپ ئاشۇ «داچا»غا چىقىشنى، مۈشۈكنىڭ بېشىدەك يوغان قارا قۇلۇپنى شاراقلىتىپ ئېچىپ هويلىغا كىرىشنى، نەقىشلىك تام - تورۇسلارغا، هويلا ئىچىدىكى كىچىككىنە باغچىغا قاراپ تۇرۇشنى تولىمۇ ياخشى كۆرىمەن. بۇنداق چاغلاردا قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قېتىدا «ئۆزۈمنىڭ هويلىسى، ئۆزۈمنىڭ ئۆيى، مېنىڭ، پەقەت مېنىڭ...» دېگەن تاتلىق بىر تۇيغۇ پەيدا بولۇپ، كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك تۇيۇلىدۇ، بىر كۈنلۈك خىزمەت هاردۇقى نەلەرگىدۇر غايىب بولىدۇ. ئىگىدارچىلىق تۇيغۇسىنىڭ لەززىتىنى چوڭقۇر هېس قىلىمەن.

ئۆي سېلىش ئۈچۈن يەر ئالغان چېغىمدا، ماڭا ئۈستىدە تۆت تۈپ ئۆرۈك بار يەر توغرا كەلگەنىدى. ئۆي پىلانلانغان چاغدا يەنە ئاشۇ ئۆرۈكلەرنى دېرىزىلەرنىڭ ئۇدۇلىغا كەلتۈرۈشنى، كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان يەرگە كەلتۈرۈشنى ئۇنتۇمىدۇق. هەر يىلى مارتنىڭ ئاخىرىدا ئاشۇ ئۆرۈكلەر چېچەكلەپ، هويلىنى چېچەك هىدى قاپلايتتى. يەر يۈزىدە نېپىز تۇماندەك بىر قەۋەت چېچەك پايانداز هاسىل بولاتتى. بۇنداق چاغلاردا «ئۆرۈكلۈك داچا»غا هەر كۈنى چىقاتتىم ۋە ئۇزۇنغىچە تۇرۇپ قالاتتىم. قەلبىمدە شېئىرىي هېس - تۇيغۇلار داۋۇلغۇپ، بىر شائىرنىڭ «دېرىزەمنىڭ ئالدىدا بىر تۈپ، ئۆرۈك ئاپئاق بولۇپ گۈللىدى» دېگەن مىسرالىرى يادىمغا كېلەتتى. گۈلزار باغچىسى بار هويلا نېمىدېگەن گۈزەل - هە! ئۆتكەن يىلى باهاردا يەنە باغچامغا ئالما، نەشپۈت، شاپتۇل كۆچەتلىرىنى تىكتىم، بۇ يىل ئۇلارمۇ چېچەكلىسە ئۆرۈك، ئالما، نەشپۈتلەرنىڭ ئاقۇش چېچەكلىرى بىلەن شاپتۇلنىڭ ئاچ قىزغۇچ چېچەكلىرى ئارىلىشىپ، باغچامنىڭ جەننەتتەك گۈزەللىشىپ كېتىشىدە گەپ يوق ئىدى. لېكىن هاۋا ئىللىپ، ئۆرۈك، ئالما، نەشپۈت، شاپتۇل نوتىلىرىدا چېچەك غۇنچىلىرى بىخلىنىپ چىقىشقا باشلىغان چاغدا كاماندىروپكىغا چىقىپ كېتىپ قالدىم. ئون كۈن ئون يىلدەك ئۇزۇن تۇيۇلدى. تېزرەك قايتىپ كېلىپ، گۈزەل باهارنى ئۆرۈك چېچەكلىگەن هويلامدا كۈتۈۋېلىشنى، باهارنىڭ ئىللىق هاۋاسىدىن، گۈل - چېچەكلەرنىڭ خۇش پۇرىقىدىن ئۆز هويلامدا هوزۇرلىنىشنى نەقەدەر خالايتتىم - هە!

مانا ئەمدى قايتىپمۇ كەلدىم. قايتىپ كېلىپلا ئاشۇ «ئۆرۈكلۈك داچا»غا — گۈزەل هويلامغا قاراپ كېتىۋاتىمەن. ئاپئاق چېچەكلەرگە پۈركەنگەن گۈزەل هويلام كۆز ئالدىمدا گەۋدىلەنمەكتە. ئاه، يامغۇردىن كېيىنكى ئاق بۇلۇتتەك پاكىز، گۈزەل، نازۇك ئۆرۈك چېچىكى! مەن سېنى كۆرۈش ئۈچۈن، سېنىڭ گۈزەللىكىڭنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتىمەن. سەن مېنىڭ ئۆز هويلامدا، ئۆز باغچامدا هۆپپىدە بولۇپ ئېچىلىسەن. هويلامنى، باغچامنى خۇش پۇراقلارغا تولدۇرىسەن. سېنىڭ خۇش پۇرىقىڭ، سېنىڭ گۈزەللىكىڭ تاكى كېيىنكى يىلغىچە ئۇنتۇلمايدۇ.

يوغان قارا قۇلۇپ نەگە كەتتى؟ دەرۋازىنى كىم ئاچقاندۇ؟ ئوغرى، هويلىغا ئوغرى كىرگەن بولسا كېرەك.

دەرۋازا ئالدىدا ئاشۇ پىكىر خىيالىمغا

كەلدى. دەرۋازا ئوچۇق تۇراتتى. يۈرىكىم ئەنسىز دۈپۈلدەپ كەتتى. دەرۋازىنىڭ ئىچى ـ سىرتىدا قالايمىقان ئادەم ئىزلىرى ئىرماش ـ چىرماش بولۇپ كەتكەنىدى. يېڭى ئىزلارمۇ بار ئىكەن.

ۋېلىسىپىتىمنى قۇلۇپلاپ قويدۇم ـ دە، ھېلىقى ئىزلارنى بۇزۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن يان تەرەپ بىلەن ئاۋايلاپ دەسسەپ ھويلىغا كىردىم. ھويلىدا ھېچكىم يوق ئىدى. پېشايۋاننىڭ سۇپىسىدا بىر دانە ئاياغ ياماش ماشىنىسى تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا يەنە نېمىگە ئىشلىتىلىدىغانلىقى نامەلۇم بولغان سايمانلار چېچىلىپ يېتىپتۇ. ئىككى تۇۋرۇكنىڭ ئارىسىغا سىم تارتىلىپ، كىچىك بالىنىڭ كىيىم ـ كېچەك، لاتا ـ يۆگەكلىرى يېيىپ قويۇلۇپتۇ. مەن كىملەرنىڭدۇ يېڭى ئۆيۈمگە كۆچۈپ كىرىۋالغانلىقىنى چۈشەندىم. قەلبىمنى ھەيرانلىق قاپلىدى. بۇ كىمكىنە؟ مېنىڭ ئىجازىتىمسىز ئۆيۈمگە كېلەر كۆچۈۋالغانكىنە؟

دەھلىزنىڭ ئىشىكىدىن ئوڭ قولىدا چوكا، سول قولىدا تاماق چىنىسىنى كۆتۈرگەن پاكار بويلۇق بىر يىگىت چىقىپ كەلدى. ئۇ پەشتاقتىن چۈشمەي تۇرۇپلا ئۆھۆ ـ ئۆھۆ قىلىپ يۆتەلدى ۋە كۆچەپ بېشىنى سىلكىپ يەرگە تۈكۈردى. كېيىن ئۇ قاچىدىكى ئاشنى يېيىش ئۈچۈن بويىنىنى يانغا بۇرىغاندا كۆزى ماڭا چۈشتى بولغاي، ھەيرانلىق بىلەن ماڭا تىكىلدى. مەن تېخىچە ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇراتتىم. بىز خېلى ئۇزۇنغىچە بىر ـ بىرىمىزگە بېقىشىپ تۇرۇپ قېلىشتۇق. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۆز خېرىدارىنى ئۇچراتقان كاسات مال سودىگىرىنىڭ كۆزلىرىدەك مۇلايىم ئىدى. مەن ھەيران ئىدىم ۋە ئۇنىڭ ئېغىز ئېچىشىنى كۈتەتتىم. ئۇمۇ خېلى ئۇزۇنغىچە زۇۋان سۈرمەي مېنى كۆزىتىپ تۇردى.

— كىمنى ئىزدەيسەن؟

مەن ئىككى يىل ئىلگىرى چىڭدۇدىكى بىر مەكتەپنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپىدا بىر يىل ئوقۇغانىدىم. شۇڭا مەن بۇ يىگىتنىڭ تەلەپپۇزىدىكى قويۇق سىچۈەن شىۋىسىنى دەرھال بىلىۋالدىم. توۋا، كىمنى ئىزدەيسەن دەيدۇ يا، بۇ قانداق سوئال، ئۆز ئۆيىگە كەلگەن ئادەممۇ بىر كىمنى ئىزدەپ كېلەمدۇ؟

— سىلەر نېمە ئادەم؟

ئۇ ھەيران بولدى ۋە شۇئان مېنىڭ تىل بىلىدىغانلىقىمدىن مەمنۇن بولدى بولغاي، جاۋىلداپ سۆزلەپ كەتتى:

— ئاكام بىلەن ئىككىمىز بىناكارلىق بىلەن شۇغۇللىنىمىز، يەڭگەم ياماقچىلىق قىلىدۇ، ئارىمىزدا چىش ئاغرىقىنى داۋالىيالايدىغانلارمۇ بار، سىز قانداق ئىش قىلالايدىغان ئادەمنى ئىزدەيسىز؟

مەن ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندىم. ئۇ مېنى مەدىكار ئىزدەپ كەلگەن خوجايىن ياكى بىرەر ھاجەت بىلەن كەلگەن كىشى دەپ ئويلاپ قالغانىدى.

— ياق، مەن سەندىن نەدىن كەلدىڭلار، بۇ ئۆيگە قانداق كىردىڭلار، دەپ سوراۋاتىمەن.

ھېلىقى يىگىت نېمىشقىدۇر گەپ قىلالماي قالدى. ئۇ ھەيرانلىقتىن

مەگدەپ قالغانىدى. شۇ ئارىدا ئۆيدىن يەنە ئىككى ئەر، ئىككى ئايال چىقتى. ئەڭ ئاخىرىدا چىققان ئايال ئىككى قولىدا ئىككى بالىنى قۇچاقلىۋالغانىدى. ئەمدىلا بىر ياشتىن ھالقىغان كۆدەكلەر قوشكېزەك بولسا كېرەك، بىر ـ بىرىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. كاللامغا بىردىن «بۇلار پىلانلىق تۇغۇتتىن قاچقان پارتىزانلار ئىكەن» دېگەن پىكىر كەلدى. لېكىن پىكىرلىرىمنى داۋاملاشتۇرالمىدىم. بايا مەن بىلەن سۆزلەشكەن يىگىت ئۇلارغا نېمىلەرنىدۇر دېدى ۋە ماڭا بۇرۇلۇپ:

— سىز نېمە دېمەكچى؟ مەن سىزنىڭ گېپىڭىزنى چۈشىنەلمىدىم ... — دېدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە راستىنلا ھەيرانلىق ئالامەتلىرى چاقناپ تۇراتتى.

— چۈشەنمەيدىغان نېمىسى بار؟ مەن سەندىن بۇ ھويلىغا قانداق كىرىدىڭلار دەپ سوراۋاتىمەن، سەن بىلەمسەن، كىشىلەرنىڭ قۇلۇپىنى چېقىپ ئۆيىگە كىرىش قانۇنغا خىلاپ.

مەن توڭلۇق بىلەن شۇنداق دېدىم ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىنى يېرىپ ئۆتۈپ ئۆي ئىچىگە قاراپ ماڭدىم. مېنىڭ نېمىگىدۇر ئاچچىقىم كەلگەنىدى. ئۇلار پېشايۋاندا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قېلىشتى. ئۆي ئىچىنى كۆرگەندىن كېيىن ئاچچىقىم يەنىمۇ كۆچەيدى. ئاپئاق تاملارغا مىخلار قېقىلغان، پاسكىنا نەرسىلەر چاچرىغان، ئەسكى نەرسىلەر ھەممە يەرگە قالايمىقان تاشلانغان كۆزلىرىمگە ئۆي خۇددى قالايمىقان ئامبارغا، ئاپئاق تاملار بولسا ساتىراشخانىنىڭ تاملىرىغا ئوخشاپ قالغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. غەزىپىم يەنىمۇ كۆچەيدى. ئۇلارنىڭ يوتقان ـ كۆرپە، سومكا ـ خالتا، ئەسۋاب ـ سايمانلىرىنى سىرتقا تاشلاپ، ھازىرلا ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغۇم كېلىپ كەتتى. خالىغانچە قۇلۇپ چېقىپ ئۆيگە كىرىۋالسۇن، يەنە كېلىپ ئۆينى ئاسرىمىسۇن، قانداق يولسىز، بىئەدەپ ئادەملەر بۇ؟ مېنىڭ يەنە نېمىلەرنىدۇر دېگۈم كەلدى. لېكىن نېمىشقىدۇر توختاپ قالدىم. ئىدارىدىكى سىياسىي ئۆگىنىشتە دائىم دېيىلىپ تۇرىدىغان گەپلەر يادىمغا كەلگەنىدى.

— سىلەر بىلەمسىلەر، ئۆي ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز كىشىلەرنىڭ ئۆيىنى خالىغانچە ئىگىلىۋېلىش قانۇنغا خىلاپ! — مەن ئۆيدىن چىقىپ شۇنداق دېدىم، نېمىشقىدۇر ئاۋازىم يەنە ۋارقىرىغاندەك چىقىپ كەتتى.

ئۇلار نېمىگىدۇر ھەيران بولۇشقان ھالدا چۇۋۇلدىشىپ، ئۆزئارا نېمىلەرنىدۇر دېيىشتى. مېنىڭ غەزىپىم ئۆرلەپ تۇرغاچقا، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالماي يەنە ۋارقىرىدىم:

— دەرھال كۆچۈپ كېتىڭلار، نېمىدېگەن يولسىزلىق بۇ!

— سەن نېمە ئادەم؟ بىزنى قوغلاشقا نېمە ھەققىڭ بار؟ — ھېلىقى قارا چاچلىق يىگىتنىڭ كۆزلىرىدىكى مۇلايىملىق پۈتۈنلەي ئۆچكەن، ئۇنىڭ ئورنىنى ئاللىقانداق مەنسىتمەسلىك نۇرلىرى ئىگىلىگەنىدى. ئۇ خوجايىنلارچە تەلەپپۇز بىلەن ۋارقىرىدى، — بىز بۇ ئۆينى ئىجارىگە ئالدۇق. سېنىڭ بىزنى قوغلاشقا ھەققىڭ يوق.

— كىمدىن ئىجارىگە ئالدىڭلار؟ ئۆينىڭ ئىگىسى مانا مەن. كىمكەن ئۇ

www.uyghurkitap.com

مەندىن بىسوراق ئۆيۈمنى ئىجارىگە بىرىدىغان؟ قانداق گەپ بۇ، تېخى مەندىن بەكرەك ۋارقىرايسىنا!

— بىز سىنى تونۇمايمىز.

— مەنمۇ سىنى تونۇمايمەن.

— ئىجارىگە ئالغان ئۆيدە ئولتۇرۇشقا هوقۇقلۇقمىز.

— ماڭ ساقچىغا! ئىشنى ساقچى ئايرىسۇن.

— بارساق باردۇق، بىز ساقچىدىن قورقىدىغان جىنايەتچى ئەمەس.

— ماڭ ئەمسە.

ساقچى ئىدارىسىدە ئۈچ ئادەم قۇشقاچتەك جاۋۇلدىشىپ نۆۋەتچى ساقچىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلدۇق. ساقچى بىزنىڭ گەپلىرىمىزنى چۈشىنەلمىگەندەك هاڭۋىقىپ قاراپ تۇراتتى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ھېلىلا يولدىن ئۆتكەچ ئىدارىدىكى ئۆيۈمدىن ئېلىۋالغان «ئۆيگە ئىگىدارچىلىق قىلىش كىنىشكىسى»نى نۆۋەتچى ساقچىنىڭ ئالدىغا قويدۇم. بۇ گۇۋاھنامە مېنىڭ ئاشۇ يېڭى ئۆيگە بولغان قانۇنىي ئىگىدارچىلىق هوقۇقىمنى تولۇق ئىسپاتلايتتى. قارا چاچلىقنىڭ ئاكىسىمۇ يانچۇقىدىن بىر ۋاراق پۈكلەنگەن قەغەزنى چىقىرىپ نۆۋەتچى ساقچىغا ئۇزاتتى.

— مانا بۇ ئۆينى ئىجارىگە ئالغانلىقىمىز توغرىسىدىكى ئىسپات، بۇنى ئۆي ئىگىسى ئىجارە ھەققىنى تاپشۇرۇۋالغاندا يېزىپ بەرگەن.

نۆۋەتچى ساقچى قەغەزگە تىكىلدى. مەنمۇ يان تەرەپتىن بويۇنۇمنى سوزۇپ قەغەزگە نېمىلەر يېزىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا تىرىشتىم. خەت سىزىقسىز ئاق قەغەزگە قىڭغىر ـ سىڭغىر ھەرپلەر بىلەن

تولىمۇ سەت ۋە قالايمىقان يېزىلغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ بىر ئىزلاپ قىلىپ ئۇنى تولۇق ئوقۇپ چىقتىم.

«ھۆججەت

سىچۇەندىن كەلگەن جاڭ فامىلىلىك ئاكا ـ ئۇكىلارغا بەش ئېغىزلىق ئۆيۈمنى ئالتە ئايلىق ئىجارىگە بېرىپ، ئىجارە ھەققى ئۈچۈن بىر يۈز يىگىرمە يۈەن تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇلار ھويلىدىكى بىكار يەرگە كۆكتات تېرىپ پايدىلانسا بولىدۇ. ئەگەر ئۆرۈك، شاپتۇل، ئالمىلارنى ئىستېمال قىلسا، ئۇنىڭ ھەققى ئايرىم ھېسابلىنىدۇ.

ھۆججەت بەرگۈچى نىياز»

مەن ھۆججەتكە قاراپ تۇرۇپ كەتتىم. كۆزۈم ھۆججەتنىڭ ئاخىرىدىكى ئاشۇ «نىياز» دېگەن ئىسىمغا تىكىلىپ قالغانىدى. ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئەل ـ ئاغىنىلىرىمنىڭ ئىچىدە نىياز ئىسىملىك بىرمۇ ئادەم يوق. بۇ قايسى نىيازكىنە؟ ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى قەيەردىن ئالغاندۇ؟ ۋاي خۇدايىمەي، قانچە ئەسلەپمۇ ھېلىقى «نىياز»نى يادىمغا ئالالمىدىم. ئەقلىم لال ئىدى. نۆۋەتچى ساقچىنىڭ ئىستىھزا ئارىلاش كۈلۈمسىرىشى دىققىتىمنى بۆلۈۋەتتى. ئۇ ھېلىقى ئىشلەمچىلەرگە مۇراجىئەت قىلدى.

— سىلەر ئالدىنىپسىلەر، بىز بۇنداق ھۆججەتنى بۇرۇنمۇ كۆرگەن، بۇنداق دېلونى بۇرۇنمۇ ئۇچراتقانىدۇق. بىز ئىزدەپ يۈرگەن ئالدامچى سىلەرنىمۇ ئالداپ كېتىپتۇ. شەھىرىمىزدە ھەقىقەتەنمۇ باشقىلارنىڭ بوش قالغان ئۆيىنى ئىجارىگە بېرىپ يۈرگەن ئالدامچى بار. جاڭ فامىلىلىك ئاكا ـ ئۇكىلار

چۈرقىرىشىپ كەتتى.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دەپ ئىككىسى تەڭلا ساقچىغا خىتاب قىلىشتى.

— قانداق قىلاتتىڭلار، قانۇنىي رەسمىيەت بېجىرمەي ئۆي ئىجارىگە ئالغانلىقىڭلار ئۈچۈن زىيانغا ئۆزۈڭلار ئىگە بولىسىلەر، ئۆي ماۋۇ كىشىنىڭ.

ھېلىقى قارا چاچلىقنىڭ كۆزلىرىدىكى خوجايىنلارچە ھاكاۋۇرلۇق ئالىمقاچان ئۆچكەن، ئۇنىڭ ئورنىنى پۇشايمان ئىگىلىگەنىدى. ئاكىسى ئۇنىڭغا تاپا قىلىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئاۋازىدىن ئالىمقانداق بىچارىلىك چىقىپ تۇراتتى.

— بىز ئېلىپ كەلگەن پۇلىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئۆي ئىجارىسىگە بەرگەنىدۇق. تېخى ئىشمۇ تاپالمىدۇق. ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ پۇل بولمىسا ئەمدى يەنە نەدىن ئۆي ئىجارىگە ئالىمىز؟ بىز تالادا قالىمىزمۇ؟ ۋاي خۇدايىمەي.

زادى قانداق قىلغۇلۇق؟ بۇلار ھەممە پۇلىنى ئالدامچىغا ئالدۇرۇپ قويۇپتۇ. ئالدامچى يازغان ھۆججەتمۇ تۇرۇپتۇ. ئەمدى بۇلاردا نېمە گۇناھ؟

مېنىڭ ئاچچىقىم خېلىلا يانغانىدى. ھەتتا ئالدانغان مۇشۇ بىچارە ئىشلەمچىلەرگە ئىچىممۇ ئاغرىپ قالدى. لېكىن قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قېتىدا ھېسداشلىق بىلەن يېڭى ئۆيگە قىيالماسلىق تۇيغۇسى كۈرەشمەكتە ئىدى. زادى قانداق قىلغۇلۇق؟

نۆۋەتچى ساقچىمۇ تەڭلىكتە قالغانىدى. ئۇلارغا دەرھال ئۆينى بىكارلا دېسۇنمۇ؟ ئۇنداقتا بۇ پۇلسىز بىچارىلەر نەگە بارىدۇ؟ پۇل تۆلەپسەن، ئالدامچىنى تاپقۇچە ئولتۇرۇۋەر دېسۇنمۇ؟ ئۇنداقتا ئۆي ئىگىسى قايىل بولارمۇ؟

ئۇ بىردەم ماڭا، بىردەم جاڭ فامىلىلىك ئاكا - ئۇكىلارغا قارايتتى، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەيۋاتقانلىقى كۆزلىرىدىن چىقىپ تۇراتتى.

— قانداق قىلىمىز؟

مەن ئۇندىمەي ئولتۇرۇۋالدىم. نۆۋەتچى ساقچى ماڭا بىرھازا تىكىلىپ قاراپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى ۋە ھايال ئۆتمەي ئىدارە باشلىقىنى باشلاپ كىردى. مەن ئۇنى تونۇيتتىم، كۆرۈشتۇق. ئىدارە باشلىقى نۆۋەتچىنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بېشىنى بىرىنچى قېتىم قاشلىدى. ئارقىدىن جاڭ فامىلىلىك ئاكا - ئۇكىلارغا بىرتالاي تاپا - تەنە قىلدى. ئۇندىن كېيىن بېشىنى ئىككىنچى قېتىم قاشلاپ ماڭا بۇرۇلدى. ئۇنىڭ بېشىنى قاشلىشىدىن مەسىلىنى زىخمۇ - كاۋاپمۇ كۆيمىگۈدەك ھەل قىلىش چارىسىنى ئىزدەۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. ئۇ بېشىنى خېلى ئۇزۇنغىچە قاشلىدى.

— ھازىرچە سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە ئولتۇرۇپ تۇرسا قانداق بولار؟ قاراڭ، بۇ بىچارىلەرنى تالاغا ھەيدىۋەتكىلى بولماس، بىز ئالدامچىنى تاپقاندىن كېيىن...

— مېنىڭ ئۆيۈمنى ئىجارىگە بېرىش نىيىتىم يوق.

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن بۇلار يىراقتىن كەپتۇ. كېلىپلا ئالدامچىغا ئۇچراپتۇ. بىز قاراپ تۇرۇپ ئۇلارنى تاشلىۋەتسەك، ئۇلارنىڭ ھالى بىلەن كارىمىز بولمىسا بولامدۇ؟

شۇندىن كېيىن ئىدارە باشلىقى بېشىنى ئۈچىنچى قېتىم، تۆتىنچى قېتىم ۋە يەنە قايتا ـ قايتا قاشلىدى. مەن ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئىدارىدا ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم ئوقۇلىدىغان ھۆججەتلەرنىڭ روھىنى، ئىشلىرىمىزنىڭ غەلىبە قىلىشىنىڭ كاپالىتىنى، ئىككى ئايرىلماسلىق سىياسىتىنى، سىنىپىي مېھىر ـ مۇھەببەتنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەھمىيىتىنى ئاڭلىدىم. ئىدارە باشلىقى دولامغا بىر قېتىم، ئىككى قېتىم ۋە قايتا ـ قايتا دوستانە شاپىلاقلاپ قويدى. مەن ئاستا ـ ئاستا ئېرىپ باراتتىم. كۆڭلۈمدىكى تۈگۈچلەر يېشىلىپ باراتتى. ئاخىرى قايىل بولدۇم.

— مەيلى، ئولتۇرۇپ تۇرسۇن، ئۇنىڭسىزمۇ ھازىرچە كۆچۈپ چىقىش نىيىتىم يوق.

— ھەي يىگىت، مانا بۇ گېپىڭ قاملاشتى، — ئىدارە باشلىقى دولامغا ئاخىرقى قېتىم شاپىلاقلاپ قويدى.

جاڭ فامىلىلىك ئاكا ـ ئۇكىلار مېنىڭ ماقۇل بولغانلىقىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇلار نېمە دېيىشىنى، نېمىدەپ رەھمەت ئېيتىشىنى بىلەلمەي قالغاندەك ئىدى.

— بىز ئىشلا تاپالىساق سىزگە ئۆي ئىجارىسىنى تولۇقلاپ تاپشۇرىمىز، سىزنى ھەرگىز زىيان تارتقۇزمايمىز.

شۇئانلا «مەرد بولساڭ ئاخىرىغىچە بول» دېگەن سۆز يادىمغا كەلدى.

— ياق، سىلەردىن ئۆي ئىجارىسى ئالمايمەن، ئولتۇرۇۋېرىڭلار، ئالدامچى يازغان ھۆججەتتىكى مۆھلەت توشقىچە ئولتۇرۇۋېرىڭلار. ئۆز يۇرتلۇقۇم سادىر قىلغان سەتچىلىككە ئۆزۈم جاۋابكار بولمىسام بولامدۇ، ئاشۇ ھۆججەت كۈچكە ئىگە بولسۇن.

مەن ساقچى ئىدارىسىدىن قايتىپ كەلدىم. كىشىلەرگە قىلغان ياخشىلىق ئۆزۈڭگىمۇ شادلىق بەخش ئېتىدۇ، دېگەن گەپ راست بولسا كېرەك، كۆڭلۈمدىكى غەشلىكلەر پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. كىچىككىنە ماجىرا، دەسلەپ پەيدا بولغان ئايرىلىپ قېلىش تۇيغۇسى — ھەممىسى ئۇنتۇلغانىدى. مەن ئۆزۈمنى يېنىك ھېس قىلدىم.

شۇنداق قىلىپ ھېلىقى مۇساپىر ئىشلەمچىلەرنى يېڭى ئۆيۈمدە ئولتۇرغۇزۇپ قالدىم.

ئۆرۈك ئاستا ـ ئاستا چېچەكلەيدۇ. قەھرىتان قىشنى، ئىزغىرىن شاماللىق ئەتىيازنى باشتىن كەچۈرىدۇ. باھار پەيتى كەلگەندە قىزغۇچ بىخ چىقىرىپ، ئارقىدىنلا ئاپئاق بولۇپ ئېچىلىدۇ. چېچەكلەرنىڭ يامغۇردىن كېيىنكى تۇماندەك ئاق، پاكىز، گۈزەل كۆرۈنۈشى تاكى كېيىنكى يىلغىچە ئۇنتۇلمايدۇ. خۇش ھىدىدىن ھاسىل بولغان يېقىملىق تۇيغۇ ئۇزۇن يىللارغىچە خاتىرەڭدە ساقلىنىدۇ.

شۇنداق قىلىپ جاڭ فامىلىلىك ئاكا ـ ئۇكىلارنى يېڭى ئۆيۈمدە ئولتۇرغۇزۇپ قالدىم. يېڭى ئۆي، يېڭى ئۆينىڭ ئالدىدىكى يېڭى باغچا تولىمۇ گۈزەللىشىپ كەتتى. ھەر قېتىم يېڭى ئۆيگە چىققىنىمدا ئۇ يەردىن زادىلا ئايرىلغۇم كەلمەيتتى. ئىدارىدىكى قىستاڭ، دىمىق ئۆيۈمگە سېلىشتۇرغاندا، يېڭى ئۆي ھەقىقەتەنمۇ جەننەت ئىدى. راست، يېڭى ئۆيدە ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، كىچىك

www.uyghurkitap.com

بالىنىڭ قىقىراپ يىغلىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. لېكىن ئۇلارغا ئەمدى خېلىلا كۆنۈپ كەتكەنىدىم.

ئەمدى مەن ئۇلارغا ئالىقاچان ئىش تېپىپ بەرگەنىدىم. ئىدارىمىزدا يېڭى قۇرۇلغان مۇلازىمەت شىركىتى ئۈچۈن كىچىككىنە بىنا سالماقچى ئىدۇق. مېنىڭ تەكلىپىم بىلەن قۇرۇلۇشنى جاڭ فامىلىلىكلەرگە ھۆددىگە بېرىش دەرھال ماقۇللاندى.

شۇنداق قىلىپ جاڭ فامىلىلىكلەرگە ئىش تېپىپ بەردىم. پىلان كومىتېتى، ئۆي باشقۇرۇش ئىدارىسى، قۇرۇلۇش باشقارمىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ تەستىقىنىمۇ ئۆزۈم ھەل قىلىپ بەردىم. گەرچە بۇ ئاران ئەللىك مىڭ يۈەنلىك كىچىك قۇرۇلۇش بولسىمۇ، تۆت كىشىلىك قۇرۇلۇش ئەترىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا ئاز ئىش ئەمەس ئىدى. بۇ ئىش تۈگىسە يەنە ئىش تېپىلاتتى. بىر ئىدارە دېگەندە ئىش تۈگەپ قالمايتتى. پەقەتلا پۇتىنى ئاشۇ يەرگە تىقىۋېلىش مۇھىم ئىدى. ئۇندىن كېيىن ئىش يۈرۈشۈپ كېتەتتى. بولۇپمۇ مەن بوغالتىرلىق ئورنىمدىن پايدىلىنىپ ئۇلارغا داۋاملىق ئىش تېپىپ بېرەلىشىمگە ئىشىنەتتىم.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئىشقا چۈشتى. جاڭ فامىلىلىك ئاكا-ئۇكا ۋە ئۇلارنىڭ يۇرتداشلىرىدىن بىر خارەت يىگىت، جىمى ئاغرىقىنى داۋالىيالايدىغان ھېلىقى قىز مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ ئاشخانا-ماگىزىنلىرىنى سېلىشقا باشلىدى. پەقەت چوڭ جاڭنىڭ ئايالىلا قۇرۇلۇشقا كەلمىدى. ئۇ تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدا ئولتۇرۇپ، قوشكېزەك بالىلىرىنى باققاچ ياماق ياماتتى.

بىكار ۋاقتىم بولسىلا، قۇرۇلۇش ئورنىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلىشىگە قاراپ ئولتۇراتتىم. قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى ئەرزانراق سېتىۋېلىش مۇمكىنچىلىكلىرى ھەققىدە مەسلىھەت بېرەتتىم. ئۇلار بىلەن مۇڭدىشىپ، يۇرتىنىڭ، ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشاتتىم. ئۇلار توختىماي ئىشلەيتتى. تاڭدىن تارتىپ شامغىچە دەم ئالمايتتى. ھېيت-بايرام، يەكشەنبە دېگەننى بىلمەيتتى. بوران-چاپقۇن، يامغۇر-يېشىنغا پىسەنت قىلمايتتى. گويا ئىشلەش ئۈچۈنلا، جاپا چېكىش ئۈچۈنلا يارىتىلغاندەك كۆرۈنەتتى. مەن ئۇلارغا قاراپ ئولتۇرغىنىمدا خۇددى ئىشچانلىقنىڭ، چىدامنىڭ، قەيسەرلىكنىڭ نەمۇنىسىنى كۆرگەندەك بولاتتىم. كىچىك جاڭ بىلەن دەسلەپكى ئۇچرىشىشتا پەيدا بولغان ئازازلىق ئالىقاچان كۆڭلىمىزدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. ھازىر ماڭا ھەممىدىن كۆپرەك ئاشۇ كىچىك جاڭ پاراڭ قىلىپ بېرەتتى. ئىشنىمۇ توختاتمايتتى، پارىڭىنىمۇ توختاتمايتتى. مەن ئۇنىڭغا ئىش بىلەن دەم ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى قارىشىمنى ئېيتقىنىمدا، كىچىك جاڭ: «بىر مىلياردتىن ئارتۇق ئادەم ھايات مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىۋاتقان بۇ زېمىندا بوشاڭلىق قىلىشقا زادىلا بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. يۇرتىدىكى چاغلاردا بولۇپ ئۆتكەن ۋە جاھان كېزىپ يۈرگەن چاغلاردا ئۇچراتقان ئىش تاللىشىشقا دائىر ۋەقەلەرنى

ھېكايە قىلدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ھەسرەت پۇراپ تۇراتتى. ھاياتىنىڭ رەھىمسىزلىكىدىن ئاغرىنىشمۇ چىقىپ تۇراتتى. بەزى-بەزىدە «مىليونلىغان چۈمۈلىنىڭ قۇرۇق سۆڭەكنى غاجىلىشى» دېگەن گەپنى تەكرارلاپ قوياتتى. ئۇنىڭ ھېكايىسى تولىمۇ ئۇزۇن ئىدى، ئۇ ئۆزى، ھەمراھلىرى ھەققىدىكى ھېكايىلارنى سۆزلەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكۇملارغا كىرىش قىستاڭچىلىقىدا سىقىپ چىقىرىلغانلىقى ھەققىدە، كادىر بولۇش قىستاڭچىلىقىدا، ئىشچىلىققا ئۆتۈش قىستاڭچىلىقىدا مەغلۇپ بولغانلىقى ھەققىدە، سودا-تىجارەت قىستاڭچىلىقىدا خاراب بولغانلىقى ھەققىدە، يەنە ئاللىقانداق قىستاڭچىلىقلار ھەققىدە ھېكايە قىلاتتى.

مەن ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاۋاتقىنىمدا، قەلبىمدە ئاللىقانداق ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇسى باش كۆتۈرەتتى. «مۇساپىرنىڭ بېشىنى سىيلىماق ساۋابتۇر» دېگەن دىنىي ئەقىدىنى يادىمغا ئېلىپ، ئۇلارغا كىچىككىنە بولسىمۇ ياردەم قىلالىغانلىقىمدىن خۇرسەن بولۇپ قالاتتىم.

ئۆرۈك ھەر يىلى بىر قېتىم چېچەكلەيدۇ. ئىتتىپاقلىق گۈلى پەرۋىشسىز قالمىسىلا مەڭگۈ چېچەكلەپ تۇرۇشى مۇمكىن. لېكىن ھايات گۈلى ئۇنداق ئەمەس. ئۇ بىر كىشى ئۈچۈن پەقەت بىرلا قېتىم چېچەكلەيدۇ.

ماي ئېيى باشلىنىپ، تەشتەكنىڭ ئۈستىگە تىكىلگەن قىزىلگۈللەر پورەكلەپ ئېچىلغان چاغدا، يېڭى ئۆيىنىڭ ھويلىسىدىكى يېڭى باغ يەنىمۇ گۈزەللىشىپ كەتتى. زۇمرەتتەك يېشىل ياپراقلار، ئوتقاشتەك قىزىلگۈللەر، ئىپاردەك خۇش ھىد، باھار قۇشلىرىنىڭ مۇزىكىدەك يېقىملىق سايراشلىرى كۆزگە راھەت، دىماغقا ھوزۇر، قۇلاققا ئارام بېغىشلاپ تۇراتتى. مەن ھەر قېتىم ئاشۇ «ئۆرۈكلۈك داچا» غا چىققىنىمدا، ئۇ يەردىن زادىلا ئايرىلغىم كەلمەيتتى. ئاشۇ گۈزەللىك ئىچىگە كۆچۈپ چىققۇم، ئۇنىڭدىن يەتكۈچە راھەتلەنگۈم كېلەتتى.

مەن جاڭ فامىلىلىك ئاشۇ ئاقۇنلار كومپانىيىسىدىكىلەر بىلەن ئاللىقاچان دوستلىشىپ كەتكەنىدىم. بىزدە «ئۆزى يىراق، كۆڭۈلدىن يىراق» دېگەن گەپ بار. ئۇنىڭ ئەكسىنى يادىمىزغا ئالساق «ئۆزى يېقىن، كۆڭۈلگە يېقىن» بولىدىكەن. ھەر كۈنى تەكرار-تەكرار بولۇپ تۇرغان ئۇچرىشىش، مۇڭدىشىش، سىردىشىش ئۇلارنى ئاستا-ئاستا قەلبىمنىڭ تۆرىگە باشلاپ كىرىپ باراتتى. ئۇلار ئادەم سۈپىتىدە سالاملىشىشقا، دوست سۈپىتىدە ساداقەت كۆرسىتىشكە، ۋاپادار سۈپىتىدە سىردىشىشقا لايىق كىشىلەر ئىدى. مەن ئاستا-ئاستا ئاشۇلارنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدىم. ئۇلارنىڭ قەلبىمدىكى ئورنىمۇ بارغانسېرى چوڭقۇرلاشقانىدى. ئەمدى كۆچۈپ چىقىپ ئاشۇ دوستلىرىمنى قىستاپ قويسام بولارمۇ؟ ھەر خىل قىستاڭچىلىقلارنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان ئاشۇ بىچارىلەر ئازراق بولسىمۇ ئازادىچىلىكنىڭ راھىتىنى ھېس قىلمىسۇنمۇ؟

مەن كۆچۈپ چىقىشنى ئارقىغا سۈرەپ كېلەتتىم. لېكىن كۆچۈپ چىقمايمۇ بولمىدى. بۇنى ئەمدى نېمىدەپ

چۈشەندۈرەي؟ كۆپ ئىشلار ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە بېقىنمايدىكەن. كۆڭۈل ئارزۇسىنى نەلەرگىدۇر ئىرغىتىپ تاشلايدىكەن.

شۇنداق قىلىپ يېڭى ئۆيگە كۆچۈپمۇ چىقتىم. «كۆڭۈل ئازادە بولسا، بىر توپ بۇيىنىڭ تۈۋىدە مىڭ توشقان سايىدىيالايدۇ» دېگەن گەپ بىكار ئېيتىلمىغانىكەن. بەش ئېغىز ئۆيگە ئازادە سىغىشىپ كەتتۇق. ئۆي كۆچكەن كۈنى ئۇلار پۈتۈن يېرىم كۈن ئىش توختىتىپ ئۆي جابدۇقلىرىنى يۆتكەشكە ياردەملەشتى. كۈلكە - چاقچاق ئۈزۈلمىدى. كۆڭۈللەرنىڭ چوڭقۇر يېرىگە ئورۇنلىشىپ قالغان ھېكايىلار توختاۋسىز سۆزلىنىپ تۇردى. ھارغانلىقىمنىمۇ، بىر ئوغلاقلىق ئۆچكىنىڭ زىيان بولغانلىقىنىمۇ ھېس قىلمىدىم. خۇشاللىقتىن تېرەمگە سىغمايلا قالغاندىم. جاڭ خارەت بىلەن جاڭ چىش دوختۇرى ئۆي سەرەمجانلاشتۇرۇش ۋە ھازىرقى زامان ئۆي جاھازلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ژۇرناللارنى ئوقۇغانىكەن. ئۇلار ئىككىسى تەييار جاھازلار بىلەنلا ئۆيىنى تولىمۇ باپ ۋە قولايلىق قىلىپ سەرەمجانلاشتۇرۇپ چىقتى. ئۆي خۇددى بىناكارلىق ئىنژېنېرىنىڭ ئۆيىدەك ئازادە ۋە راھەت تۇيۇلاتتى.

لېكىن يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ چىققان ئاشۇ تۈنجى كېچىدىلا پېشكەللىككە يولۇقتۇم. كېچىچە زادىلا ئۇيقۇم كەلمىدى. قۇلىقىمغا ئاللىقانداق شىرىقلىغان، ۋىڭىلدىغان، گۈڭۈلدىغان، گىژىلدىغان ئاۋازلار ئاڭلانغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇيقۇم قاچقانسېرى نېرۋىلىرىم سەگەكلىشىپ كېتىۋاتاتتى. چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىپ ياتقان بولسامۇ، كۆزۈمگە ئۇششاق ئەينەكسىمان پارقىراق نەرسىلەر، قەبرىستانلىقتىكى خادىلارغا ئېسىپ قويۇلىدىغان رەڭلىك لاتا - پۇرۇچلار ۋە ئادەم ئىسكىلىتلىرى كۆرۈنەتتى.

تۈن يېرىمغا يېقىنلاشقاندا بىردىن چىشىم قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. ئىختىيارسىز ئېڭراپ تاشلىدىم. چىشىمنىڭ ئاغرىقى ماڭا چىدىغۇسىز ئازاب سالاتتى. چىشلىرىم كاسىلداپ، نېرۋىلىرىم قاراسلاپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى. ئۆيدە دورىمۇ، ھەتتا چىش ئاغرىغاندا ئېغىزنى چايقىسا ئارام بېرىدىغان تۇزمۇ يوق ئىدى. ئامال يوق. چىشىمنى چىشىمغا زەرب بىلەن باستىم. كارىۋاتنىڭ پولات جازىسىغا چىشىمنى چاقتىم. نەدىندۇر بىر دانە سىزغۇچنى ئېلىپ غەزەپ بىلەن چىشىمغا ئۇردۇم. ئاغرىق پەسىيىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئاغرىقتىن ئېڭرايتتىم. ئۆزۈمنى ھەر تەرەپكە تاشلاپ تولغىناتتىم. بىردىن يۈز - كۆزۈم كۆپۈۋاتقاندەك، ئېغىرلىشىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. كۆزۈمنى ئاچالمايدىغان ھالغا يەتتىم. ئاخىرى چىراغنى ياندۇرۇپ تامغا قېقىلغان ئەينەكنىڭ ئالدىغا باردىم. كۆزۈمنى مىڭ تەستە ئېچىپ، ئېچىلغان كىچىككىنە يوچۇقتىن ئەينەككە قارىدىم. تۇۋا، ئاشۇ قاپاقتەك ئىششىپ كەتكەن باش - كۆز مېنىڭمۇ؟ دىققەت بىلەن قارىدىم: يۈزۈملا ئەمەس، بېشىممۇ ئىششىپ كەتكەنىدى. بوينۇمنىڭ ئۈستىدىكى ئاشۇ كىچىككىنە باش ئىششىپ - كۆپۈپ يوغان قاپاققا ئايلانغان، ئۇ خۇددى كاتتا بىر گلوبۇسنى

www.uyghurkitap.com

بويۇنۇمغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغاندەك كۆرۈنەتتى. تووۋا خۇدايىم، باش دېگەننىمۇ شۇنداق بىھېساب ئىششىدىكەن - ھە. مەن ئەينەك ئالدىدىن يىراقلىشىپ، كارىۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلىدىم. ئاغرىق ماڭا تىنىم بەرمەي ئازاب سالاتتى. ئۆزۈمنى ھەر تەرەپكە تاشلايتتىم، ئىڭرايتتىم. تۇيۇقسىز قۇلىقىمغا كىچىك بالىنىڭ يىغىسى ئاڭلاندى. بۇ چوڭ جاڭنىڭ قوشكېزەكلىرىنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئاھ، مەرھەمەتلىك خۇدا، مېنىڭ قوشنىلىرىم بار ئىكەن ئەمەسمۇ؟ نېمىشقا ئۇلارنى ئەسكە ئالمىدىم؟ كۆزۈم ئىششىق دەستىدىن پۈتۈنلەي پۈتۈپ كەتكەن: شۇڭا ئىشىكنى تاپالىشىمغا ئىشەنچىم يوق ئىدى. تامنى گۈپۈلدىتىپ ئۇردۇم: قايتا - قايتا ئۇردۇم. ئۇلار ئىشىك تۈۋىگە كەلگەندە ئاندىن ئۇھ دېدىم. ئۆيدىكى چىراغ يېنىق بولسا كېرەك، ئۇلارنىڭ تەئەججۈپ بىلەن چۇرقىراشقىنى يادىمدا. ئۇندىن كېيىن نېمە ئىشلار بولغانلىقىنى بىلمەيمەن. كۆزۈم ھېچنېمىنى كۆرمەيتتى. پەقەت سەزگۈلىرىملا ماڭا ئەمەس ئاللىقانداق بىر نىيازغا پۇل تۆلىگەن ئىجارىكەشلىرىمنىڭ ئەتراپىمدا پايىپېتەك بولۇۋاتقانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ تۇراتتى. كىمدۇ ھۆل قىلىنغان لۆڭگە بىلەن ئاشۇ ئىششىپ قاپاقتەك بولۇپ كەتكەن يۈز - كۆزۈمنى سۈرتەتتى. كىمدۇ ئىششىق دەستىدىن نەدە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئاغزىمنى يېرىپ ئىچىپ نېمىلەرنىدۇ ئىچۈرەتتى. بىرقانچە قېتىم ئوكۇل ئۇرۇلغانلىقىنىمۇ ھېس قىلغاندەك بولدۇم.

— ئۈچ سوتكا قىسقا ۋاقىت ئەمەس ئىكەن. ئاشۇ ئۈچ سوتكا ماڭا تالاي نەرسىلەرنى ھېس قىلدۇردى، چۈشەندۈردى. سىنىپىي مېھرى - مۇھەببەتنى، كىشىلىك ھاياتنىڭ يېقىنلىقىنى، دوستلۇق - ئىتتىپاقلىق گۈلىنىڭ خۇش پۇراقلىقىنى — ھەممىنى چۈشەندۈردى. ھەممىدىن بەكرەك مۇنۇ بىر ھەقىقەتنى چۈشەندىم: «يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشنا ئەۋزەل» ئىكەن. قوشنىسىز، دوست - بۇرادەرسىز، غەمگۇزارسىز تۇرمۇش، تۇرمۇش ئەمەس ئىكەن. ئەي مەرھەمەتلىك خۇدا، مېنى ھەممە قىستاڭچىلىقلاردىن خالاس قىل، پەقەت دوستلار قىستاڭچىلىقىغىلا گىرىپتار بولۇشقا رازىمەن. مېنىڭ دوستلىرىم ئەتراپىمدا خۇددى ئورماندەك سانجاق - سانجاق بولۇپ تۇرسۇن.

ھەمشىرىنىڭ يۇمشاق، ئىسسىق، ئاپئاق قولى تولىمۇ خاسىيەتلىك ئىكەن. بولۇپمۇ ئۇنىڭ تاتلىق كۈلۈمسىرىشى، يېقىملىق تەسەللىلىرى يەنىمۇ بەكرەك خاسىيەتلىك ئىكەن. ئۈچ سوتكىدىن كېيىن ئىشقا بارغىدەك بولدۇم. بېشىمدىن ئۆتكەن ئاشۇ ۋەقەنى ئىشداشلىرىمنىڭ ھەممىسىگە ھېكايە قىلىپ بەردىم. بىر ئاي، ياق، ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك ۋاقىت سۆزلەپ يۈردۈم. ھەقىقەتەنمۇ سۆزلەشكە ئەرزىيدىغان ئىش ئىدى. نەتىجىدە نېمە بولدى دېمەمسىز؟ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئېيى پائالىيىتىدىن خۇلاسە چىقىرىلغاندا خىزمەتداشلىرىم مېنى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى نەمۇنىچىسى» قىلىپ سايلاپ قويۇشتى. خىجىلچىلىقتىن ئۆلگۈدەك بولدۇم. مەن ئاشۇنىڭغا لايىقمۇ؟ شەرەپ مۇنبىرىگە چىقىشقا مۇناسىپ كەلگۈدەك نېمە ئىش

قىلدىم؟ ئەسلىدە بۇ شەرەپكە ھېچنى
ئازابتىن، ئۆلۈمدىن، ۋەھىمىدىن قۇتـ
قۇزغان ئاشۇ غەمگۇزارلار مۇناسىپ ئىدى.
ئۆرۈك ھەر يىلى چېچەكلەيدۇ.
ئۇنىڭ يامغۇردىن كېيىنكى تۇمانىدەك
ئاق، پاكىز، گۈزەل كۆرۈنۈشى تاكى كې-
يىنكى يىلغىچە ئۇنتۇلمايدۇ. مەڭگۇ،
مەڭگۇ ئەستە قېلىشىمۇ مۇمكىن.

سېنتەبىر ئاياغلىشىپ، يېڭى ھويـ
لىمىزنىكى يېڭى باغ ئالتۇن لىباسقا
پۈركىنىشكە باشلىغاندا، دوستلىرىم
بىردىن جۇنەشكە تەرەددۇت قىلىپ قال-
دى. جاڭ خارەت ئىدارىمىزگە ياغاچچى
بولۇپ رەسمىي ئورۇنلاشقان، چىش دا-
ۋالايدىغان ھېلىقى ئاپئاق ھەمشىرىمۇ
دوختۇرخانىغا ئىشقا چۈشۈپ، ئاللىقاچان
ئىدارە ئۆيلىرىگە كۆچۈپ كەتكەنىدى.
ئەمدى جۇنەيدىغىنى پەقەت ئاكا - ئۇكا
جاڭلارلا ئىدى. راست، ساقچى تەرەپ
ھېلىقى مېنىڭ ئۆيۈمنى ئىجارىگە سات-
قان ئالدامچى نىيازنى تېخىچە تۇتالمى-
غانىدى. لېكىن بۇ ئۇلارنىڭ كۆچۈپ
كېتىشىگە سەۋەب بولالامدۇ؟ ئالدامچى-
نىڭ توختامىدا ئالتە ئاي دەپ يېزىل-
غان بولسا، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش كې-
رەكمىكەن؟ ئۇلارغۇ ماڭا ھېچنېمە دې-
مىدى. كۆچۈپ كېتىدىغانلىقىنىمۇ ياكى
قايتىپ كېتىدىغانلىقىنىمۇ ئېيتمىدى.
لېكىن مەن بۇنى ھېس قىلدىم. ئۇلار
گۈلدەك ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ ئۆي
تاملىرىنى ئاقارتتى. پەشتاقلارنىڭ
بۇزۇلغان يەرلىرىنى ئوڭشىدى، گۈل-
نەقىشلەرگە يېڭىدىن سىر بەردى. بۇ
جۇنەپ كېتىشكە قىلىنغان تەييارلىق
ئەمەسمۇ؟ ئالدىنقى قېتىممۇ شۇنداق
بولغان، جاڭ خارەت جۇنەيدىغان چاغدا
خۇددى ئەمدى بۇ ئۆيگە مەڭگۇ كەلمەيـ
دىغاندەك ئۆي جاھازلىرىنى رېمونت
قىلغان، قايتىدىن سىرلىغان، ھەتتا بىر
دانە چىرايلىق چېخ ئۇسلۇبىدا كىتاب
ئىشكاپىمۇ ياساپ قالدۇرغان. جاڭ ھەمشىـ
رىمۇ ھويلا - ئارامالارنى تازىلىغان،
بىر تالاي دورىلارنى قالدۇرۇپ، چىشنى
قانداق ئاسراش ھەققىدە مەسلىھەت
بەرگەن. ئەمدى مۇنۇ ئاكا - ئۇكا جاڭلار-
نىڭ قىلىۋاتقان ئىشىمۇ شۇنىڭغا ئوخـ
شاپراق تۇرمامدۇ؟ مەن ئۇلارنىڭ جۇ-
نەشكە تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى پەرەز
قىلالمامدىمەن؟ كۆڭلۈم نېمىگىدۇر يېرىم
بولغاندەك بولۇپ قالدى. خۇددى ئۇزۇن
يىل كۆنۈپ كەتكەن تۇرمۇش رىتىمى
بۇزۇلۇۋاتقاندەك بىر تۇيغۇ كۆڭلۈمنى
ئارامسىزلاندۇردى. مەن قايتا - قايتا
ئويلىنىپ ئاكا - ئۇكا جاڭلارنى قويۇۋەتـ
مەسلىك قارارىغا كەلدىم.

— سىلەر نېمە قىلاي دەۋاتىسىلەر؟
— ئالتە ئاي توشتى، ئەمدى...
— توشسا نېمە بوپتۇ؟ ئالتە ئاينى
مەن بەلگىلەپ بەرگەنمىدىم؟ ئولتۇرۇ-
ۋېرىڭلار، ئەمدى سوغۇق چۈشەي دې-
گەندە نەگە باراتتىڭلار؟
— سوغۇق چۈشۈشكە باشلىدى.
ئەمدى قايتمىساق بولمايدۇ. كېلەر يىلى
ئەتىيازدا يەنە كېلەرمىز.
— قايتىپ نېمە قىلىسىلەر؟ سو-
غۇقتىن قورقۇپمۇ؟ قورقماڭلار، بىزنىڭ
بۇ يەردە قىش قىسقا، ھەش - پەش دې-
گۈچە ئۆتۈپ كېتىدۇ. بىرىپ - كېلىپ
ئاۋارىچىلىق تارتقاننىڭ نېمە پايدىسى؟
— ئاتا - ئانىلارنى يوقلاپ، خەۋەر

www.uyghurkitap.com

ئېلىپ قويمىساقمۇ بولماس، ئۇلار بىزنىڭ ياردىمىمىزگە موھتاج.

— ياردەمنى بۇ يەردە تۇرۇپمۇ قىلغىلى بولىدۇ. يېقىندىكى ئاينىڭ يورۇقىدىن يىراقتىكى قۇياش يىللىقراق بولىدىغانلىقىنى چۈشىنەمسىلەر؟ پۇللا بولسا، ئۇلارغا جاھاننىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرۇپمۇ ئوبدان ياردەم قىلغىلى بولىدۇ.

مەن ئۇلارنىڭ ئوبدانلا تومپىيىپ قالغان يانچۇقىغا قاراپ قويدۇم. ئۇ يانچۇقلار ئالتە ئاي يازدا خېلى سەمرىپ قالغانىدى. مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ چوڭ جاڭ ئويلاپ تۇرۇپ قالدى. كىچىك جاڭنىڭ بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئىستىھزالىق كۈلۈمسىرىگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدىم. مۇھاكىمىمىز خېلى ئۇزۇنغا سوزۇلدى. مەن ئۇلارنى قايىل قىلىشقا تىرىشاتتىم. ئۇلارمۇ ئارتۇقچە تىرەجەپ تۇرۇۋالمىدى. پەقەت قىش كۈنلىرى ئىش تېپىلماسلىقىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنىلا ئېيتتى.

— ئاتا ـ ئاناڭلارنىڭ تۇرمۇشىغا كېرەكلىك پۇلنى پوچتىدىن ئەۋەتىۋېتىپ داۋاملىق ئىشلەڭلار! بۇ يەردە قىشتىمۇ ئىش تېپىلىدۇ. ئىدارىمىز يېقىندا بىر دانە قول تراكتورى سېتىۋالماقچى. ئەخلەت توشۇيدىغان، پارچە ـ پۇرات ئىشلارنى قىلىدىغان گەپ. مەن ئىدارە رەھبەرلىرى بىلەن سۆزلىشىپ قويدۇم. بىرىڭلار ئاشۇ تراكتورنى ھەيدىسەڭلار بولىدۇ. بۇ ھېچقانچە تەس ئىش ئەمەس. ئۇندىن باشقا پار قازانىغا ئوت قالايدىغان ئىشمۇ بار. ئۇنىڭغىمۇ ئادەم كېرەك. ئىش دېگەن تېپىلىدۇ، نېمىدىن ئەنسىرەيسىلەر؟

ئۇلار ئاخىرى قايىل بولدى. پەقەت قول تراكتورىنى كىمنىڭ ھەيدىشى كېرەكلىكى توغرىسىدىكى تالاش ـ تارتىش خېلى ئۇزۇنغا سوزۇلدى. بۇ كېيىنچە رەسمىيلىشىپ قېلىش ئىمكانىيىتى بار ئىش بولغاچقا مۇھىم ئىدى. كىچىك جاڭ ئاكىسىغا «سەن ھەيدە، بالا ـ چاقىلىق بولۇپ قالدىڭ، ئەمدى مۇقىمراق ئىش قىلمىساڭ بولمايدۇ» دەيتتى. چوڭ جاڭ بولسا ئىنىسىغا ئۆتۈنەتتى. مەن ئۇلارنىڭ تالاش ـ تارتىشىغا ئارىلاشمىدىم. لېكىن ئاشۇ تالاش ـ تارتىشتىن قېرىنداشلىق مېھرىبانلىقىنى، كەڭ قورساقلىقىنىڭ ئۈلگىسىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. كۆڭلۈم نېمىگىدۇر يىلىلىپ قالغاندەك بولدى. ۋاپا ۋە مېھرى ـ مۇھەببەت بار يەردە ئادەمنىڭ كۆڭلى ئەلۋەتتە يىلىلىپ قالاتتى.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار تۇرۇپ قالدى. كۆڭلۈم خۇددى ئۆرۈك چېچىكىدەك پاك ۋە گۈزەل ئىدى. ھېلىقى ئالدامچى نىياز ئۆيۈمنى ئىجارىگە بەرگەن ئاشۇ باھاردىن كېيىن ئۆرۈك يەنە بىرقانچە قېتىم چېچەكلىدى. لېكىن نېمىشقىدۇر ئاشۇ تۇنجى يىلدىكى ئۆرۈك چېچىكى، ئۇنىڭ گۈزەل ۋە نازۇكلۇقى، كۆڭۈللەرنى يايراتقۇچى خۇش پۇرىقى يادىمدىن چىقمايتتى. ئۇ خۇددى مەڭگۈ ئېسىمدە ساقلىنىپ قالىدىغاندەك تۇراتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

مۇھەممەت ئىمىن

# ئەدەبىيات — تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسىمۇ ياكى «ئاپتورنىڭ ئۆز-ئۆزىنى ئىپادىلىشى» مۇ؟

ئەدەبىيات — ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسىمۇ ياكى «ئاپتورنىڭ ئۆز-ئۆزىنى ئىپادىلىشى» مۇ؟ دېگەن بۇ مەسىلىنى بۈگۈنكى كۈندە ئوتتۇرىغا قويۇپ قايتا مۇھاكىمە قىلمىساقمۇ بولاتتى، چۈنكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئەدەبىياتنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى ئىكەنلىكى، ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى ئىكەنلىكى پۈتكۈل ئەدەبىيات تەرەققىيات تارىخى تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان ئوبيېكتىپ ھەقىقەت ئىدى. ئەپسۇسكى، ھازىر بەزى كىشىلەر بۇ توپ قائىدىنى ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. ئۇلار يازغۇچى-سەنئەتكار «دەۋر روھىنىڭ كارنىيى بولۇپ قالماسلىقى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ھېسسىي دۇنياسىنىڭ سىرتىدىكى ئۇلۇغ ئىشلارنى ئىپادىلەش بىلەن بەند بولۇپ كەتمەسلىكى»، «تۇرمۇش قەلبىگە سىڭدۈرگەن سىرنى تېپىشى» كېرەك، «شېئىر شائىرنىڭ قەلب تارىخى»، «شائىرنىڭ ياراتقىنى ئۆزىنىڭ دۇنياسى» دېيىشمەكتە، ھەتتا ئۇلار بۇنى «يېڭى ئېستېتىكا پرىنسىپىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى»، «يېڭى شېئىرىيەت خىتابنامىسى» دەپ ئاتاشماقتا. بىز تۆۋەندە بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلىرىمىزنى يولداشلارنىڭ دىققىتىگە سۇنماقچىمىز.

ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى پەيلاسوپلار، مۇتەپەككۇرلار ۋە ئەدىبلەرنىڭ مەيدانى، دۇنيا قاراشلىرى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتنىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى قاراشلىرىدا غايەت زور ئىختىلاپ ۋە كۈرەشلەر بولغان. بۇنى ئاساسىي جەھەتتىن مۇنداق ئىككى نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. بۇنىڭ بىرى، ئەدەبىيات — ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى دەپ قاراش؛ يەنە بىرى، ئەدەبىيات — ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتسىز، ئۇ تەبىئەت، تۇرمۇشتىن تاشقىرى تۇرىدىغان مەلۇم «مۇتلەق ئىدىيە»، «ئالەم روھى» نىڭ ئىپادىلىنىشى ياكى سەنئەتكارنىڭ «تالانتى»، «ئىلھامى» ۋە «ئوي-پىكرى» نىڭ ئۇرغۇپ چىقىشى ياكى ئاپتورنىڭ «ئۆز-ئۆزى» نى ئىپادىلىشى، دەپ قاراش. ئالدىنقىسى ماتېرىيالىستىك رېئالىستىك كۆز قاراش؛ كېيىنكىسى ئىدېئالىستىك كۆز قاراش. بىر-بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان بۇ ئىككى خىل كۆز قاراش قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە، ھەرقايسى ئەللەر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا گاھى ئاشكارا، گاھى يوشۇرۇن؛ بىر پەسەيگەن، بىر كۆتۈرۈلگەن ھالدا، ئۈزۈلمەي، ھەر خىل قىياپەت، ھەر خىل شەكىل بىلەن مۇھىم بىر ئىدىيىۋى ھالەتنى شەكىللەندۈرۈپ كەلدى، بۇ ھال مەيدانى، دۇنيا قارىشى ئوخشاش بولمىغان پەيلاسوپلار، مۇتەپەككۇرلار ۋە ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە

ھەر خىل يوللار بىلەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. گەرچە بەزىلەر كۆرۈنۈشتە ئەدەبىيات تۇرمۇشنىڭ تەقلىدى ۋە قايتا ئىپادىلىنىشى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىسىمۇ، ئەمما ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ ئۆزى بىر خىل ماددىي مەۋجۇدىيەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي، ئۇنى ئوبيېكتىپ رېئاللىقتىن تاشقىرى تۇرىدىغان «مۇتلەق ئىدىيە»، «ئالەم روھى»، قۇرۇق - غۇۋا «چۈشەنچە» نىڭ ياكى ئىلاھنىڭ ئىجادىيىتى، دەپ قارىدى. بۇ خىل قاراش قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى پلاتوندىن (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 427—347) باشلانغانىدى. پلاتون ئەدەبىياتنىڭ رېئال دۇنيانىڭ تەقلىدى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ - يۇ، ئەمما رېئال دۇنيانى «ئالەم» دىكى دۇنيانىڭ تەقلىدى ۋە كۆلەڭگىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، شۇڭا ئەدەبىيات تەقلىدنىڭ تەقلىدى، كۆلەڭگىنىڭ كۆلەڭگىسى بولۇشى، رېئاللىقتىن ئىككى قەۋەت ئايرىلىپ تۇرۇشى، كىشىلەرگە ھەقىقەتنى تونۇتماسلىقى كېرەك، دەپ قارىدى. ئۇ يەنە ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ بۇلىقى ئىلھامدۇر، شائىرغا چوقۇم شېئىرىيەت ئىلاھى مەدەت بېرىشى كېرەك، شائىر شېئىرىيەت ئىلاھىنىڭ كۈچى ۋە مەدەت بېرىشى بىلەن پەرۋاز قىلغاندىلا ئاندىن ياخشى ئەسەر يارىتالايدۇ، دەپ قاراپ، ئەدەبىياتنىڭ رېئاللىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئايرىپ تاشلىدى. 18 - ئەسىردە ئۆتكەن نېمىس پەيلاسوپى كانت: ماكان، زامان، سەۋەبىيەت، تەبىئەت قانۇنىيىتى قاتارلىقلار تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۆزىدىكى ئالاھىدىلىك ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارنىڭ بىلىش ئىقتىدارىدىكى ئالاھىدىلىك، ئىنسانلارنىڭ بىلىشىدە زاھىر بولغان بارلىق تەبىئەت مەنزىرىسى ئەقىل - پاراسەتنىڭ سۇبيېكتىپ تۈزۈلمىسىدىن ئىبارەت، دەپ قارىدى. كانتنىڭ قارىشىچە، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ماددىيلىقى ئەمەس، بەلكى بىلگۈچى سۇبيېكت — «مەن» كەلتۈرۈپ چىقارغانمىش. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەخلاقشۇناسلىق تەلىماتىدا ئەدەب - ئەخلاقنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئىلاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ۋە جاننىڭ ئۆلمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك، دەپ ھۆكۈم قىلدى. كانت: «تالانت تۇغما قابىلىيەت بولۇپ، ئۇ سەنئەت ئۈچۈن قائىدە - نىزام تۈزۈپ بېرىدۇ»، شۇڭا «گۈزەل سەنئەت تالانت ئىگىسىنىڭ ئەسىرى سۈپىتىدىلا بارلىققا كېلىشى مۇمكىن» دەپ ھېسابلىدى. بۇنىڭ بىلەن كانتمۇ ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى ئىكەنلىكىنى رەت قىلىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتىنىڭ جەريانىنى غەيرىي ئەقلىي، سىرلىق، بىلىپ بولمايدىغان ۋە ھېچقانداق مەنپەئەتنى مەقسەت قىلمايدىغان بىر خىل پائالىيەت، دەپ ھېسابلىدى. ئۇلۇغ نېمىس پەيلاسوپى گېگېل دىئالېكتىك تەرەققىيات نەزەرىيىسىنى تۈزۈش جەھەتتە غايەت زور رول ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ ئىدېئالىزم سىستېمىسى بويىچە بولغاندا، سىرلىق «مۇتلەق ئىدىيە» تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئىنسانلار بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇنلا مەۋجۇت ئىمىش، تەبىئەت دۇنياسى «مۇتلەق ئىدىيە» نىڭ باشقىچە مەۋجۇدىيىتى بولۇپ، بۇ خىل «مۇتلەق ئىدىيە» بارلىق پائالىيەتنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى ئىمىش. گېگېلنىڭ «مۇتلەق ئىدىيە»، «مۇتلەق روھ» دېگەن نەرسىلىرى ئىلاھنىڭ يېڭى نامىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، گېگېل ئىنسانلارنىڭ ئېڭىنى تەبىئەت دۇنياسىدىن ئايرىۋېتىپ،

بۇنداق ئاڭنى مۇستەقىل گەۋدىگە ئايلاندۇردى، ئۇنى ئىلاھلاشتۇردى ھەمدە ئۇنىڭدىن تەبىئەت دۇنياسى، جەمئىيەت، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرمەكچى بولدى. ئەمەلىيەتتە ئادەمدىن ياكى ئادەمنىڭ مېڭىسىدىن ئايرىلغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان بۇنداق «مۇتلەق ئىدىيە» يوق. تەبىئەت دۇنياسى، جەمئىيەت ۋە ئىنسانلارنىڭ ئۆزى ھەرقانداق «ئاڭ - ئىدىيە - چۈشەنچە» گە باغلىق بولمىغان ھالدا تەبىئىي مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، تەرەققىي قىلىدۇ، ئىدىيە (ئاڭ) ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى. شۇڭا گېگېل پەلسەپىسىنىڭ پۈتۈن ئاساسى بىمەنىلىك ۋە پەنگە قارشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىدىيە (ئاڭ) نى تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن ئايرىۋېتىپ، ھەتتا قارىمۇ قارشى قىلىپ قويۇپ، نوقۇل ھالدا «ئەدەبىيات — ئىدىيىنىڭ ھېسسىي گەۋدىلىنىشى» دېگىنى تامامەن خاتا. بۇلاردىن باشقا غەربتە تەسىرى بىرقەدەر چوڭ بولغان شوپېنخۇئېر، بېرگسون، نىتسشې قاتارلىق پەيلاسوپلارنىڭ ماتېرىيالىزمغا قارشى بەزى ئىدېئالىستىك كۆز قاراشلىرى ۋە ئاۋسترىيە دوختۇرى، پسىخولوگ، روھىي تەھلىل قىلغۇچىلارنىڭ ئاساسچىسى فرويدنىڭ پەنگە قارشى بەزى خاتا قاراشلىرىمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بەزىلەرنىڭ ئەدەبىيات ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى، دېگەن قائىدىدىن گۇمانلىنىپ، ئەدەبىيات «ئاپتورنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئىپادىلىشى» دەيدىغان كۆز قاراشنى خاتا ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇشىغا سەۋەب بولدى.

شوپېنخۇئېر (1788 — 1866) گېرمانىيىنىڭ ئىدېئالىستىك پەيلاسوپى، ئۇ ئۆزىنىڭ «دۇنيا ئىرادە ۋە تەسەۋۋۇردۇر» دېگەن ئەسىرىدە دۇنيانىڭ ئىرادىسى دۇنيانىڭ ماھىيىتىدىن ئىبارەت، دېگەن ئىرادىچىلىك نۇقتىئىنەزىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دۇنيانىڭ قارىغۇ، غەيرىي ئەقلىي ۋە بىمەنە ئىرادىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. مەۋجۇداتلارنىڭ ئاساسى غەيرىي ئەقلىي ئىرادىدىن ئىبارەت، دەپ تەبىئەت دۇنياسى ۋە جەمئىيەتنىڭ قانۇنىيەتلىك ئىكەنلىكىنى ھەمدە ئىلمىي، مەنتىقىلىق بىلىشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى چەتكە قاقتى. ئۇ ئىدىيىۋىلىكى بولغان، ئىلغار ۋە رېئالىستىك سەنئەتكە قارشى تۇردى. كىشىلەرنىڭ جان-جان مەنپەئىتىنى چەتكە قاقىدىغان، رېئاللىقتىن يىرگىنىدىغان ئىستېتىزمنى تەرغىپ قىلدى؛ ئۇ دۇنيادىكى ھېچكىمنى، ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنى ئېتىراپ قىلمىدى، ئۇنىڭ پەلسەپە ئاساسى مەنچىلىك بولۇپ، ئۇ: دۇنيا — مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇم؛ بۇ بىر ھەقىقەت، ھايات كەچۈرۈۋاتقان ۋە ھاياتنى چۈشىنىۋاتقان ھەرقانداق بىر جانلىقنىڭ ھەممىسىگە ماس كېلىدىغان قانۇنىيەت، شۇنىڭ ئۈچۈن، سۇبيېكتىپ — بۇ دۇنيانىڭ تۈۋرۈكىدۇر. دۇنيادا تەسەۋۋۇردىن تاشقىرى يەنە بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ماھىيىتىدىن ۋە زامان، ماكان چەكلىمىلىرىدىن ھالقىغان ئۆزىدىكى نەرسە مەۋجۇت، ئۇ ئۆزىدىكى نەرسە ئادەمنىڭ ئۆزى، ئۆز - ئۆزى ياكى «مەن» دىن ئىبارەت، «مەن» مېنىڭ ئىرادەمدىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئىرادە بىر خىل قارىغۇ ئەسەبىي ھاياجان، تەلەپ بولۇپ، ئۇ ئۆزىدىن باشقا ھېچ نەرسە تەرىپىدىن بەلگىلەنمەيدۇ ياكى ھېچ نەرسىنىڭ كونتروللۇقىغا ئۇچرىمايدۇ، ئىرادە ياشاش (ھاياتلىق) ئىرادىسى ۋە جىنس ئىرادىسىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ، ياشاش ئىرادىسى پەقەت جىنس

www.uyghurkitap.com

ئىرادىسى ئارقىلىقلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، جىنسىي ئىرادىسى ھاياتنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەقسىتى ۋە ئەڭ يۇقىرى نىشانى، دەپ ھېسابلىغان. بېرگسون (1859—1941) فىرانسىيىلىك سىرلىقلاشتۇرغۇچى پەيلاسوپ، ئۇنىڭ پەلسەپىسىنىڭ مەركىزى ئىلمىي بىلىشكە، ئىلمىي قانۇنىيەتكە ۋە ئەقلىي، لوگىكىلىق تەپەككۇرغا تۆھمەت قىلىش ۋە ھاقارەت قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. ئۇ، يەن ھەقىقەتنى بىلەلمەيدۇ، لوگىكىلىق تەپەككۇر رېئاللىقنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرەلمەيدۇ، دېگەن بىر نېمىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇندى. ئۇ: غەيرىي ماددىي «ساپ روھ» كائىناتنىڭ نېگىزى، دەپ ھېسابلىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ماددا، زامان، ھەرىكەت «روھ» نىڭ تۈرلۈكچە ئىپادىلىنىش شەكىللىرىدىنلا ئىبارەت ئىمىش. نىتسشى (1844 — 1900) گېرمانىيىنىڭ پەيلاسوپى، ئۇنىڭ پەلسەپىسىمۇ ئىرادىچىلىك بولۇپ، ئۇ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنى ئىنكار قىلىپ «ھوقۇقلۇق ئىرادە» تەبىئەت دۇنياسى ۋە جەمئىيەتتە بولىدىغان بارلىق جەريانلارنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، دەپ قارىدى. ئۇ «ئادەتتىن تاشقىرى كىشىلەر» گە چوقۇنۇشنى تەرغىپ قىلىپ، ھېچنېمىدىن تەپ تارتمايدىغان، بارلىق قانۇن – قائىدىلىرىنى ۋە ئەخلاق قائىدىلىرىنى كۆزگە ئىلمايدىغان ۋەھشىيلەرچە تاجاۋۇزچىلىقنى بازارغا سالدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، قۇل قىلىش «مەدەنىيەتنىڭ ماھىيىتى» ئىمىش، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش بولسا «بارلىق جانلىقلارنىڭ ماھىيىتى» بىلەن باغلىنىشلىقمىش، ئۇ سەنئەت جەھەتتە، «سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت»، «سەنئەت ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ» دەپ ھېسابلىدى. فرويىد (1856 — 1939) نىڭ پسىخولوگىيە ساھەسىدە ئولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيىتى — ئاڭ «ئاڭسىزلىق» نىڭ ئىدارە قىلىشىدا بولىدۇ، «ئاڭسىزلىق» نىڭ مەزمۇنى «جىنسىي مۇھەببەت» تىن ئىبارەت؛ ئاڭ «جىنسىي مۇھەببەت» بىلەن «ئىجتىمائىي مۇھىت» نىڭ توقۇنۇشىدىن پەيدا بولىدۇ؛ بۇ توقۇنۇش ئادەمنىڭ بالىلىق دەۋرىدىلا باشلىنىدۇ، ئۇ ئادەمنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ، كۆپ ھاللاردا ئادەمنىڭ نېرۋىسىنى بۇزىدۇ ياكى سەۋدايى قىلىپ قويىدۇ، دەپ قاراشتىن ئىبارەت بولدى. فرويىد «جىنسىي مۇھەببەت» نى ئادەم ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن پائالىيىتىنىڭ ئاساسى ۋە بىردىنبىر روھىي ھال «قانۇنىيىتى» دەپ قارىدى ھەمدە بۇ «قانۇنىيەت» نى ماددىي تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيىتى بىلەن قارىمۇ قارشى قىلىپ قويدى. ئىلمىي پسىخولوگىيە فرويىد ئېيتقان بۇنداق «ئاڭسىزلىق» نىڭ مەۋجۇتلۇقىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىدۇ ۋە ئاڭنى ماددىينىڭ، يەنى ئادەم مېڭىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى دەپ قارايدۇ. ئىلمىي پسىخولوگىيە جىنسىي مۇھەببەت كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا پەيدا بولىدۇ دېگەنگە ئوخشاش ھۆكۈملەرنى رەت قىلىدۇ، ئادەمنىڭ تەقدىرى جىنسىي مۇھەببەت ياكى باشقا بىرەر «ئامىل» تەرىپىدىن «بەلگىلىنىدۇ» دېگەن قاراشنى چەتكە قاقىدۇ. فرويىد سەنئەت جەھەتتە، سەنئەتنىڭ ماھىيىتى — شېرىن خىيال (ئويغاق ھالەتتە كۆرۈلگەن چۈش)، چۈنكى چۈش مۇھىتىدا ۋەقەنىڭ لوگىكىلىق باغلىنىشى، باش – ئايىغى ئېنىق بولمايدۇ، شۇنداقلا ئۆتمۈش، كېلىچەك مەۋجۇت بولمايدۇ، ئادەم ۋاقىت جەھەتتىن ھازىرقى ۋاقىت دائىرىسىدىلا پائالىيەت ئېلىپ بارالايدۇ، بۇ مۇھىتتا ئەقىل ئەمەس، غەيرىي ئەقىل (جىنسىي ئاڭ) خۇداغا

ئايلىنىدۇ، دەپ قارىغانلىقتىن، سەنئەتنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى جىنسىي ئاڭدىن باشقا
نەرسە ئەمەس، دەپ ھېسابلىدى. ئۇ بەزىدە يەنە ئەدەبىياتنى ئادەم ئاڭسىزلىقىنىڭ
سىمۋوللۇق ئىپادىسى، بىر ئەسەر گويا ئۇخلىماي كۆرگەن چۈشكە ئوخشاش بولۇپ،
ئۇ باللىق چاغلاردا ئوينىغان ئويۇننىڭ داۋامى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئورنىنى ئالغۇچى،
دەپ مۇئەييەنلەشتۈردى. گەرچە فرويدنىڭ پسىخولوگىيە ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن
نەتىجىسى ئاڭسىز ئاڭ بولسىمۇ، ئەمما ئۇ، پسىخولوگىيە دائىرىسىدىن چىقىپ كەتتى.
مەسىلەن، فرويد ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەققىدىكى بايانلىرىدا ئىجادىيەت شەكلى،
پېرسوناژنىڭ يۆنىلىشى، ھېسسىيات خاھىشى، قۇرۇلما تۈزۈلۈشى، ماتېرىياللارنىڭ
تاللىنىشى، تەشكىللىنىشى ۋە باشقا كونكرېت تەپسىلات قاتارلىق جەھەتلەردە ئاڭسىز
ئاڭنىڭ غايەت زور رول ئوينايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى، ئۇ ئىجادىيەت ۋە ئۇنىڭ رولى
ئۈستىدە توختىلىپ، «ئىجادىيەتنىڭ رولى «چىقىرىپ تاشلاش ياكى جىددىيلىكنى
پەسەيتىش» دەپ جاۋاب بەردى. فرويدنىڭ قارىشىچە، مەيلى بەدىئىي ئىجادىيەت
بىلەن شۇغۇللىنىش بولسۇن، مەيلى بەدىئىي ئەسەرلەردىن زوقلىنىش بولسۇن ھەممى
سى ئادەم قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا يوشۇرۇنغان سەزگۈ، رېئاللىقنىڭ بېسىمى ئاس
تىدا تۇنجۇقۇپ تۇرغان ھەر خىل ئارزۇلارنىڭ ئۆزىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن تىرمى
شىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولىدىغان بىر خىل غىدىقلىنىش، جىددىيلىك (ئازاب) نى
پارتلىتىپ چىقىرىپ تاشلاش ياكى پەسەيتىش ئۈچۈنمىش. قىسقىسى، فرويد سەنئەت
نىڭ ھەرقانداق بىلىش قىممىتى ۋە ئېستېتىك قىممىتىنى ئېتىراپ قىلمىدى. ئۇنىڭ
جىنسىي ئاڭنى ئىپادىلەش دېگىنى، ماھىيەتتە، سەنئەتكار «ئۆزى» نى مەركەز قىلىشى،
«ئۆزى» نى ئىپادىلىشى كېرەك دېگەنلىك بولۇپ، سەنئەت ئۈچۈن سەنئەتنى تەكىت
لەشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

دېمەك، يۇقىرىدىكى بىرنەچچە خىل كۆز قاراش گەرچە ئەدەبىياتنىڭ بارلىققا
كېلىشى جەريانىدىكى بەزى ھادىسىلەرگە يېقىنلاشقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەم
مىسى نەتىجىنى سەۋەب قىلىپ كۆرسەتتى، ھادىسىنى ماھىيەت قىلىۋالدى. ئەگەر بىز
يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئادەملەرنىڭ غەزەپ ـ نەپرەتلىرى، قايغۇ ـ ھەسرەتلىرى،
خۇشاللىق ھېسسىياتلىرى نەدىن كەلگەن، ئۇ ئوبيېكتىپ رېئال تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسىمۇ
ياكى كىشىلەر تۇغما ئىقتىدارنىڭ ئىپادىلىنىشىمۇ، دەپ سوئال قويىدىغان بولساق،
بۇ مەسىلىلەرگە يۇقىرىدىكى بىرنەچچە خىل كۆز قاراشلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنىڭ
ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتىدىن ئايرىلىپ نوقۇل ھالدا بىئولوگىيە ياكى پسىخولوگىيە نۇق
تىسىدىنلا جاۋاب بېرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇ كۆزقاراشلارنىڭ ھېچقايسىسى ئەدەبىياتنىڭ
مەنبەسى مەسىلىسىنى ئىلمىي يوسۇندا چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ.

بۇنىڭ ئەكسىچە ئەدەبىياتنىڭ مەنبەسى مەسىلىسىگە پەقەت ماتېرىيالىزمچى
پەيلاسوپلار، مۇتەپەككۇرلەر ۋە ئەدىب ـ سەنئەتكارلارلا ھەقىقىي تۈردە ئىلمىي جاۋاب
بەردى. ئۇلار ئەدەبىيات ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان رېئال ئىجتىمائىي تۇر
مۇشنىڭ قايتا ئىپادىلىنىشى، ئۇنىڭ مەنبەسى پەقەت ئوبيېكتىپ ئىجتىمائىي تۇرمۇش
تىنلا ئىبارەت، دەپ ھېسابلىدي. مەسىلەن، قەدىمكى يۇناننىڭ ئۇلۇغ ماتېرىيالىستىك

www.uyghurkitap.com

پەيلاسوپى دېموكرىت (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 460 – 370) بىلەن قەدىمكى يۇنانىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى ۋە ئېستېتىكا نەزەرىيەچىسى ئارىستوتېلنى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 384 – 322) رېئاللىقنى مۇھاكىمە قىلىشقا ئاساس سالغۇچىلار دېيىش مۇمكىن. ئۇلار ئەدەبىيات رېئاللىقنىڭ تەقلىدى، قايتا ئىپادىلىنىشى، رېئاللىق بولسا، ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان تۇرمۇشنىڭ ئۆزى، دەپ قارىدى. دېموكرىت: «بىز ئۆمۈچۈكتىن رەخت توقۇشنى ۋە ياماشنى ئۆگەندۇق؛ قارلىغاچتىن ئۆي سېلىشنى ئۆگەندۇق؛ ئاق قۇ ۋە سوپسوپىياڭ قاتارلىق قۇشلاردىن ناخشا ئېيتىشنى ئۆگەندۇق» دەپ كۆرسەتتى. ئارىستوتېل «پوئېتىكا» دېگەن داڭلىق ئەسىرىدە تەقلىد قىلىش ئۈستىدە توختالغاندا، تەقلىدنىڭ ئوبيېكتى — «ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئادەم ۋە تۇرمۇش ۋەقەلىكىدۇر»، ئەدەبىيات ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا نىسبەتەن «تەقلىد قىلىش» تۇر، شۇڭا «بۇرۇن بولغان ياكى ھازىر بولۇۋاتقان ئىشلار ۋە رىۋايەتتىكى كىشىلەر ئىشىنىدىغان ئىشلارنى يېزىش كېرەك، ئۇ بولغان ئىشلار بولۇشى لازىم» دەپ قەيت قىلدى. ئەنگلىيىنىڭ ئۇلۇغ دراماتورگى شېكىسپىر (1564 – 1616) ئۆزىنىڭ داڭلىق تراگېدىيىسى «ھاملېت» تا باش قەھرىماننىڭ ئاغزى ئارقىلىق: «دراما پەيدا بولغاندىن بۇيان، ئۇنىڭ مەقسىتى ئىزچىل تۇردە تەبىئەتنى ئەكس ئەتتۈرۈش، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى كۆرسىتىپ بېرىش، ئۆز دەۋرىگە ئۆزىنىڭ ئۆزگىرىپ، تەرەققىي قىلىپ بېرىش مودېلىنى كۆرسىتىپ قويۇشتىن ئىبارەت بولۇپ كەلدى» دەپ كۆرسەتتى. ئىسپانىيە يازغۇچىسى سېرۋانتىس (1547 – 1616) «دونكىخوت» دېگەن رومانىنىڭ مۇقەددىمىسىدە ەدەبىياتنىڭ ئىشى «پەقەت تەبىئەتنى تەقلىد قىلىش بولۇپ، تەبىئەت ئۇنىڭ بىرنىبىر ئۈلگىسى» دەپ كۆرسەتتى. بۈيۈك نېمىس يازغۇچىسى گيۇتې (1749 – 1832): مېنىڭ بارلىق شېئىرلىرىم مەنزىرە زوقىدىن كەلگەن، رېئال تۇرمۇشتىن كەلگەن، رېئال تۇرمۇشتىن پۇختا ئاساسقا ئېرىشكەن، مەن ئەزەلدىن ئاسماندىكى راۋاقتا ئوخشاش شېئىرلارنى كۆزگە ئىلمايمەن» دېگەنىدى. «رېئالىزمنىڭ پىرى» دەپ ئاتالغان فرانسىيە يازغۇچىسى بالزاك (1799 – 1850): «فرانسىيە جەمئىيىتى تارىخچى بولۇپ قالىدۇ، مەن پەقەت ئۇنىڭ كاتىپىلا بولالايمەن»، «مەن نۇرغۇن پاكىتلارنى توپلىدىم، قىزغىنلىقنى ئامىل قىلىپ تۇرۇپ، بۇ پاكىتلارنى ئەينەن تەقلىد قىلىپ يېزىپ چىقىمەن» دەپ ئېيتقانىدى. لېۋ. تولستوي (1828 – 1910) ئۆزىنىڭ ھەمىشە ھەقىقىي ئادەملەرنى يازىدىغانلىقىنى، يازغۇچىلارغا «شەيئىنىڭ ئەسلى قىياپىتى بويىچە شەيئىلەرگە قاراش» ئارقىلىق شەيئىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئۇ مۇشۇ رېئالىستىك قاراش بىلەن ئۆزىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەسىرى — «تىرىلىش» رومانىدا چار پادىشاھ مۇستەبىتلىك تۈزۈمى ئاستىدىكى روسىيە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى ئەينەن تەسۋىرلىدى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ بىر قاتار ئۆلمەس نادىر ئەسەرلىرىدە «روسىيە تۇرمۇشىنىڭ تەڭداشسىز كارتىنىسى» نى ياراتتى. لېنىن: «نەرسە، دۇنيا، مۇھىت بىزگە باغلىق بولمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ تۇيغۇمىز، بىزنىڭ ئېڭىمىز پەقەت تاشقى دۇنيانىڭ ئوبرازى؛ ئۇ، ئۆزىدىن مەلۇمكى، ئىنكاس قىلىنغۇچى ئىنكاس

قىلغۇچىغا باغلىق بولمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ» دەپ كۆرسەتتى. لېنىننىڭ بۇ بايانى ئەدەبىياتنىڭ مەنبەسىنى ئىلمىي ئاساستا شەرھلەشكە ئەمەلىي ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. ئاخىرقى ھېسابتا، ماركسىزملىق ئىنكاس نەزەرىيىسىگە ئاساسەن، ماۋ زېدۇڭ: «خەلق تۇرمۇشىدا ئەدەبىيات – سەنئەتكە خام ئەشيا بولىدىغان قېزىلما بايلىقلار ئەزەلدىن مەۋجۇت، بۇلار تەبىئىي ھالەتتىكى نەرسە؛ خام نەرسە، لېكىن ئەڭ جانلىق، ئەڭ مول، ئەڭ تۈپ نەرسە؛ بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئالدىدا بارلىق ئەدەبىيات – سەنئەت چېنىپ قالىدۇ، ئۇلار بارلىق ئەدەبىيات – سەنئەتنىڭ پۈتمەس – تۈگىمەس، بىر – دىنبىر مەنبەسى. بۇلار بىردىنبىر مەنبە، چۈنكى مۇشۇنداق مەنبەلا بولۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭدىن باشقا ئىككىنچى مەنبە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.» دەپ كۆرسىتىپ، ئەدەبى – ياتنىڭ مەنبەسى مەسىلىسىنى توغرا، مۇكەممەل ۋە ئىلمىي ئاساستا شەرھلەپ بەردى.

ئادەملەر قۇرۇق ساماۋىي دۇنيادا ياشىمايدۇ، بەلكى ئوبيېكتىپ رېئال دۇنيادا ياشايدۇ. ئادەمنىڭ ئىدىيىسى، ھېسسىياتى ھېچقانداق ئاساسسىزلا پەيدا بولمايدۇ، ئۇ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ ئادەم مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى. ئالدى بىلەن، ئوبيېكتىپ تاشقى دۇنيادىكى شەيئىلەر كىشىلەرنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىغا تەسىر قىلىدۇ، سەزگۈ ئەزالار تاشقى دۇنيادىكى شەيئىلەرنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، بۇ تەسىردىن كەلگەن ئۇچۇرنى دەرھال نېرۋا سىستېمىسى ئارقىلىق مېڭىگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مېڭە پائالىيىتى، يەنى تەپەككۇر پائالىيىتى كېلىپ چىقىدۇ، نەتىجىدە ئاڭ پەيدا بولىدۇ. شۇڭا ئاڭ ئادەم مېڭىسىدىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە ماددىنىڭ ئوبيېكتىپ دۇن – يانى ئەكس ئەتتۈرۈشىدۇر، ئاڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ ئادەم مېڭىسىگە كۆچۈرۈلگەن نۇس – خىسى ياكى ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ سۇبيېكتىپ ئوبرازى. ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ بىرخىلى بولغان ئەدەبىياتمۇ ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ كىشىلەر مېڭىسىدىكى ئىنكاسى، ئۇنىڭ مەنبەسىمۇ ئوبيېكتىپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن ئىبارەت. بىز ئادەتتە، ئېسىل ئەدەبىي ئەسەرلەردە مول، رەڭگا رەڭ بىر دۇنيانىڭ، خىلمۇ خىل دۇرەككەپ ئىدىيەۋى ھېسسىياتلارنىڭ ئىپادىلەنگەنلىكىنى كۆرىمىز، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى يازغۇچى – سەنئەتكار ھەرگىز قۇرۇقتىن – قۇرۇق ئويدۇرۇپ چىقارغان ئەمەس ياكى ئۇلار تەبىئەتتىن تاشقىرى بولغان مەلۇم «مۇتلەق ئىدىيە» نىڭ ئىپادىلىنىشىمۇ ئەمەس، شۇنىڭدەك تۇرمۇشنىڭ باشقا تەرەپلىرى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان، ساپ ھالدىكى، ئاپتورنىڭ «سۇبيېكتىپ روھى دۇنياسى» نىڭ ئىپادىلىنىشىمۇ ئەمەس، بەلكى شۇ جايدىكى ئوبيېكتىپ رېئال – لىقنىڭ يازغۇچى مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى. بۇ بىر ئوبيېكتىپ ھەقىقەت. بۇنىڭدىن گۇمانلىنىشقا، بۇنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. دۇنيادا ئەدەبىيات رېئال دۇنيانى چەتكە قاقىدىغان نەرسە سۈپىتىدە قىياس قىلىنسا، بۇنداق قىياس ئابستراكت ۋە بىھۇدە قىياس بولىدۇ. بۇنداق ئەدەبىيات ھېچقانداق ۋاقىتتا، ھېچقانداق جايدا مەۋجۇت بولغان ئەمەس.

بىز يۇقىرىدا ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى ئىكەنلىكىنى نە – زەرىيە جەھەتتىن چۈشەندۇق، ئەمدى بۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدىكە ئۇيغۇن كېلىدىغان – كەلمەيدىغانلىقىنى ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق تەكشۈرۈپ كۆرەيلى.

www.uyghurkitap.com

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئەدەبىي ئىجادىيەت ھادىسىلىرى ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە خىلمۇ خىل بولىدۇ. مەسىلەن، ھەقىقىي ئادەم، ھەقىقىي ئىشلارنى تەسۋىرلەيدىغان ئەدەبىي ئاخبارات، تەرجىمىھال ئەدەبىياتى، خاتىرە خاراكتېرلىك نەسىر قاتارلىقلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا بىۋاسىتە باغلانغان بولىدۇ، ئۇنىڭدىكى ھەقىقىي ئادەم، ھەقىقىي ئىشلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ دەل ئۆزى، بۇ خىلدىكى ئەسەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. لېكىن بەدىئىي توقۇلما قىلىنغان ئەسەرلەر — ھېكايە، رومان، دراملارنىڭ توقۇلما قىلىنغانلىقى راست تۇرسا، يەنە نېمىشقا بۇنداق ئەسەر- نىمۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى دەيمىز دېگەن سوئال تۇغۇلۇشى مۇمكىن. بۇ يەردىكى ھالقىلىق مەسىلە بەدىئىي توقۇلمىنى قانداق چۈشىنىشتە. توقۇلما بەدىئىي ئىجادىيەت ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئامىل. توقۇلما بولمىسا، ئەدەبىي ئىجادىيەتمۇ بولمايدۇ. چۈنكى ھەرقانداق توقۇلما ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن ئايرىلالمايدۇ، تۇرمۇشتىن ئايرىلىپ تۇرۇپ توقۇلمىدىن ئېغىز ئېچىش زادىلا مۇمكىن ئەمەس. بالزاك ھېكايىنى «تەنتەنىلىك يالغان گەپ» دەپ ئاتىغانىدى، بۇ ئورۇنسىز گەپ ئەمەس. ھېكايە نېمىشقا «يالغان گەپ» بولىدۇ؟ چۈنكى توقۇلمىسىز ھېكايە بولمايدۇ؛ ئەمما يەنە ھېكايە نېمىشقا «تەنتەنىلىك» بولىدۇ؟ چۈنكى توقۇلما قىلىنغان ھېكايە تۇرمۇشنى ئاساس قىلغان، تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدىكى مەنتىقىگە ئۇيغۇن بولغان بولىدۇ. دېمەك، بەدىئىي توقۇلما پەقەت ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئاساسىدىكى ئەقلىي يەكۈندىن ئىبارەت، خالاس.

بۇ يەردە تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرىنىڭ جەريانىنى تەپسىلىي بايان قىلمايدىغان، شائىرنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى بىۋاسىتە ئىزھار قىلىدىغان ياكى تاشقى دۇنيادىكى شەيئىلەر توغرىسىدىكى تەسىرگە ھېسسىيات بېغىشلايدىغان لىرىك شېئىرلارنىمۇ ئوب- يېكتىپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى دەيمىزمۇ دېگەن سوئال قويۇلۇشى مۇمكىن. گەرچە لىرىك شېئىرلاردا شائىرنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى بىۋاسىتە ئىپادىلەنسىمۇ، ئەمما بۇ خىل ئىدىيىۋى ھېسسىيات ھامان ئوبيېكتىپ تۇرمۇش تۇپرىقىدا ئۆسۈپ چىققان بولۇپ، مۇئەييەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى ھەمدە ئىجتىمائىي تۇر- مۇشنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمىدۇر. بىز ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىدە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ساپ ھالدىكى «دەۋر روھىنىڭ كارنىيى» بولۇپ قېلىشىغىمۇ قارشى تۇ- رىمىز، شۇنداقلا شېئىرىيەتتە «ئۆز» ـ «مەن» بولۇشى كېرەك دەپمۇ قارايمىز. شېئىر شائىرنىڭ قەلبىدىكى ھېسسىياتنى ئىپادىلىگەن ئىكەن، ئۇنىڭدا چوقۇم بىرقەدەر كۈچلۈك لىرىك ئىندىۋىدۇئال خۇسۇسىيەت بولۇشى لازىم. ياخشى شېئىرلاردا «ئۆز» ـ «مەن» بولمىسا بولمايدۇ، «ئۆز» ـ «مەن» بولغان شېئىرلاردىلا شائىرنىڭ ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئاللىقى ۋە ھېس ـ تۇيغۇسى ئىپادىلەنگەن بولىدۇ، شۇ چاغدىلا ئۇ يېڭى بولىدۇ، شۇ چاغدىلا ھەممە شېئىرلارنىڭ بىردەك بولۇپ قېلىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ، بىز شېئىردا «ئۆز» ـ «مەن» ئىپادە قىلىنسىلا، ئۇ ياخشى شېئىر بولىدۇ، دەپ قارى- ماسلىقىمىز لازىم. چۈنكى شائىرنىڭ ھېسسىياتىدا چىنلىق بىلەن ساختىلىقنىڭ پەرقى، ئاكتىپلىق بىلەن پاسسىپلىقنىڭ پەرقى قاتارلىقلار بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «ئۆز»

ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن شېئىرلارنىڭ ياخشى ياكى ياخشى ئەمەسلىكىنى بىلىشتە ئاشۇ «ئۆز» ھېسسىياتىنىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھېسسىياتى بىلەن بىردەك بولغان ياكى بولمىغانلىقىغا قاراشقا توغرا كېلىدۇ. بارلىق ئىلغار ۋە ئېسىل لىرىك شېئىرلار ۋە ئۇ ئىپادىلىگەن ئىدىيەۋى ھېسسىيات ھامان خەلق ئاممىسىنىڭ ھېسسىياتى بىلەن مەلۇم دەرىجىدە باغلانغان بولىدۇ. شائىر شېئىردا بىر تەرەپتىن ئۆزىگە خاس بولغان ھېسسىياتىنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن خەلق ئاممىسىنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلىشى، بۇ ئىككىسىنى بىرلەشتۈرۈشى كېرەك. گوركىي: «شائىر يالغۇز ئۆز روھىنىڭ تەربىيەچىسى بولماستىن، دۇنيانىڭ ئەكس ساداسى» دەپ كۆرسەتكەن. بېلىنىسكىي: «ئۆزىلا ۋە ئۆزىگە تايىنىش ئارقىسىدىلا ئۇلۇغ بولالىغان بىرمۇ شائىر يوق، ئۇ ئۆزىنىڭ ئازاب-ئوقۇبىتىگە، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ بەخت-سائادىتىگىمۇ تايىنالمايدۇ؛ ھەرقانداق بىر ئۇلۇغ شائىرنىڭ ئۇلۇغ بولالىشى ئۇنىڭ جەمئىيەتتە ۋە تارىخ تۇپرىقى ئىچىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىدا، ئۇ شۇنىڭ نەتىجىسىدە جەمئىيەت، دەۋر ھەمدە ئىنسانىيەتنىڭ ۋەكىلى ۋە ئۇنىڭ تىلىغا ئايلىنالايدۇ. پەقەت ئەرزىمەس شائىرلار ئۆزىلا ۋە ئۆزىگە تايىنىش ئارقىلىقلا شادلىنىدۇ ياكى قايغۇرىدۇ. لېكىن ئۇلار كىچىك قۇشقا ئوخشاش ئۆزلىرىنىڭ سايرىشىنى ئاران ئاڭلىيالايدۇ...» دەپ ئىنتايىن توغرا ئېيتقان. «مەن» بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئايرىۋېتىپ، ھەتتا قارىمۇ قارشى قىلىپ قويۇپ، ئەدەبىياتنىڭ مەنبەسىنى نوقۇل ھالدا «مەن» نىڭ قەلبىدىن — سۇبيېكتىپ روھىي دۇنياسىدىن ئىزدەش تامامەن خاتا.

تەبىئەت ھادىسىلىرى، تەبىئەت مەنزىرىسى تەسۋىرلەنگەن شېئىرلار، مەسىلەن: ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەر، گۈل-گىياھلار، دەل-دەرەخ، تاغ-دەريالار تەسۋىرلەنگەن نەسىر ۋە شېئىرلار قارىماققا پۈتۈنلەي مەنزىرە-كۆرۈنۈش تەسۋىرلەنگەندەك، گويا ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوقتەك كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە مەنزىرىلەر-كۆرۈنۈشلەر ئىچىگە شائىرنىڭ ھېس-تۇيغۇسى يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى تەسۋىرلەشتىن مەقسەت تەبىئەت مەنزىرىلىرى ۋە ھادىسىلىرىنىڭ فىزىكىلىق ياكى بىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرى ۋە قانۇنىيەتلىرىنى ئىپادىلەش ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ تەبىئەت مەنزىرىلىرى ۋە ھادىسىلىرى بىلەن بولغان ھېس-تۇيغۇلۇق باغلىنىشى ۋە ئۇلارنىڭ ھالىتىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ مەلۇم ئىدىيە، ھېسسىيات، تەلەپ، ئارزۇ، غايىلىرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بولىدۇ. يازغۇچى-سەنئەتكارنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى تەبىئەت مەنزىرىسى تەبىئەتنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئىدىيە ۋە ھېسسىياتى سىڭگەن «ئادەملەشكەن تەبىئەت» تۇر. شۇڭا تەبىئەت مەنزىرىسى تەسۋىرلەنگەن ئەسەرلەرمۇ ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى مەنبە قىلغان، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولىدۇ.

دەرۋەقە، بەزى ئەدەبىي ئەسەرلەردە رېئال بولمىغان ياكى رېئال شەيئىلەردىن ھالقىغان نەرسىلەر مەسىلەن: پەرى-ئەۋلىيا، جىن-شاياتۇن، دىۋە-پەرى، دوزاخ-جەننەت قاتارلىق نەرسىلەر تەسۋىرلەنگەن. لېكىن، بۇنداق ئەسەرلەر رېئاللىقتىن

ھەرقانچە، ھالقىغىنى بىلەن، ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىش نېگىزى بەرىبىر رېئاللىقتۇر.
قەدىمكى ئەپسانىلەر توغرىسىدا ماركس ئېنىق چۈشەنچە بېرىپ ئۆتكەن، ئۇنىڭ
قارىشىچە، قەدىمكى قىزىق ئەپسانىلەر «خەلقنىڭ خىيالىي تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق بىر
خىل ئاڭسىز سەنئەت ئۇسۇلى بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىي
شەكىللەرنىڭ ئۆزى». قەدىمكى دەۋر ئەپسانە - رىۋايەتلىرى ۋە چۆچەكلىرىنى ئەڭ
قەدىمكى زامانلاردىكى ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئاڭسىز تۈردە بەدىئىي
جەھەتتىن پىششىقلىشى دېسەك، ئۇ ھالدا، كېيىنكى كىشىلەر ئىجاد قىلغان
ئەۋلىيا - ئەنبىيا، جىن - شاياتۇنلار توغرىسىدىكى ھېكايە - رومانلار ئىجتىمائىي
تۇرمۇشقا ئاساسەن ئىشلىنىپ چىققان ئاڭلىق بەدىئىي ئىجادىيەت ھېسابلىنىدۇ.
«غەربكە ساياھەت» رومانىدىكى سۈن ۋۇكۇڭنىڭ ئوبرازى ھەمدە ئۇنىڭ ئەرش
ئوردىسىنى ئالەمان قىلغانلىق ۋە دىۋە - پەرى، جىن - ئالۋاستىلارنى بويى ئەگدۈر-
گەنلىك ۋەقەلىرىمۇ مۇئەييەن رېئال تۇرمۇش ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان؛ ئەرش
ئوردىسىدىكى چىرىكلىشىش مەنزىرىسى دەل ئىنسانلار دۇنياسىدىكى فېئودال
كۈچلەرنىڭ ھەقىقىي تەسۋىرى؛ فېئوداللىزم جەمئىيىتىدىكى دېھقانلارنىڭ سانسىز-
لىغان قوزغىلاڭلىرى يازغۇچىنىڭ سۈن ۋۇكۇڭ قاتارلىقلارنىڭ ئىسيانكارلىق
ئوبرازىنى يارىتىشتىكى تۇرمۇش تۈپرىكى. قىسقىسى، «غەربكە ساياھەت» رومانىدا
تەسۋىرلەنگەن پىر - ئەۋلىيا، جىن - پەرىلەر ۋە ھېچكىم كۆرۈپمۇ باقمىغان، ئاڭلاپمۇ
كۆرمىگەن ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلار پۈتۈنلەي خىيالىي نەرسىلەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇ
رېئال تۇرمۇشنىڭ بىرخىل كۆپتۈرمىسىدىنلا ئىبارەت، خالاس. يېقىنقى زاماندىكى
ئىلمىي فانتازىيىلىك ئەسەرلەردە، پەن - تېخنىكىنىڭ ئەڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە
ئاساسەن، تەسەۋۋۇر قىلىش شەكلى بىلەن كەلگۈسى دۇنيا كۆرسىتىپ بېرىلىپ،
ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەت دۇنياسى ۋە كەلگۈسى جەمئىيەتكە بولغان تونۇشى ئەكس
ئەتتۈرۈلگەن، مەسىلەن، فرانسىيىنىڭ ئاتاقلىق فانتازىيە يازغۇچىسى ژىيول ۋېرىن
(1828 - 1905) ئۆمرىدە 104 ئىلمىي فانتازىيىلىك كىتاب (رومان، پوۋېست،
ھېكايىلار توپلىمى) يېزىپ قالدۇردى. ئۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا
تۇرىدىغان مول ھوسۇللۇق يازغۇچى ھېسابلىنىدۇ. ژىيول ۋېرىن ئۆزىنىڭ فانتازىيى-
لىك ئەسەرلىرىدە جاھاننىڭ ھەممە يېرىنى كېزىپ چىققان: ئۇ نەچچە قېتىم يەر
شارىنى ئايلىنىپ ساياھەت قىلغان، بىر قېتىم ئۇ 80 كۈن ئايلانغان، ئۇ دېڭىز
تېگىدە نەچچە 10 مىڭ دېڭىز مىلى سەپەر قىلغان؛ شىمالىي قۇتۇپتىكى بىپايان
قار - مۇزلار دۇنياسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، شۇنداقلا ئېككۋاتور چۆلىدە
ئىسسىق دولقۇننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان؛ ئۇ ئافرىقىدىكى يەرلىك ئادەملەر بىلەن
مۇڭداشقان، شۇنداقلا ۋېنىسۇئېلادىكى ئىندىئانلار بىلەنمۇ پاراڭلاشقان... دۇنيادا
بۇ يازغۇچىنىڭ ئايىغى تەگمىگەن جاي قالمىغان. كىشىلەر ۋېرىننىڭ بۇ خىلدىكى
فانتازىيىلىك ئەسەرلىرىنى ئوقۇش ئارقىلىق ئىلىم يولىدا ئىزدىنىشكە ئىنتىلگەن،
ئاجايىپ - غارايىپ كەچۈرمىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەندەك تۇيغۇغا، يىراق - يىراق-
لاردىكى باشقا يۇرتلارغا بېرىپ ساياھەت قىلغاندەك لەززەتكە ئىگە بولغان. ئۇنىڭ

تەسەۋۋۇردىكى بۇخىل ساياھەت كىشىلەرنىڭ «مەدەنىي قەپەس» لەردىن چىقىپ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىلىم-پەن سەۋىيىسى ئاستىدا بىۋاسىتە ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈشكە مۇمكىن بولمايدىغان ئارزۇلىرىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا ياردىمى بولغانىدى.

ژيۇل ۋېرنىنىڭ ئەسەرلىرىدە پەرەز ئىچىدىكى ئەقىلگە مۇۋاپىقلىق گەۋدىلەنگەن بولۇپ، ئۇ ئىلمىي فانتازىيىلىك رومانلارنىڭ مەلۇملۇقتىن نامەلۇملۇققا ئۆتكەن تەسەۋۋۇرغا باي ئەقلىي پەرەز ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كىشىلەرنى شۇقەدەر جەلپ قىلالىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب شۇكى، ئۇنىڭ يازغانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى كېيىنكى ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلەر تەرىپىدىن ئىسپاتلاندى، شۇڭا كىشىلەر ژيۇل ۋېرنىنى پەن تەرەققىياتىنىڭ ھۆكۈمداسى دەپ تەرىپلەشتى، بۇ يەردىكى ئاچقۇچ ئۇنىڭ ئىنتايىن مول بىلىم توپلىغانلىقىدا. ئەگەر ئۇنىڭدا شۇنچە كۆپ بىلىم ۋە تۇرمۇش كەچۈرمىشى بولمىغىنىدا، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر قۇشى قانات قېقىپ ئۇچالمىغان بولاتتى. گەرچە ژيۇل ۋېرنىنى ئالىم دېگىلى بولمىغان تەقدىردىمۇ، لېكىن شەك-شۈبھىسىزكى، ئۇ ئەينى ۋاقىتتا فرانسىيە بويىچە ئەڭ بىلىملىك ئادەملەرنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى. ئۇ 20 دىن ئارتۇق گېزىتكە شەخسىي مۇشتەرى بولغان، فرانسىيە دۆلەت كۇتۇپخانىسىدا نۇرغۇن كىتاب، گېزىت، ژۇرنال، ھۆكۈمەت ئاخباراتى ۋە ئىلمىي تەشكىلاتلارنىڭ دوكلاتلىرىنى ئوقۇپ چىققان ۋە 20 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق كارتا يېزىپ، ئىنتايىن مول ماتېرىيال توپلىغان. «ئايدىكى تەكشۈرۈش خاتىرىسى» نى ئىجاد قىلىشىنىلا مىسالغا ئالساق، ئۇ مۇشۇ ئەسەرنى يېزىش ئۈچۈن 500 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب، ماتېرىيالنى پۇختا ئوقۇپ چىققان. ئۇ ھەرقانداق مۇزېيلارنى ۋە كۆرگەزمىخانىلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش پۇرسىتىنى قولدىن بەرمىگەن؛ ئۇ دائىم ئالىملار، كەشپىياتچىلار، ئىنژېنېرلار ۋە ساياھەتچىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، دۇنيادىكى ئىلىم جەھەتتىكى يېڭىلىقلاردىن ۋاقتى-ۋاقتىدا خەۋەر تېپىپ تۇرغان. ئۇ نۇرغۇن قېتىم دېڭىزغا ساياھەت قىلغان. مول كىتابىي بىلىم ۋە كەڭ ساياھەتتىن ھاسىل قىلغان تەجرىبە، شۇنداقلا كۆرگەن، ئاڭلىغان ئىشلار ئۇنى ناھايىتى يۇقىرى مەدەنىي تەربىيىلىنىشكە ئىگە قىلغان. تېخىمۇ قىممەتلىكى شۇكى، ئۇ ئۆزىدىن زادىلا قانائەتلەنمىگەن. قېيىن مەسىلىلەرگە يولۇقۇپ قالسا، كەمتەرلىك بىلەن مۇتەخەسسىسلەرگە ئىلتىجا قىلغان. ژيۇل ۋېرن ئەنە شۇنداق شەرتلەرنى ھازىرلىغانلىقى ئۈچۈنلا، ناھايىتى يۇقىرى ئىلمىي ئىلھاملاندۇرۇش رولىغا ۋە ئەدەبىي زوق ئېلىش قىممىتىگە ئىگە نادىر فانتازىيىلىك ئەسەرلەرنى يازالىغان. لۇشۈن: «تالانتلىقلار ھەرقانچە پو ئاتقىنى بىلەن ئاخىرقى ھېسابتا، يەنىلا قۇرۇقتىن-قۇرۇق ئىجاد قىلالمايدۇ. پەرى-ئەۋلىيا، جىن-پەرىلەر تەسۋىرلىرىنىڭ ھېچقانداق سېلىشتۇرمىسى يوق، ئۇلار ئەسلىدە ‹ئاسماندا ئۇچار دۇلدۇللار› دېگەندەك، كۆڭۈلگە تايىنىپلا يېزىپ چىقىلغان نەرسىلەردۇر، ئەمما ئۇلارنىڭ يازغانلىرى ئۈچ كۆز، ئۇزۇن بويۇندىنلا ئىبارەت، يەنى ئادەتتىكى ئادەمنىڭ تېنىگە بىر كۆزنى، ئۇزۇنلۇقى ئىككى-ئۈچ چى كېلىدىغان بىر بويۇننىلا قوشۇپ قويغان، خالاس.» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان.

بىز يۇقىرىدا تەھلىل قىلىپ ئۆتكەن ھەرخىل ئەسەرلەرنىڭ ئەھۋالى شۇنى

چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، ھەرقانداق دەۋر، ھەرقانداق تىپ، ھەرقانداق ژانىردا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ تەسۋىرلىگەن ئوبيېكتى، ئەكس ئەتتۈرگەن مەزمۇنى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى قاتارلىقلارنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشاش بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا ئوبيېكتىپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ يازغۇچى — سەنئەتكار مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى.

ئەدەبىيات — ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى، ئەمما بۇ ئىنكاس قەغەز يۈزىگە ئۆزلۈكىدىنلا چۈشۈپ، ئەدەبىي ئەسەرگە ئايلىنىپ قالمايدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن ئەدەبىي ئەسەر ئوتتۇرىسىدا مېڭىسى، ئېڭى بار بولغان يازغۇچى تۇرىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئىنساننىڭ مېڭىسى يۈكسەك دەرىجىدە نازۇك ۋە مۇرەككەپ بولغان بىرخىل ماددىي سىستېما بولۇپ، ئۇ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت داۋامىدا تەرەققىي قىلىپ مۇكەممەللەشكەن. شۇڭا ئادەم مېڭىسىنىڭ خىزمەت ئۆتكۈچىسى بولغان ئاڭ دۇنيانى ئاددىي، مېخانىكىلىق ھالدا تەقلىد قىلمايدۇ، بەلكى ناھايىتى زور پائالىيەتچانلىق بىلەن بىلىدۇ. جانلىق، ياشناپ تۇرغان، پىكىر قىلدۇرىدىغان، ھېس-تۇيغۇ، ئىرادىگە ئىگە يازغۇچى — سەنئەتكار تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە نوقۇل ھالدا تۇرمۇشنىڭ قۇلى بولۇپ قالمايدۇ، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن تۇرمۇشنى پىششىقلايدۇ، ئۆزگەرتىدۇ، بۇ يەردىكى پىششىقلاش ۋە ئۆزگەرتىش بولسا ھەقىقىي بىر ئىجادىيەت جەريانىدىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ ئىجادىيەت جەريانىغا يازغۇچىنىڭ مۇھەببەت-نەپرىتى ۋە ئەقىل-پاراسىتى سىڭگەن بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىزگە ئەدەبىي ئەسەردىن ئىككى خىل سادا ئاڭلىنىدۇ، بۇنىڭ بىرى، تەسۋىرلەنگەن ئوبيېكت (رېئال تۇرمۇش) ساداسى، يەنە بىرى، يازغۇچىنىڭ ساداسى. ئەمما تەسۋىرنىڭ مەزمۇنى بولغان رېئال تۇرمۇش ئۆزى سادا چىقىرالمايدۇ، يەنى يازغۇچىنىڭ ياردىمى بىلەن سادا چىقىرىدۇ. شۇڭا ئەدەبىي ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇشقا ھامان يازغۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ تامغىسى چوڭقۇر بېسىلغان بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ خاسلىق خۇسۇسىيىتى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ھەربىر كىشى تۇرمۇشقا ئۆزىنىڭ خاسلىق نەزەرى بىلەن قارايدۇ، ھەربىر كىشى ئۆزى ھېس قىلغان رېئال تۇرمۇش ئىچىدە ئۆزىنى ئىپادىلەيدۇ. تۇرمۇشمۇ شۇنداق، ئەدەبىي ئىجادىيەتمۇ شۇنداق. بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى، يازغۇچى ئۆز ئەسىرىدە «ئۆزى» نى ئىپادىلىشى مۇمكىن ۋە مۇقەررەر ئىپادىلەيدۇ ياكى يازغۇچى «ئۆزىنىڭ روھىي قىياپىتىنى كۆرسىتىشكە ھەقلىق» (ماركس)، پەقەت بۇ «ئۆز» تۇرمۇشقا زىت ياكى تۇرمۇشتىن چەتنىگەن «ئۆز» بولماي، تۇرمۇش بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان «ئۆز» بولسىلا بولىدى. يازغۇچى تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدىغان كەڭ زېمىنغا ئىگە بولىدىغانىكەن، ئۇ ھالدا، يازغۇچىنىڭ نېمىنى يازىدىغانلىقى ۋە قانداق يازىدىغانلىقى يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ. شۇڭا، يازغۇچى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ دۇنيا قاراش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ بېرىش ئىنتايىن زۆرۈر بولغان چوڭ ئىش.

مەسئۇل مۇھەررىر تارەم ئىبراھىم

ۋىرگىنىيە ۋولف (1941 — 1882) ئەنگلىيىلىك مەشھۇر پىروزىچى ۋە تەنقىدچى، شۇنداقلا «ئاڭ ئېقىمى» ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىك يازغۇچىلىرىنىڭ بىرى. ئۇ «دېڭىزغا سەپەر» (1915)، «كېچە ۋە كۈندۈز» (1919) قاتارلىق ئەسەرلىرىنى نەشر قىلدۇرغاندىن كېيىن، ئاۋستىرىيىلىك پسىخولوگىيە ئالىمى فرويدنىڭ روھىي تەھلىلچىلىك تەلىماتىنى ئاساس قىلىپ، «ئاڭ ئېقىمى» ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئەسەر يېزىپ ناھايىتى زور شۆھرەت قازانغان.

ئاڭ ئېقىمى ئادەمنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان مودېرنىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاڭ پائالىيىتىنىڭ غەيرىي ئىدراكى مەزمۇنلىرى، ئۇنىڭ مۇرەككەپ ۋە ئۆزگىرىشچان ئېقىمى ئىپادىلىنىدۇ. ئاڭ ئېقىمى ئەسەرلىرىدە ئاڭ پائالىيىتى ئەسلا رەت تەرتىپى ئېنىق سىستېما بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭدا ھەمىشە ئەسلىمە يەنە ئەسلىمە، ئىدراكقا ھېسسىيات ئارىلاشقان ئېنىق تەپەككۇر بىلەن چېگىش تۇيغۇ ۋە تەسىراتلار گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. يازغۇچى پۈتۈنكۈچى بىلەن يوشۇرۇن ئاڭدىكى ھېس ـ ھاياجاننى قېزىپ، كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا غىل ـ پاللا ئۆتۈپ كېتىدىغان تۇيغۇ ـ تەسىرات ۋە كۆڭۈلگە پىكىرلەرنى تۇتۇۋېلىپ، جۆيلۈش، چۈشەكەش، زوراۋانلىق قاتارلىق ئاينىغان، كېسەلمەن روھىي ھالەتنى يازىدۇ. ئاڭ ئېقىمى ئەدەبىياتىدا رېئال تۇرمۇش پەقەت پېرسوناژنىڭ سۇبيېكتىپ ۋاستىچىسى بولۇپ، ئۇ، ئاڭنىڭ ئىشتىراكى بىلەن قويۇق سۇبيېكتىپ تۈس ئالىدۇ ـ دە، رەڭگارەڭ ئۇششاق پارچىلارغا بۆلۈپ تاشلىنىدۇ. شۇڭا بۇ ئېقىمغا تەۋە بولغان يازغۇچىلار ھەمىشە ھازىرقى زامان پسىخولوگىيە پىرىنسىپلىرىغا ئاساسەن ئاڭ پائالىيىتىدىكى غەيرىي ئىدراكى مەزمۇنلارنى ئىپادىلەشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ. «ئاڭ ئېقىمى» دىكى يازغۇچىلار يوشۇرۇن ئاڭ ئەدەبىياتىنىڭ ئىپادىلەش ئوبيېكتى بولۇشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇلار پېرسوناژنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا چوڭقۇرلاپ كىرىشنى ھەتتا پېرسوناژنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىغا ئىچكىرىلەپ كىرىشنى، بىۋاسىتە سېزىمىغا تايىنىپ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ۋاقىتتا بولغان تەسىرات ۋە خىيالىي سەزگۇ، يەنى «پسىخىك ۋاقىت» بويىچە ئاڭ جەريانى ئارقىلىق ئەسەرنى قۇراشتۇرۇپ، ئۆتكەنكى، ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىن ئىبارەت ۋاقىت تەرتىپىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئادەمنىڭ ۋاقىت ئۇقۇمىنى پسىخىك جەھەتتىن يېڭىباشتىن تۈزۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئاڭ ئېقىمىدا پېرسوناژنىڭ پورترېتىنى سۈرەتلەپ بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىلمەيدۇ. ھەتتا پېرسوناژنىڭ ئىسمى ۋە جىنسىمۇ يېزىلمايدۇ. پېرسوناژنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى، كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرى تونۇشتۇرۇلمايدۇ.

ۋولفنىڭ «تامدىكى داغ» ھېكايىسى ئۇنىڭ ئاڭ ئېقىمى ئۇسلۇبىدا يازغان

www.uyghurkitap.com

تۆنجى ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئايال باش قەھرىمانىنىڭ ئىسمىمۇ يوق. نام - ئەمەلىمۇ ئېنىق ئەمەس. باش قەھرىمانىنىڭ تامدىكى «داغ» نى كۆرۈشى بىلەن ئۇنىڭدا غەلىتە تەسەۋۋۇرمۇ قوزغالغانلىقى، ئۆز ھاياتىدىكى ئەنسىزچىلىكلەرنى خىرە - شىرە ئەسلىگەنلىكى، تۇرۇپلا تارىختىكى مەشھۇر يازغۇچى شېكىسپېرنىي خىيالىغا كەلتۈرگەنلىكى، يەنە بىر مۇنچە ئىشلارنى ئويلاپ، ئاخىرى ئۇنىڭ خىيالى يەنە ھېلىقى تامدىكى «داغ» قا قايتىپ كەلگەنلىكى، شۇ چاغدىلا تامدىكى داغ ئەمەس قۇلۇلە ئىكەنلىكىنى كۆرگەنلىكى تەسۋىرلىنىدۇ. ئاپتور بۇ خىيالىي سېزىملاردىكى داغ - ئارقىلىق پېرسوناژنىڭ مېڭىسىدىكى «ئاڭ ئېقىمى» نى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

تەھرىردىن

ۋىرگىنىيە ۋولف (ئەنگلىيە)

# تامدىكى داغ

(ھېكايە)

بۇ يىل بىرىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بولسا كېرەك، مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ، تامدىكى ھېلىقى داغنى بىرىنچى قېتىم كۆرگەندەك قىلىۋىدىم. زادى قايسى كۈنى كۆرگەنلىكىمنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، شۇ چاغدا نېمىلەرنى كۆرگەنلىكىمنى ئەسلىشىمگە توغرا كەلدى. مانا ئېسىمگە كەلدى: مەشتە ئوت كۆيۈۋاتاتتى، ئوتنىڭ سارغۇچ يورۇقى قولۇمدىكى كىتابىمنىڭ بېتىگە چۈشۈپ تۇراتتى؛ تام مەشنىڭ ئۈستىدىكى يۇملاق ئەينەك قاچىدا ئۈچ تال جۈيخۇا گۈلى چىلاقلىق ئىدى. توغرا، قىشتا ئىكەن، بىز چاينى يېڭىلا ئىچىپ بولۇۋىدۇق، چۈنكى ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا مەن تاماكا چېكىۋاتاتتىم. بېشىمنى كۆتۈرۈپ، تامدىكى ھېلىقى داغنى بىرىنچى قېتىم كۆردۈم. تاماكىنىڭ ئىسلىرى ئارىسىدىن ئۇياقتا قارىۋىدىم، نەزىرىم قىپقىزىل كۆمۈر چوغىنىڭ ئۈستىدە توختاپ قالدى - دە، بىر چاغلاردا قەلئە مۇنارىسى ئۈستىدە لەپىلدەپ تۇرغان قىزىل بايراق توغرىسىدىكى خىيالىي سەزگۈ يەنە كاللامدا نامايان بولدى، ئاندىن سان - ساناقسىز قىزىل چەۋەندازنىڭ خۇددى كەلكۈن سۈيىدەك ئات سېلىپ، قاپقارا قىيا تاشنىڭ يانباغرىدىن ئاتلاپ ئۆتكەنلىكى ئېسىمگە كەلدى. مانا مۇشۇ داغ ئاشۇ خىيالىي سەزگۈمنى ئۈزۈۋەتتى - دە، مەن خېلىلا يېنىكلەپ قالغاندەك بولدۇم، چۈنكى ئىلگىرىكى بۇ خىيالىي سەزگۈم ئاڭسىز سەزگۈ ئىدى، بەلكىم ئۇ بالىلىق چاغلىرىمدا پەيدا بولغان بولسا كېرەك. تامدىكى داغ كىچىككىنە يۇملاق داغ ئىدى. قاردەك

ئاپئاق تامدا، تامەشىنىڭ ئۈستۈنكى تەرىپىدە، ئالتە - يەتتە سۈگچە يەردە قارىيىپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزنىڭ بىراقلا قوزغىلىپ، بىرەر يېڭى شەيئىنى ئۇرۇۋالىمىقى نەقەدەر ئاسان - ھە، بەئەينى بىر توپ چۆمۈلىنىڭ بىرەر تال پاخالنى كۆتۈرۈپ، بىر پەس ماڭغاندىن كېيىن، يەنە تاشلىۋەتكىنىدەك. ناۋادا بۇ داغ بىرەر تال مىختىن قالغان ئىز بولسا، ئۇ ھالدا ئۇ بىرەر ماي بوياق رەسىمنى ئەمەس، بەلكى بىر كىچىكرەك پورترېتنى — بۇدۇر چېچىغا ئاق ئۇپا، يۈزىگە ئەڭلىك سۈرگەن، لەۋلىرى خۇددى قىزىل چىنىگۈلدەك قىپقىزىل ئاقسۆڭەك ئايالنىڭ پورترېتىنى ئېسىش ئۈچۈن قېقىلغان بولسا كېرەك. ئۇ ئەلۋەتتە بىر ساختا نەرسە. بۇ ئۆيدە ئىلگىرى ئولتۇرغان ئادەم پەقەت شۇنداق رەسىملا تاللايدۇ، چۈنكى كونا ئۆيگە كونا پاسوندىكى پورترېتلا لايىق كېلىدۇ - دە. ئۇلار مانا شۇنداق ئادەملەر — ناھايىتى قىزىق ئادەملەر، مەن ئۇلارنى پات - پات ئەسلەپ قالىمەن، يەنە كېلىپ غەلىتىلا بىر يەرلەردە ئەسلەيمەن، چۈنكى ئۇلارنى ئەمدى ھېچكىم كۆرەلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ كېيىنكى تەقدىرىنىمۇ ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار ئۆي سايمانلىرىنى باشقا بىر پاسوندىكى ئۆي سايمانلىرىغا ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن، بۇ ئۆيدىن كۆچۈپ كېتىپتۇ. بۇ ئۆز ئويىچە سەنئەت بۇيۇمىنىڭ كەينى ئىدىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەكلىكى توغرىلىق سۆزلەۋاتقىنىدا، ئىككىمىز بىردىنلا خوشلاشتۇق. ئادەتتە بىز پويىزدا كېتىۋېتىپ، يولدا — شەھەر سىرتىدىكى داچىدا چوڭ ياشلىق بىر خانىمنىڭ چاي قۇيۇۋاتقانلىقىنى، بىرەر يىگىتنىڭ چويلىسىنى كۆتۈرۈپ چويلا توپ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالىمىز، پويىز غۇرۇردا ئۆتۈپ كېتىدۇ - دە، بىز چوڭ ياشلىق خانىم بىلەنمۇ، ياش يىگىت بىلەنمۇ خوشلىشىپ، ئۇلارنى پويىزنىڭ كەينىگە تاشلاپ كېتىۋېرىمىزغۇ، بۇمۇ خۇددى شۇنداق بولدى.

شۇنداقتىمۇ، مەن ھېلىقى داغنىڭ زادى نېمىلىكىنى يەنىلا ئېنىق بىلەلمىدىم؛ يەنە ئويلىنىپ قالدىم. ئۇ مىختىن قالغان ئىزغا ئوخشىمايتتى، بەك يوغان، بەك يۇمىلاق ئىدى. ئەسلىدىغۇ ئورنىمدىن تۇرساممۇ بولاتتى، لېكىن، ئورنىمدىن تۇرۇپ قاراپ باققىنىم بىلەنمۇ، ئۇنىڭ زادى نېمىلىكىنى دەپ بېرەلىشىم ناتايىن ئىدى. چۈنكى بىرەر ئىش يۈز بەرگەندە، ئۇنىڭ زادى قانداق يۈز بەرگەنلىكىنى ھېچكىم دەپ بېرەلمەيدۇ. ھەي! پەرۋەردىگار، ھاياتلىق نېمىدېگەن سىرلىق؛ پىكىر نەقەدەر ناتوغرا! ئىنسانىيەت نەقەدەر نادان - ھە! ئۆزىمىزنىڭ خۇسۇسىي نەرسىلىرىمىزنى كونترول قىلىپ تۇرۇشنىڭ نەقەدەر مۈشكۈللۈكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن — بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزگە سېلىشتۇرغاندا، ئادەمنىڭ تۇرمۇشى ئازدۇر - كۆپتۇر تاسادىپىيلىقتا ئىكەن - دە، ھاياتىمىزدا يوقاتقان نەرسىلىرىمىزدىن بىر نەچچىسىنىلا مىسال قىلسام، شۇنىڭ ئۆزىلا كۇپايە. گەپنى كىتاب تۈپلەش قوراللىرى سېلىنغان كۆكۈش رەڭ ئۈچ كومزەكتىنلا باشلاي، بۇلار يوقالغان نەرسىلەر ئىچىدىكى

يوقىلىشى ئەڭ سىرلىق نەرسىلەر،
بۇ ئەبەدىي شۇنداق بولۇپ قالغۇسى،
چۈنكى ئۇلارنى قايسىبىر مۇشۈك
يەۋېتەر، قايسىبىر چاشقان غاجىلىۋېتەر
دەگەن. بۇلاردىن كېيىن يەنە بىر نەچچە
قەپەس، تۆمۈردىن ياسالغان يوپكا چەمبىرى،
پولات كانىكى، ئايال پادىشاھ
دەۋرىدىكى كۆمۈر چېلىكى، بىلىيارد
ئۈستىلى، شارمانكا① دېگەندەك نەرسىلەر
يوقالدى، ئاندىن بەزى ئۈنچە-
مەرۋايىتلارمۇ يوقالدى. سۆت رەڭ ياقۇت،
يېشىل ياقۇتلار چامغۇر بېشىنىڭ يېنىغا
چېچىلىپ كەتتى. ئۇلارنى قانچىلىك تەر
تۆكۈپ، قورساقنى قىسىپ يىغقانىدۇق-
ھە! شۇ تاپتا ئەتراپىمىزدا خېلى ۋەزنى
بار ئۆي سايمانلىرى قويۇقلۇق، ئۇچامدىمۇ
بىر نەچچە قۇر كىيىمىم بار، مانا شۇنىڭ
ئۆزى بىر مۆجىزە! ناۋادا تۇرمۇشنى
بىرەر نەرسىگە سېلىشتۇرۇشقا توغرا كەلسە،
ئۇ ھالدا ئۇنى پەقەت بىر ئادەمنىڭ سائىتىگە 50 ئىنگلىز چاقىرىملىق
سۈرئەت بىلەن يەر ئاستى تۆمۈريولىدىن
ئېتىپ چىقىرىلىشىغىلا سېلىشتۇرغىلى
بولىدۇ. ئۇنداقتا يەر ئاستى يولىنىڭ
ئاغزىدىن چىققان چاغدا، ئۇنىڭ بىرەر
تال چېچىمۇ قالمىغان بولاتتى. ئۇ قىپيالىڭاچ
ھالدا خۇدانىڭ ئاياغ ئاستىغىلا
چۈشەتتى. خۇددى پوچتا ئىدارىسىنىڭ
نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىش يولىغا
تاشلانغان باغلام - باغلام قوڭغۇر رەڭ
قەغەز خالتىلاردەك بېشى پەسكە، پۇتى
ئاسمانغا بولۇپ، نەرگىس گۈلى ھۆپپىدە
ئېچىلىپ كەتكەن ئوتلاققىلا چۈشەتتى.
چاچلىرىنىڭ ئۇچى بەيگىگە چۈشكەن
ئاتنىڭ قۇيرۇقىغىلا ئوخشىغان بولاتتى.
توغرا، بۇ ئوخشىتىشلار تۇرمۇشنىڭ
ئاجايىپ تېز سۈرئىتىنى ئىپادىلەپ
بېرەلەيدۇ. ئەبەدىي توختىمايدىغان
خوراشنى ۋە ئۆگىشىپ تۇرۇشنى ئىپادىلەپ
بېرەلەيدۇ؛ ھەممە نەرسە شۇنداق
تاسادىپ، شۇنداق توغرا كېلىپ قالغان.

ئۇنداقتا دۇنياغا كېلىشچۇ؟ يوغان
يېشىل پايە ئاستا - ئاستا تارتىپ ئېگىلىۋېتىلدى،
قەدەھ شەكىللىك گۈل ئۆرۈلىۋېتىلدى.
ئۇنىڭ بىنەپشە رەڭلىك ۋە قىزىل
رەڭلىك نۇرى كىشىلەرنى قاپلىماقتا.
ئادەم زادى نېمە ئۈچۈن ئۇ يەردە
تۇغۇلماي بۇ يەردە تۇغۇلۇپ، ھەرىكەت
قىلالماي، سۆزلىيەلمەي، نەزەرىنى يىغالماي،
يېشىل ئوتلارنىڭ تۈۋىدە، گېگانت
ئادەمنىڭ پۇتلىرىنىڭ ئارىسىدا تېمىسقىلاپ
يۈرۈيدۇ؟ نېمىنىڭ دەرەخ، نېمىنىڭ ئەر
ۋە ئايال ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن ھالدا
ئاياللىقىغا، مۇشۇنداق نەرسىلەرنىڭ مەۋجۇت ياكى مەۋجۇت
ئەمەسلىكىگە كەلسەك، كىشىلەر بۇ توغرىلىق
يەنە 50 يىلدىن كېيىنمۇ ئېنىق
بىر نېمە دېيەلمەيدۇ. باشقا بىرەر
نەرسىنىڭ بولۇشىغۇ مۇمكىن ئەمەس،
پەقەت يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇققا
تولغان بوشلۇقنىڭلا بولۇشى، ئوتتۇرىنى
يوغان - يوغان پىلەكلەر ئايرىپ تۇرۇشى
مۇمكىن. بەلكىم تېخىمۇ ئېگىز جايدا تازا
ئېنىق بولمىغان بەزى رەڭلەر — سۇس
ھال رەڭ ياكى كۆك رەڭ بولۇشى
مۇمكىن. ئەتىرگۈل شەكلىدىكى داغ
ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارغانسېرى
ئېنىق كۆرۈنۈشى، بارغانسېرى...
قانداق بولۇشىدىن ئۆزۈمۇ ئۇقالمىدىم.

① شارمانكا — قولدا ئايلاندۇرۇپ چېلىنىدىغان تۇتقۇچلۇق ئىچىدىكى گارمون.

www.uyghurkitap.com

لېكىن تامدىكى داغ تۆشۈكچە ئەمەس، ئۇنىڭ ئاللىقانداق تۇم قارا رەڭلىك يۇملاق جىسىم بولۇشى ئېھتىماللىغا ناھايىتى يېقىن، مەسىلەن، يازدىن قېپقالغان ئەتىرگۈل بەرگىدىن ھاسىل بولغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى مەن بەكمۇ سەگەك غوجىدار ئەمەس. تام مەشنىڭ ئۈستىدىكى چاڭغا قارىسىڭىزلا بۇنى بىلەلەيسىز. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مانا مۇشۇنداق ئۈچ قەۋەت چاڭ تىرويا شەھىرىنى تازا قېلىن كۆمۈۋەتكەنىكەن، بەزى كومزەكلەرنىڭ سۇنۇقلىرىنى ئۇلار ھەرگىزمۇ يوقىتىۋېتەلمەيدۇ. بۇ نۇقتا ئادەمنى تولۇق ئىشەندۇرىدۇ.

تالادىكى دەرەخنىڭ شاخلىرى دېرىزە كۆزنىكىگە بوشقىنا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى... مەن جىمجىت، خاتىرجەم، بىمالال ئولتۇرۇپ پىكىر يۈرگۈزۈشنى ئۈمىد قىلىمەن. مېنى بىرەرى ئاۋارە قىلمىسا، ئورۇندۇقتىن تۇرۇپمۇ يۈرمىسەم، تولىمۇ يېنىك ھالەتتە بۇ ئىشتىن ئۇ ئىشقا ئۆتۈپ ئويلاۋەرسەم، بىرەر دۈشمەنلىك، بىرەر توسالغۇنىمۇ ھېس قىلمىسام دەيمەن. مەن چوڭقۇر، تېخىمۇ چوڭقۇر چۆكۈپ، يۈزەلىكتىن، ئايرىم قوپال، يۈزە پاكىتلاردىن قۇتۇلۇشنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆتۈپ كېتىدىغان تۇنجى ئوي - پىكىرنى تۇتۇۋالسام دەيمەن... شېكسپىر... ھەببەللى، ئۇ بولسىمۇ، باشقا بىرى بولسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. بۇ ئادەم ئوچاقتىكى ئوتقا تىكىلىپ، كۆرسىدا تەمكىن ئولتۇرىدۇ. مانا شۇنداق قىلىپ، خۇددى ئىنتىلىك يېغىۋاتقان يامغۇردەك ئوي - پىكىر ئىنتايىن ئېگىز ئەرشتىن توختىماي قۇيۇلۇپ، ئۇنىڭ مېڭىسىگە كىرىپ تۇرىدۇ. ئۇ پېشانىسىنى ئۆز قولىنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئوچۇق تۇرغان ئىشىكنىڭ تېشىدىن ئۆينىڭ ئىچىگە قارىشىدۇ — بىز بۇ ھالەتنى ياز كۈنى كەچتە يۈز بەرگەن دەپ پەرەز قىلايلى، لېكىن مانا مۇشۇ جىمىكى تارىخنى توقۇلما نەقەدەر زېرىكتۈرەرلىك - ھە! ئۇ مېنى قىلچىمۇ قىزىقتۇرالمايدۇ. مەن ئادەمنى شادلاندۇرىدىغان بىرەر پىكىر يولىغا ئۇچراپ قېلىشنى، شۇنداقلا ئاشۇ پىكىر يولىنىڭ ۋاستىلىك بولسىمۇ شانۇ - شەرىپىمنى ئاشۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن. مۇنداق ئويلار ئادەمنى ھەممىدىن بەكرەك خۇشال قىلىدۇ. ھەتتا باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ماختىشىنى ياقتۇرمايدىغانلىقىغا ھەقىقىي ئىشىنىدىغان كەمتەر، شۇنداقلا كۆل رەڭ ئادەملەرنىڭ كاللىسىدىمۇ مۇشۇنداق ئويلار پات - پات پەيدا بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى بىۋاستە ماختىمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئېسىللىكى مانا شۇ يەردە. بۇ ئويلار مانا مۇنداق:

«شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆيگە كىردىم. ئۇلار بوتانىكا ھەققىدە پاراڭ سېلىشىۋاتقانىكەن، مەن كېسۋېيدىكى بىر كونا ئۆينىڭ ھۇلىغا يىغىلىپ قالغان چاڭدا بىر گۈلنىڭ ئېچىلغانلىقىنى كۆرگەن، ئۇ گۈلنىڭ ئۇرۇقى چارلىز بىرىنچى تەختتە ئولتۇرۇۋاتقان دەۋردە تېرىلغان بولسا كېرەك، دېدىم مەن ۋە: چارلىز بىرىنچى تەختتە ئولتۇرۇۋاتقان دەۋردە كىشىلەر قانداق گۈللەرنى تېرىيدىغان بولغىيدى، دەپ سورىدىم (لېكىن نېمە دەپ جاۋاب بېرىلگەنلىكى ئېسىمدە

يوق). ئېھتىمال ئېيىتقىنىڭىز، بىنەپشە رەڭ پۆپەكلىك بار گۈلنى تېرىيدىغاندۇر. شۇنداق قىلىپ مانا شۇنداق ئويلاۋېرىمەن. شۇنداقلا مەن كاللامدا ئۆزۈمنىڭ ئوبرازىمنى پەردازلاپ، ئۆز ئوبرازىمغا كۆيۈمچانلىق بىلەن، لېكىن ئاشكارا ئەمەس، ئوغرىلىقچە چوقۇنىمەن. چۈنكى مەن ھەقىقەتەن ئاشكارا مۇشۇنداق قىلسام، دەرھاللا ئۆزۈمگە تۇتۇلۇپ قالىمەن. دەرھاللا قولۇمنى سۇنۇپ بىرەر كىتابنى ئالىمەن-دە، ئۆزۈمنى يوشۇرىمەن، دەپ كەلسەم قىزىق، كىشىلەر ھەمىشە ئۆز ئوبرازىنى تەبىئىي ھالدا قوغدايدۇ. ئۇنى مەبۇت قىلىپ تېۋىنىشقا ياكى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئالدىغاندىقتۇر باشقا چارىلىرى ئارقىلىق ئۇنى كىچىكلىك ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇشقا، ياكى ئۇنى كىشىلەر ئىشەنمىگۈدەك دەرىجىدە ئەسلىسىگە ئوخشىمايدىغان قىلىپ قويۇشقا يول قويمايدۇ. لېكىن بۇ پاكىتمۇ ئۇنچىلا غەلىتە بولماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ بۇ مەسىلە ئىنتايىن مۇھىم. ئەگەر ئەينەك چېقىلىپ كەتسە، ئوبرازمۇ يوقىلىدۇ. ھېلىقى رومانتىك ئوبراز بىلەن ئەتراپتىكى بۆك - باراقسان يېشىل ئورمانمۇ مەۋجۇت بولماي قالىدۇ. پەقەت ئادەمنىڭ باشقىلار كۆرەلەيدىغان ئاشۇ تاشقى پوستىلا قالىدۇ — دۇنيا نەقەدەر زېرىكىشلىك، نەقەدەر يۇزە، نەقەدەر تاقىر، نەقەدەر كۆپۈنكى - ھە! مۇنداق دۇنيادا ياشىغىلى بولمايدۇ! بىز ئاپتوبۇستا ۋە يەر ئاستى تۆمۈريولدا يۈزمۇ - يۈز قارىشىپ ئولتۇرغىنىمىزدا، ئەينەككە قاراۋاتقاندەك بولىمىز؛ مانا بۇ بىزنىڭ نەزەرىمىزنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇ قەدەر ناخۇش، شۇنداقلا تۇتۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. كەلگۈسىدىكى يازغۇچىلار بۇ ئويلارنىڭ ئەھمىيىتىنى بارغانسېرى تونۇپ يېتىدۇ، چۈنكى بۇ پەقەت بىرلا ئوي ئەمەس، بەلكى چەكسىز نۇرغۇن ئوي، ئۇلار چوڭقۇر ئىزدىنىدۇ، خىيالىي مەنزىرىنى قوغلىشىدۇ، رېئاللىقنى تەسۋىرلەشنى بارغانسېرى ئۆز ھېكايىلىرىنىڭ سىرتىغا قېقىپ چىقىرىۋېتىدۇ. ئۇلار: مۇنداق ساۋاتلار ئەزەلدىن بار ئىدى، يۇنانلىقلار شۇنداق ئويلىغان، شېكسپىرمۇ شۇنداق ئويلىغان دەپ قارىشىدۇ، لېكىن مۇنداق يىغىنچاقلاشنىڭ قىممىتى يوق، پەقەت يىغىنچاقلاش دېگەن مۇشۇ بىر سۆزنى ئاڭلاشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە. ئۇ ئادەمگە باش ماقالىنى ئەسلىتىدۇ، ئېچكى ئىشلار ۋەزىرىنى ئەسلىتىدۇ — بىر توقاي شەيئىنى ئەسلىتىدۇ، كىشىلەر بالىلىق دەۋرىدە مانا مۇشۇ شەيئىلەرنى ئورتودوكسال، ئۆلچەملىك، ھەقىقىي شەيئىلەر، ھەممىلا ئادەم ئۇلارغا رىئايە قىلىشى كېرەك، ئۇنداق قىلمىسا، دوزاخقا كىرىپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كېلىشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ، يىغىنچاقلاش ھەقىقەتەن گەپ بولۇپ قالسا، ئادەم ئېسىدىكى لوندۇننىڭ يەكشەنبىسىنى، يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىنكى سەيلىنى، يەكشەنبە كۈنىدىكى چۈشلۈك تاماقنى ئەسلەپ قالىدۇ. شۇنىڭدەك ئالەمدىن ئۆتكەنلەرنىڭ سۆزلەش ئۇسۇلىنى، كىيىنىشىنى، ئادەتلىرىنى — مەسىلەن، ھەممەيلەن بىر ئۆيگە يىغىلىپ (گەرچە شۇنداق قىلىشنى ھېچكىم ياقتۇرمىسىمۇ)، تاكى مەلۇم بىر سائەتكىچە ئولتۇرۇش ئادەتلىرىنى ئەسلەپ قالىدۇ. ھەر بىر ئىشنىڭ مۇئەييەن

قائىدىسى بولىدۇ. ئاشۇ ئالاھىدە ھەزگىلدىكى داستىخاننىڭ قائىدىسىنى ئالساق، ئۇ چوقۇم كۆللۈك ئەدىيالىدىن تىكىلمىشى، خۇددى سىز فوتو سۈرەتلەردە كۆرگەن خان سارىيىنىڭ دەھلىزلىرىگە سېلىنغان گىلەملەردىكىدەك سېرىق رەڭدە ئۇششاق چاقماق گۈل بېسىلغان بولۇشى كېرەك. باشقا نۇسخىدىكى داستىخان ھەقىقىي داستىخان ھېسابلانمايدۇ. بىز مۇشۇ ھەقىقىي شەيئىلەرنىڭ، يەكشەنبە كۈنىدىكى چۈشلۈك تاماق، يەكشەنبىلىك سەيلە، قورۇقلارنىڭ ھويلىلىرى ۋە داستىخان دېگەندەك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭلا ھەقىقىي ئەمەسلىكىنى، ئۇلاردا راستىنلا خىيالىي مەنزىرە پۇرىقىنىڭ بارلىقىنى، ئۇلارغا ئىشەنمىگەنلەرگە بېرىلگەن جازانىڭ ناھايىتى قانۇنسىز ئەركىنلىك ھېسسىياتىدىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بايقىغان چېغىمىزدا، بۇ نەقەدەر ھەيران قالارلىق، شۇنداقلا نەقەدەر ئاجايىپ تۇيۇلىدۇ — ھە! ھازىر ئەمدى شۇلارنىڭ — ئاشۇ ھەقىقىي، ئۆلچەملىك نەرسىلەرنىڭ ئورنىنى زادى نېمىلەر باستىكىن، مەن مانا شۇنىڭغا ھەيران. ئېھتىمال ئەرلەردۇر، ئەگەر سىز ئايال بولسىڭىز؛ ئەرلەرنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى بىزنىڭ ئۆمرىمىزگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ئۆلچەمنى بەلگىلەيدۇ. ۋىتىكىنىڭ① ھۆرمەتلىكلەر بىلەن پەسلەرنىڭ رەت تەرتىپ جەدۋىلىنى بېكىتىدۇ. مېنىڭ پەرىزىمچە، ئۇ ئۇرۇشتىن كېيىن نۇرغۇنلىغان ئەرلەرگە ۋە ئاياللارغا خىيالىي مەنزىرە پۇرىقىنى بېغىشلىغان بولسا كېرەك. بىزنىڭ ئۈمىدىمىزچە، ئۇنىمۇ پات ئارىدا خۇددى خىيالىي مەنزىرىلەرگە، پالساندىر ياغىچىدىن ياسالغان قاچا-قۇچا ئىشكاپى، لاندسىرنىڭ ئويما رەسىملىرى، خۇدا، ئالۋاستى، دوزاخ دېگەندەك نەرسىلەرگە ئوخشاش كۈلكىگە قالىدۇ، ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىنىۋېتىلىدۇ. بىزگە بولسا، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان قانۇنسىز ئەركىنلىك ھېسسىياتىلا قالىدۇ، ئەگەر ئەركىنلىك ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولسا...

مەلۇم يورۇقلۇق چۈشۈپ تۇرغان ئەھۋالدا تامدىكى ھېلىقى داغقا قارىۋىدىم، ئۇ تامدىن كۆپچۈپ چىقىپ تۇرغاندەكلا كۆرۈندى. ئۇ پۈتۈنلەي يۇمىلاقتەكمۇ قىلمايتتى. مۇئەييەنلەشتۈرۈپمۇ كېتەلمەيمەن. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئازراقتىنا سۇس سايە تاشلاپ تۇرغاندەك قىلاتتى. ماڭا گويا ئەگەر بارمىقىم بىلەن تام مەشنى بويلاپ سىلاپ ماڭسام، بىر جايغا بارغاندا خۇددى جەنۇبىنىڭ تۆپىلىك ئوتلاقلىرىدا ئۇچرايدىغان قەدىمىي قەبرىلەردەك تۈزلىنىپ كېتىدىغان كىچىككىنە قەدىمىي قەبرە قولۇمغا ئۇرۇلىدىغاندەكلا تۇيۇلدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇلار قەبرە ئەمەس، بەلكى قونالغۇ ئىمىش. شۇ ئىككىسىدىن، مەن ئۇلارنىڭ قەبرە بولۇپ قېلىشىنى خالايتتىم. مەنمۇ ئېنگلىزلارنىڭ كۆپچىلىكىگە ئوخشاش قايغۇ-ھەسرەتكە ئامراق، ئۇنىڭ ئۈستىگە، سەيلە قىلىپ بولغان چاغدا ئوتلاقنىڭ ئاستىدا ئاق ئۇستىخانلارنىڭ كۆمۈلۈپ ياتقانلىقىنى يادقا

① ۋىتىكىر — يوسېف ۋىتىكىر (1820 — 1895) ئەنگلىيىنىڭ نەشرىيات سودىگەرى. ئۇ «كىتاب سودىسى» ناملىق ژۇرنال چىقارغان. 1868-يىلىدىن تارتىپ ۋىتىكىر يىلنامىسى ئىزچىل باسىلغان.

ئېلىش — ناھايىتى تەبىئىي ئىش... ئۇ توغرىلىق بىرەر كىتابتا يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن. قەدىمىي نەرسىلەرنى يىغىپ ساقلايدىغان بىرەر كىشى ئۇ ئۇستىخانلارنى قېزىۋېلىپ، ئۇلارغا ئىسىم قويغان بولۇشى مۇمكىن... مەن بىر بىلىپ باققان بولسام: قەدىمىي نەرسىلەرنى يىغىپ ساقلىغۇچى زادى قانداقراق ئادەمدۇ؟ بەلكىم ئۇ ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن شاگىشياۋ بولۇشى مۇمكىن. ئۇ چوقۇم ياشىنىپ قالغان بىر توپ ئىشچىنى باشلاپ، بۇ يەرنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىغا چىقىپ، داڭگاللار بىلەن تاشلارنى تەكشۈردى، شۇ ئەتراپتىكى باستېر بىلەن خەت يېزىشتى. باستېر ئەتىگەنلىك تاماق ۋاقتىدا خەتنى ئېچىپ ئوقۇپ، ئۆزىنى ئىنتايىن مۇھىم ئادەم چاغلىدى بولغاي. بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان يا ئوقىنىڭ ئۇچىنى سېلىشتۇرۇپ بېقىش ئۈچۈن، يېزىلار ئارا نۇرغۇن قېتىم ساياھەت قىلىشقا، مۇشۇ ئوبلاستنىڭ مەركىزىگە بېرىشقا توغرا كەلگەندۇر. مۇنداق ساياھەت باستېرلار بىلەن ئۇلارنىڭ جورىلىرىغا نىسبەتەن كۆڭۈللۈك مەجبۇرىيەت. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ جورىلىرى گىلاس مۇراببasى قاينىتاتماقچى ياكى كىتابخانىنى يىغىشتۇرۇپ قويماقچى بولغىيدى. ئۇلار ھېلىقى قونالغۇ ياكى قەبرە توغرىسىدىكى مۇھىم مەسىلىنىڭ ھەل بولماي ئۇزاققىچە ئېسىلىپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىشقا تامامەن ھەقلىق. شاگىشياۋنىڭ ئۆزى بولسا، مۇشۇ مەسىلىنىڭ ئىككى تەرىپىگە دائىر ئىسپاتلارنى يىغقىلى بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىغا قارىتا خۇشاللىق ھېس قىلدى، شۇنداقلا كەڭ قورساقلىق قىلدى. دەرۋەقە، ئۇ ئاخىرىدا بېرىپ قونالغۇ دېگەن قاراشقا ئاغدى. ئۇ قارشىلىقتا ئۇچرىغاچقا، بىر ماقالە يېزىپ، يەرلىك جەمئىيەتلەرنىڭ پەسىللىك يىغىلىشىدا ئوقۇماقچى ئىدى. نەق شۇ چاغدا ئۇ شامال تېگىپ ئاغرىپ قالدى. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى سەگەك ئويىدا خوتۇنى بىلەن باللىرىنى ئەمەس، بەلكى قونالغۇ بىلەن يا ئوقىنىڭ ئۇچىنى ئەسلىدى. بۇ يا ئوقىنىڭ ئۇچى شۇ جايدىكى مۇزېينىڭ ئىشكاپىغا چۈشكۈلۈك قاتىل ئايالنىڭ بىر پۈتى، ئېلىزابېت دەۋرىدىكى تۆمۈر مىخ، دۇدو خانلىقى دەۋرىدە شۇ جايدا ياسالغان بىر توقاي غاڭزا، رىم دەۋرىدىكى بىر ساپال قاچا، نارسون شاراب ئىچكەن قەدەھ بىلەن بىللە قويۇپ قويۇلغان. مەن ئۇنىڭ زادى نېمىنى ئىسپاتلىغانلىقىنى راستتىنلا بىلمەيمەن.

ياق، ياق، ئۇ ھېچنېمىنى ئىسپاتلىمىدى، ھېچنېمىنىمۇ كەشىپ قىلمىدى. ئەگەر مەن دەل مۇشۇ چاغدا ئورنىمدىن تۇرۇپ، تامدىكى داغنىڭ ھەقىقەتەن — بىز قانداقراق دېسەك بولار؟ — غايەت زور كونا مىخنىڭ بېشى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ تامغا قېقىلغىنىغا 200 يىل بولغانلىقىنى، تاكى ھازىرغىچە مالاي خوتۇنلار ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد سەۋرچانلىق بىلەن سۈرتۈۋەرگەچكە، مىخنىڭ بېشىنىڭ سىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ قالغانلىقىنى، تاملىرى ئاپئاق ئاقارتىلغان، ئوچاقتا ئوت لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان بىر ئۆيدە، ھازىرقى زامان تۇرمۇشىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنىۋالغان بولسام، شۇنداق قىلىش ئارقىلىق نېمىگە ئېرىشەرمەن؟ ساۋاتقىمۇ

ياكى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ پىكىر يۈرگۈ-
زۈشكە ئىمكان بېرىدىغان تېمىغىمۇ؟
مەن مەيلى جىمىدە ئولتۇراي ياكى
ئۆرە تۇراي، ئوخشاشلا پىكىر يۈرگۈزەلەي-
مەن. ساۋات دېگەن نېمە؟ بىزنىڭ ئالىم-
لىرىمىز ئۆڭكۈردە ۋە ئورمانلاردا زوڭ
ئولتۇرۇپ دورا ئۆسۈملۈكى قايناتقاندىن،
چاشقاننى، يۇلتۇزلارنىڭ تىلىنى خاتىرى-
لىۋالغان پېرىنخۇن بىلەن دەرۋىشنىڭ
ئەۋلادلىرىنى سوراق قىلىشتىن باشقا
يەنە نېمە قىلالايدۇ؟ بىزنىڭ خۇراپاتلى-
قىمىز ئاستا - ئاستا يوقىلىۋاتىدۇ.
بىزنىڭ گۈزەل ۋە ساغلام پىكىرلەرگە بول-
غان ھۆرمىتىمىز بارغانسېرى ئېشىۋاتىدۇ.
بىز ئۇلارغا ئانچە ھۆرمەت قىلمايدىغانمۇ
بولۇپ قالدۇق... شۇنداق، ئادەملەر
ئىنتايىن سۆيۈملۈك دۇنيانى تەسەۋۋۇر
قىلالايدۇ. بۇ دۇنيا تىنىچ ۋە پايانسىز.
بىپايان دالىلاردا قىپقىزىل ۋە كۆكۈش
گۈللەر ئېچىلىپ تۇرىدۇ. مانا بۇ دۇنيادا
پروفېسسورلار يوق، مۇتەخەسسىسلەر يوق،
ساقچى چىراي باشقۇرغۇچىلارمۇ يوق.
بۇ يەردىكى كىشىلەر خۇددى بېلىق
سۇنىڭ يۈزىنى قاناتلىرى بىلەن يېرىپ
ئاچقىنىدەك ئۆز تەپەككۇرى ئارقىلىق
دۇنيانى ئاچىدۇ. نىلوپەر گۈلىنىڭ
تۇۋىدىن ئاستا ئۆتۈپ، دېڭىز قۇشلىرى-
نىڭ ئاپئاق تۇخۇملىرى بىلەن لىق تولغان
ئۇۋىلارنىڭ ئۈستىدە پەرۋاز قىلىدۇ...
دۇنيانىڭ مەركىزىدە يىلتىز تارتىپ،
تۇتۇق دېڭىز شۈيى ۋە سۇدىكى بىردەم-
لىك چاقنىغان نۇر ئارقىلىق، شۇنداقلا
سۇدىكى شولا ئارقىلىق قارىسىڭىز،
بۇ يەر نەقەدەر تىنىچ - ھە - ناۋادا
ۋىتىكىنىڭ يىلنامىسى بولمىسا، ناۋادا
ھۆرمەتلىكلەر بىلەن پەسلەرنىڭ رەت
تەرتىپ جەدۋىلى بولمىسا!

مەن جەزمەن چاچراپ تۇرۇپ
ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ باقىمەن: تام-
دىكى داغ زادى نېمە؟ بىر تال مىخمۇ
ياكى ئەتىر گۈلنىڭ بەرگىمۇ؟ يا بولمىسا
ياغاچنىڭ يېرىقىمۇ؟ بۇ يەردە تەبىئەت
يەنە ئۆزىنى ساقلاپ قېلىشتىكى كونا
ئويۇنىنى ئويناۋاتىدۇ. ئۇنىڭچە بۇ پىكىر
ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ بىر قىسىم زېھنىي
كۈچىنى خورىتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.
بەلكىم رېئاللىق بىلەن ئازراق تۇقۇنۇ-
شۇپ قېلىشى مۇمكىن. چۈنكى كىممۇ
ۋىتىكىنىڭ ھۆرمەتلىكلەر بىلەن پەسلەر-
نىڭ رەت تەرتىپى جەدۋىلىنى بىمەنى-
لىك دەپ ئەيىبلىيەلەيدۇ؟ ئارخىيېپسكوپ
كانتىبورىنىڭ كەينىگە چوڭ سوتچى
تىزىلىپتۇ، چوڭ سوتچىنىڭ كەينىگە
يەنە ئارخىيېپسكوپ ژوك تىزىلىپتۇ.
ھەر بىر ئادەم مەلۇم بىر ئادەمنىڭ كەي-
نىگە تىزىلىشى كېرەك، مانا بۇ ۋىتىك-
نىڭ پەلسەپىسى. بۇنىڭدا كىمنىڭ
كەينىدە تۇرۇشى كېرەكلىكىنى بىلىش
ھەممىدىن مۇھىم. بۇنى ۋىتىك بىلىدۇ.
تەبىئەت سىزگە شۇنى ئاگاھلاندۇرىدۇكى،
مۇشۇنىڭ ئۈچۈن غەزەپلىنىپ يۈرمەڭ،
بەلكى ئۇنىڭدىن تەسەللىي تېپىڭ.
ناۋادا تەسەللىي تاپالمىسىڭىز ياكى
مۇشۇ بىر سائەتلىك جىمجىتلىقنى
بۇزغىڭىز كەلسە، ئۇ ھالدا تامدىكى
داغ توغرىلىق ئويلاپ بېقىڭ.

مەن تەبىئەتنىڭ قانداق ئويۇن
ئويناۋاتقانلىقىنى چۈشىنىمەن — ئۇ
ئادەمنى ئاسان ھاياجانلاندۇرىدىغان ياكى
ئازابلايدىغان پىكىرلەرنى ئاياغلاشتۇرۇش

www.uyghurkitap.com

ئۆچۈن، بىزنى ھەرىكەت قىلىشقا ئاستىرتتىن كۈشكۈرتۈۋاتىدۇ. مېنىڭچە بىز دەل مۇشۇ سەۋەبلىك ئەمەلىيەتچىلەرگە سەل قاراشتىن ھەمىشەم خالىي بولالمايمىز، بىز مۇنداق ئادەملەرنى پىكىر يۈرگۈزۈشنى ياقتۇرمايدۇ، دەپ قارايمىز. لېكىن بىزمۇ تامدىكى داغقا تىكىلىپ ئولتۇرۇپ، كۆڭۈلسىز پىكىرلەرنى ئۈزۈپ قويۇپ باقساق زىيىنى بولماس ئىدى.

راست، مانا ئەمدى مەن ئۇنىڭغا قانچىكى زەن سېلىپ قارىغانسېرى، ئۆزۈمنى گويا دېڭىزدا بىر تال ياغاچقا ئېرىشكەندەكلا سېزىۋاتىمەن. مەن ئادەمنى مەمنۇن قىلىدىغان رېئاللىق تۇيغۇسىنى ھېس قىلىپ، ھېلىقى ئىككى ئارخىيېپىسكوپ بىلەن چوڭ سوتچىنىڭ ھەر ئۈچىلىسىنى ساختا خىيالىي مەنزىرىگە كىرگۈزۈۋېتىمەن. مانا بۇ يەردە بىر كونكرېت نەرسە، بىر ھەقىقىي نەرسە تۇرۇپتۇ. بىز يېرىم كېچىدە يامان چۈش كۆرۈپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتسەك، كۆپىنچە شۇنداق بولىدۇ، دەرھال چىراغنى ياندۇرىمىز، بىر دەم جىمىدە ياتىمىز. كېيىن ئىشكاپىدىن زوقلىنىمىز، ئەمەلىي نەرسىلەردىن زوقلىنىمىز، رېئاللىقتىن زوقلىنىمىز، ئۆزىمىزدىن، تاشقى دۇنيادىن زوقلىنىمىز. ئۇ بىزنىڭ ئۆزىمىزدىن تاشقىرى يەنە باشقا شەيئىلەرنىڭمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بىزنىڭ ئېنىقلىماقچى بولغىنىمىزمۇ مانا مۇشۇ مەسىلە. ياغاچ — پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئەرزىيدىغان كۆڭۈللۈك شەيئى، ئۇ بىر تۈپ دەرەختىن ھاسىل بولغان. دەرەخ كۆكىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ قانداق ئۆسۈپ يېتىلىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز. ئۇلار ئوتلاقلاردا، ئورمانلاردا، دەريالارنىڭ بويلىرىدا ئۆسىدۇ. مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى بىز سۆيۈنۈپ تۇرۇپ ئويلايدىغان شەيئىلەر. ئۇلار ئۆسىدۇ، ئۆسىدۇ، ئۇزۇن يىللارغىچە ئۆسىدۇ، بىزگە بولسا، قىلچە دىققەت قىلمايدۇ. يېزغىرىم ئىسسىق كۈنلىرى چۈشتىن كېيىن ئىنەكلەر دەرەخلەرنىڭ ئاستىدا قۇيرۇقلىرىنى شىپاڭشىتىپ تۇرۇشىدۇ؛ دەرەخلەر كىچىككىنە دەريانى شۇ قەدەر يېشىللىققا پۈركەيدۇكى، قىزىل چىشى قۇر سۇغا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتكەن چاغدا، ئۇ بىزگە گويا سۇنىڭ يۈزىگە پەرلىرى ياپيېشىل بولۇپ چىقىشى كېرەكتەك تۇيۇلىدۇ. مەن خۇددى شامال كۆپتۈرۈۋەتكەن بايراقتەك ئېقىمغا قارشى ئۈزىدىغان بېلىقلار توغرىلىق ئويلاشنى ياقتۇرىمەن، مەن يەنە دەريا قىنىدا ئۈستى يۇمىلاق توپا دۆۋىلىرىنى ئاز - ئازدىن قوپۇرۇپ چىقىدىغان سۇ قوڭغۇزلىرى توغرىلىق ئويلاشنى ياخشى كۆرىمەن؛ مەن ئاشۇ دەرەخنىڭ ئۆزىگە ئوخشايدىغان ئەھۋاللار توغرىلىق: ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئۆز ياغاچ ماددىسىنىڭ زىچلىقى، قۇرغاقلىق سەزگۈسى توغرىلىق، ئاندىن گۈلدۈرماملىق ياغۇرنىڭ نابۇت قىلىشىنى سېزىشى توغرىلىق، ئۇنىڭ كەينىدىن دەرەخ سۇيۇقلۇقىنىڭ ئاستا، ئازادە تامچىلاپ ئېقىشىنى سېزىشى توغرىلىق ئويلاشنى ياقتۇرىمەن؛ مەن يەنە ئاشۇ دەرەخنىڭ قىش كېچىسى قتۇۇ-قتۇۇق ئېتىزدا قانداق قىلىپ يالغۇز قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىغانلىقى، يوپۇرماقلىرىنى زىچ قۇرۇپ، ئايغا قارىتىپ ئوق ئۈزىدىغانلىقى،

ھەر قانداق ئاجىزلىقىنى ئاشكارىلىماي،
خۇددى قۇپقۇرۇق ماچىتىدەك، كېچىچە
توختىماي پىرقىراپ چىقىدىغان زېمىندا
تىك تۇرىدىغانلىقى توغرىلىق ئويلاشنى
ياخشى كۆرىمەن. ئالتىنچى ئايدا قۇشلار-
نىڭ سايراشلىرى قۇلاققا سەت ئاڭلىنىدۇ،
ياقمايدۇ، ئۇششاق ھاشاراتلار دەرەخ
پوستىنىڭ قورۇقلىرىدا ئاران - ئاران
ئۆمىلەپ يۈرۈشىدۇ ياكى يوپۇرماقلارغا
سىڭىشۇالغان نېپىزغىنا يېشىل سايىۋىنىنىڭ
ئۈستىدە ئاپتاپ سۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ قىزىل
ياقۇتتەك كۆزلىرى ئالدىنقى تەرەپكە
تىكىلىپ تۇرىدۇ. شۇنداق چاغدا ئۇلار-
نىڭ پۇتلىرى قانچىلىكمۇ توڭۇپ كېتى-
دىغاندۇ - ھە... زېمىنىنىڭ سوغۇقى
كىشىنىڭ جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ،
دەل - دەرەخلەرنىڭ تالالىرى بىر تال -
بىر تالدىن ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ. ئاخىرقى
بوران - چاپقۇن يېتىپ كەلگەندە بولسا،
دەرەخ ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ. دەرەخنىڭ
ئۇچىدىكى شاخلىرى تۇپراققا يېگىلىشتىن
چوڭقۇر كىرىپ كېتىدۇ. مانا شۇ دەرى-
جىگە يېرىپ يەتكەندىمۇ، ھاياتلىق ئاياغ-
لاشمايدۇ. ئاشۇ دەرەخنىڭ يەنە بىر
مىليون تال جاسارەتلىك، سەگەك
ھاياتى دۇنياغا چېچىلىپ كېتىدۇ، بەزى-
لىرى ياتاقخانىلارغا كىرىدۇ، بەزىلىرى
كېمىلەرگە كىرىدۇ، بەزىلىرى ئادەم
ماڭىدىغان يوللارغا چايلىشىدۇ. يەنە
بەزىلىرى بولسا، ئۆيلەرنىڭ تام ئۈېتى-
كىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئەركەكلەر
بىلەن ئايالLar چايلىرىنى ئىچىپ بولۇپ،
شۇ ئۆيلەرگە كىرىپ تاماكا چېكىشىدۇ.
شۇ بىر تۈپ دەرەخ نۇرغۇن - نۇرغۇن
ئىپتىنچ بەختىيار ئەسلىمىلەرنى
ئەسكەسالىدۇ. مېنىڭمۇ ئۇلارنى بىردىن - بىر-
دىن ئويلاپ چىققۇم بار ئىدى، لېكىن
تۇسالغۇغا دۇچ كەلدىم... مەن ئوي-
لاپ نەگە كېلىۋىدىم؟ نېمىلەرنى ئوي-
لاپ مۇشۇ يەرگىچە كېلىپ قالدىم؟ بىر
تۈپ دەرەخمىدۇ؟ بىر دەريانىمۇ؟ تۆپى-
لىك ئوتلاقنىمۇ؟ ۋىتىكىنىڭ يىلنامىسى-
نىمۇ؟ نەرگىس گۈلى ھۆپپىدە ئېچىلىپ
كەتكەن دالىنىمۇ؟ مەن ئەسلىيەلىمىدىم.
ھەممە نېمە ئايلىنىۋاتىدۇ. ئولتۇرۇشۇ-
ۋاتىدۇ. سىيرىلىپ كېتىۋاتىدۇ، غايىب
بولۇۋاتىدۇ... شەيئىلەر زور داۋالغۇش
ئىچىگە كىرىپ قالدى. كىمدۇر يېرى
يېنىمدىلا گەپ قىلىپ قالدى:

— مەن چىقىپ كېزىتتىن بىر نۇسخا
ئېلىپ كىردي.

— شۇنداقمۇ؟

— لېكىن گېزىتنىڭ سېتىۋالغۇچى-
لىكىمۇ قالمىدى، ھېچقانداق خەۋەر يوق.
بېشىنى يەيدىغان ئۇرۇش. ئىت يېسۇن
شۇ ئۇرۇشنى! ... لېكىن نېمىلا دېگەن-
بىلەن، مېنىڭچە بىر قۇلۇلىنىڭ تامدا
ئۆمىلەپ يۈرۈشىگە يول قويساق بولماس.
ھە، تامدىكى داغ! ئۇ بىر قۇلۇلە
ئىكەن - دە.

«چەت ئەل ھېكايىلىرىدىن زوقلىنىش لۇغىتى» دىن

مۇساجان ئەزىزى تەرجىمىسى.

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

# ئەپەندىنىڭ ئامالى

كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئەپەندىم ئېشىكىنى مىنىپ ئۆزۈن سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇ سەپەر جەريانىدا بار ـ يوق بىر تەڭگىسىنى ئۇ قولىدىن بۇ قولىغا ئېتىپ:

— هەي پۇل، هەي پۇل! سەن ئادەملەرنى نىمە كويلارغا سالمايسەن! بەزىلەرنى زار ـ زار قاقشىتىسەن، بەزىلەرنى قاھ ـ قاھ كۈلدۈرىسەن، يەنە بەزىلەرنى ئوغرىلىققا، ئالدامچىلىققا باشلايسەن! — دەپ ئويناپ كېلىۋېتىپ، نامازشام بىلەن شەھەرگە يېقىن بىر يېزىغا كەلگەندە تۇيۇقسىز قولىدىكى تەڭگە يەرگە چۈشۈپ يوقاپ كېتىپتۇ. ئەپەندىم دەرھال ئېشەكتىن چۈشۈپ ئۇيەر، بۇيەرنى ئىزدەشكە باشلاپتۇ، لېكىن شۇنچە ئىزدەپمۇ تاپالماپتۇ. ئاخىرى ئەتىسى ئىزدىمەكچى بولۇپ شۇ جايغا بەلگە قويۇپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئۆزى بەلگە سالغان جايغا كېلىپ تەڭگىنى ئىزدەپتۇ، بىراق تاپالماپتۇ. ئەپەندىم تىت ـ تىت بولغان ھالدا ئەتراپقا قارىغانىكەن، يىراقتىن بىر سۈتچى بوۋاينىڭ ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. سۈتچى بوۋاي يېقىنلاپ كەلگەندىن كېيىن ئەپەندىم ئۇنىڭدىن:

— تەقسىر، بۇ جايدىن ئەتىگەن سىلى ئۆتكەنمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شۇنداق، مەن ھەر كۈنى ئەتىگەندە شەھەرگە سۈت ئەكىرىمەن، — دەپتۇ بوۋاي.

— ئۇنداق بولسا چىقارسىلا بىر تەڭگىنى، — دەپتۇ ئەپەندىم.

بۇنى ئاڭلىغان سۈتچى ھەيران بولغان ھالدا ئەپەندىمنىڭ ئۈستىبېشىغا بىر قۇر قارىغاندىن كېيىن:

— نىمە دەۋاتىلا تەقسىر؟ مەن سىلىگە نىمە ئۈچۈن بىكاردىن بىر تەڭگە بېرىدىكەنمەن؟ مەن ھەر كۈنى سەھەردە شەھەرگە سۈت ئەكىرىپ سېتىپ ئاران دېگەندە ئۈچ تەڭگە تاپىمەن. بۇنىڭ بىر تەڭگىسىنى سىلىگە بەرسەم، قانداق قىلىپ جان باقىمەن؟ — دەپتۇ.

— مەن سىلىدىن تەڭگە تىلەۋاتمايمەن، بەلكى ئۆزۈمنىڭ ئاخشام بۇ يەردە يوقىتىپ قويغان تەڭگەمنى سوراۋاتىمەن. سىلى بۇ جايدىن مېنىڭدىن ئاۋۋال ئۆتكەن تۇرسىلا، تەڭگىنى سىلى ئالماي كىم ئالىدۇ؟ — دەپتۇ ئەپەندىم.

— مەن بۇ يەردىن ئۆتكەندە تېخى تاڭ ئاتمىغان تۇرسا، تەڭگىنى قانداقمۇ مەن ئالغان بولىمەن؟ — دېپتۇ بوۋايمۇ

بوش كەلمەي. دەرغەزەپكە كەلگەن ئەپەندىم:

— تەڭگەمنى بېرەملا، بەرمەملا؟ — دەپ سۈتچىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپتۇ. ئەپەندىمدىن ئاسانلىقچە قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن سۈتچى بوۋاي ئىلاجىسىز ئەپەندىمگە بىر تەڭگە بېرىپ يولغا راۋان بوپتۇ.

سۈتچى بوۋاي كەتكەندىن كېيىن ئەپەندىم تەڭگىگە سىنچىلاپ قارىسا ئۇ تەڭگە كونا بولۇپ، ئۆزىنىڭكىگە ئوخشىماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەپەندىم ئۆزىنىڭ تەڭگىسىنى ئەتىسى ئىزدىمەكچى بولۇپ قايتىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئەپەندىم تەڭگىنى ئىزدەپ يەنە تاپالماپتۇ ۋە شۇ جايدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھازىدار بىر كىشىدىن سوراپتۇ:

— سىلى ئەتىگەن بۇ يەردىن ئۆتكەنمۇ؟

— ئۆتكەن تەقسىر، دادامنىڭ قازا تاپقانلىقىنى شەھەردىكى تۇغقانلارغا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن سەھەردە بۇ يەردىن ئۆتكەن، — دەپتۇ ھېلىقى ھازىدار كىشى.

— ئۇنداق بولسا چىقارسىلا بىر تەڭگىنى، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— نېمىشقا بىر تەڭگىنى چىقىرىدىكەنمەن؟ — دەپ سوراپتۇ ھازىدار كىشى ھەيران بولۇپ.

— ئالدىنقى كۈنى مەن بۇ جايدا بىر تەڭگە يىتتۈرۈپ قويغان. سىلى ئالمىسىلا كىم ئالىدۇ؟ — دەپتۇ ئەپەندىم ئۆكتەملىك بىلەن.

— مەن ئۆلۈم ئىشى بىلەن كېتىۋاتقان تۇرسام قانداقمۇ سىلىنىڭ بىر تەڭگىلىرىنى ئالاي، — دەپتۇ ھازىدار كىشى.

— تولا گەپ قىلماي چىقارسىلا تەڭگەمنى، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ ئەپەندىم.

ھازىدار كىشى ئالدىراش بولغاچقا ئامالسىز ئەپەندىمگە بىر تەڭگىنى بېرىپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئەپەندىم بۇ تەڭگىنىڭمۇ ئۆزىنىڭ ئەمەسلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئەتىسى مۇشۇ جايغا كېلىپ ئۆزىنىڭ تەڭگىسىنى ئىزدىمەكچى بولۇپ قايتىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئەپەندىم يەنە شۇ جايغا كېلىپ بىر پادىچىدىنمۇ ئاۋۋالقى كۈنلەردىكىدەك ئۇسۇل بىلەن بىر تەڭگە ئېلىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش ئەپەندىمگە ئادەت بولۇپ قاپتۇ.

كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپ بۇ ئىش تەگرىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. تەگرى دەرغەزەپكە كېلىپ ئەپەندىمنىڭ جېنىنى ئالماقچى بولۇپ، پەرىشتىلەرنى چاقىرغانىكەن، پەرىشتىلەر ئەپەندىمنىڭ يەنە 30 يىللىق ئۆمرى بارلىقىنى ھېسابلاپ بېرىپتۇ. شۇئان تەگرى ئەزرائىلغا:

— سەن دەرھال زېمىنغا چۈشۈپ ئەپەندىمنى بۇ يامان يولدىن ياندۇر! — دەپ بۇيرۇپتۇ.

ئەزرائىل بۇيرۇقنى بەجا كەلتۈرۈپ زېمىنغا چۈشۈپتۇ-دە، دېھقان سىياقىغا كىرىپ ئەپەندىمنىڭ قېشىغا كەپتۇ.

ئەپەندىم دېھقان سىياقىدىكى ئەزرائىلغىمۇ «بىر تەڭگەمنى بەر» دەپ يېپىشىپتۇ. ئەزرائىل تەڭگىنى ئالمىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئەپەندىم ئادىتى بويىچە ئەزرائىلنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ

«تەڭگەمنى بەر» دەپ تەرسالىق قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. ئەزرائىل ئىشنىڭ ئەپلەشمىگەنلىكىنى كۆرۈپ:

— ياقامنى قويۇۋەت، بولمىسا جېنىڭنى ئالىمەن! — دەپتۇ.

— ئەزرائىلمىدىڭ سەن جېنىمنى ئالىدىغان؟ — دەپتۇ ئەپەندىم.

— شۇنداق مەن ئەزرائىل، — دەپتۇ دېھقان سىياقىدىكى ئەزرائىل. لېكىن ئەپەندىم پىسەنت قىلماپتۇ. ئەزرائىل دەرھال ئەپەندىمنىڭ پۇتىدىكى جاننى ئاپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئەپەندىم ئەزرائىلنىڭ ياقىسىنى قويۇۋەتمەپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئەزرائىل ئەپەندىمنىڭ پەقەتلا بېشىنى ساق قويۇپ، باشقا ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ جېنىنى ئاپتۇ. ئەپەندىم ئاخىرى تەن بېرىپ ئەزرائىلنىڭ ياقىسىنى قويۇۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەزرائىل ئەپەندىمگە نەسىھەت قىلىپ:

— سەن ئەمدى بۇ يامان يولدىن يان، بولمىسا كىشىلەرنىڭ قارغىشىغا ئۇچرايسەن، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا مەن جېنىمنى قانداق جان ئېتىمەن؟ — دەپتۇ ئەپەندىم

— سودىگەرچىلىك قىل، — دەپتۇ ئەزرائىل.

— مەن ھېسابتىن ئاسانلا ئېزىپ قالىمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— ئەمىسە تېۋىپلىق قىل، — دەپتۇ ئەزرائىل.

— مەن ئەزەلدىن ئۇنداق ئىشنى قىلىپ باقمىغان تۇرسام، قانداق قاملاشتۇرالايمەن؟ — دەپتۇ ئەپەندىم.

— ئۇنداق بولسا مەن ساڭا بىر مەسلىھەت بېرەي، — دەپتۇ ئەزرائىل سەل ئويلىنىپ، — سەن ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى كۆپ كىشىلەرنى قاقتى-سوقتى قىلدىڭ، بۇنى ئاللا ئاسان كەچۈرمەيدۇ. سەن بۇ گۇناھلىرىڭنى يۇيۇش ئۈچۈن كەمبەغەللەرگە خەيرخاھلىق قىل، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئارازچىلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن تىرىش.

ئەپەندىم:

— ئۇنى قايسى يوسۇندا قىلىمەن؟ — دەپتۇ. ئەزرائىل:

— گەپدانلىقنى ئۆگىنىپ، غەمكىنلەرنى كۈلدۈر، مۇغەمبەرلەرنىڭ يۈزىنى تۆۋەن قىل، كىشىلەر ئارىسىدىكى يامان ئىللەت، ناچار ئىشلارنى قامچىلا، — دەپتۇ. ئەپەندىم بۇ مەسلىھەتكە ماقۇل بوپتۇ. ئەزرائىل غايىب بوپتۇ. ئەپەندىم بولسا سۆزمەنلىكنى ئۆگىنىشكە كىرىشىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ داڭقى ھەر تەرەپكە تارقاشقا باشلاپتۇ. ئەپەندىم شەھەرمۇ-شەھەر ئايلىنىپ ياخشىغا ياخشىچە، يامانغا يامانچە سۆزمەنلىك قىلىپ نۇرغۇن يىللارنى ئۆتكۈزۈپتۇ.

ئەزرائىلنىڭ ھېسابىدا ئەپەندىمنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى 30 يىلىمۇ تۈگەپتۇ. بىر كۈنى ئەزرائىل ئەپەندىمنىڭ يېنىغا كېلىپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئەمدى سېنىڭ ئۆمرۈڭ ئاخىرلىشىپ پەقەت ئۈچ كۈنلۈكلا ئۆمرۈڭ قالدى، شۇڭا سەن بۈگۈندىن باشلاپ ئېلىم-بېرىم ئىشلىرىڭنى پۈتتۈرۈۋال.

بۇنى ئاڭلىغان ئەپەندىم ھەيران قېلىپ:

— ئاران ئۈچ كۈنلا ئۆمرۈم قالدىمۇ؟ — دەپتۇ.

— شۇنداق، ئەسلىدە ساڭا دېمەيلا

چېچىمنى ئالاتتىم، سېنىڭ يۈز ـ خاتىرەڭ
كۆچۈن ئالدىڭدىلا خەۋەر قىلدىم. مېنىڭمۇ
ئامالىم يوق. پېشانەڭگە پۈتۈلگىنى شۇ!
تەڭرىڭگە تەن بەرمەي نېمە ئامال، ــ
دەپتۇ.

ئەپەندىم ئۇيان ئويلاپ، بۇيان
ئويلاپ، كۆڭلىگە بىر ئىش پۈككۈپتۇ.

ئەتىسى ئەپەندىم يىغقان مال ـ
دۇنياسىنى نادىراتلارغا ئۈلەشتۈرۈپ
بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئەزرائىلنىڭ
كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قاپتۇ. ئەزرا-
ئىل ئەپەندىمگە:

ــ ئەمدى ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلى-
سەن، قانداق تەلەپلىرىڭ بار؟ ــ دەپتۇ.

ــ مېنىڭ بىرلا تەلىپىم بار، ئۇ
بولسىمۇ سەن ئاللانىڭ نامىدىن مېنىڭ
ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇشۇم ئۈچۈن
تىلخەت بەر، ــ دەپتۇ.

ئەزرائىل ئەپەندىمنىڭ تەلىپىنى
بەجا كەلتۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەپەندىم
تەرەت ئېلىپ جەينامازغا ئولتۇرۇپتۇ ۋە
بىر رەكەت نامازنى ئوقۇپ ئورنىدىن
تۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئەزرائىل ھەيران
بولغان ھالدا سوراپتۇ:

ــ بۇ نېمە قىلغىنىڭ، بىر رەكەت
نامازنى ئوقۇسىدىڭغۇ؟

ئەپەندىم شۇ ھامانلا:

ــ مەن يەنە بىر رەكەت نامازنى
قاچان ئوقۇسام مېنىڭ جېنىمنى شۇ
چاغدا ئالىسەن. قاچان ئوقۇش مېنىڭ
ئىختىيارىم، ــ دەپتۇ ۋە جەينامازنى
يىغىشتۇرۇپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ـ دە،
ئالدىنئالا تەييارلاپ قويغان ئېشىكىگە
خۇرجۇننى ئارتىپ ئادىتى بويىچە
سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. بۇنى كۆرگەن
ئەزرائىل ئۆزىنىڭ قاتتىق ئالدانغانلىقىـ
دىن ۋايساپ قاراپلا قاپتۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئەپەندىم
خەلق ئارىسىدا ياشاپ كەلمەكتە ئىكەن.



ئېيتىپ بەرگۈچى: توختاخۇن
توپلاپ رەتلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت سەيدەخمەت
(«مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1991 ـ يىللىق 3 ـ سانىدىن)

## ئەدىبلىرىمىز 1992 - يىلىدا

قەييۇم تۇردى: «جىمجىت جۇڭغارىيە» ناملىق ئۈچ توملۇق رومانىنىڭ 1 - تومى — «قامەتلىك گىلتاغ» نەشرىدىن چىقتى. رومانىنىڭ 2 -، 3 - توملىرىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىلىرى يېزىلىپ قولدىن چىقىرىلدى. يازغۇچى ھازىر رومانىنىڭ 2 - تومىنى تۈزىتىپ نەشرگە تەييارلىماقتا. ئۇ يەنە «يېزا ئىسلاھاتى ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتى»، «‹نۇتۇق› نىڭ 50 يىللىقى ۋە پارلاق يول»، «ئۇيغۇر مۇقامىنىڭ يېڭى باھارى ۋە مۇقام ئەجدادلىرىنىڭ كاتتا يىغىلىشى» قاتارلىق بەش پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ توختام بويىچە ئۈچ پوۋېست، 13 ھېكايىدىن تەركىب تاپقان پوۋېست، ھېكايىلار توپلىمىنى يازغۇچىلار نەشرىياتىغا تاپشۇردى.

زوردۇن سابىر: «ئانا» ناملىق رومانىنى قايتا ئۆزگەرتتى. «چاڭ - توزان ئىچىدىكى گۈزەللىك» ناملىق ئەدەبىي خاتىرە بىلەن «دەۋر ئالاھىدىلىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ياخشى ئەسەر» قاتارلىق ئۈچ پارچە ئوبزور ۋە تەسىرات ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ يەنە «باش - ئاخىرى يوق خەتلەر» ناملىق ھېكايىلار توپلىمى نەشر قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا سېمونت ئىشچىلىرىنىڭ تۇرمۇشى تېما قىلىنغان «گۈگۈم» ناملىق كىنو سىنارىيىسىنى يېزىپ پۈتتۈردى. ئۇ ھازىر «زېمىن سۆيگۈسى» ناملىق تارىخىي رومانىنىڭ 2 - تومىنى يازماقتا.

ئەخەت تۇردى: «ھايات شۇنداق» ناملىق رومانى نەشر قىلىندى. ئۇ يەنە «ئاھ، ناخشا» ناملىق پوۋېستىنى، «تارىم ۋادىسىدىن ئەرافات تاغلىرىغىچە» ناملىق ئوچېركىنى ھەمدە «ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم»، «نۇتۇق ۋە ئىجادىيەت»، «ئىجادىيەت ھەققىدە قىسقىچە پاراڭ» ناملىق ماقالىلىرىنى ئېلان قىلدى.

قاھار جېلىل: «ئاددىي ئادەملەر»، «پەم»، «ئۇنىڭ خۇشاللىقى»، «مېھماندوست ئايال» قاتارلىق ھېكايىلىرى بىلەن «مەن ئىجادىيەت ماتېرىيالىغا قانداق ئېرىشىمەن» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «ئېزىتقۇ» ناملىق ھېكايىلار توپلىمى نەشر قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا «قىساس» ناملىق رومانىنى نەشرگە تاپشۇردى.

تۇرسۇنئاي ھۆسەيىن: «ئەركىن» ناملىق بالىلار داستانى ھەم «ئانا ھەققىدە غەزەل»، «كۆكلەم ناخشىسى»، «ھايات»، «قار ناخشىسى»، «تەنھا قۇياش»

«يېرىم دۇنيا ئاخشىمى»، «روسىيە تەسىراتلىرى»، «ئۇكرائىن كۈيلىرى» قاتارلىق 250 كۇپلېتتىن ئارتۇق شېئىر ۋە «ئۈنلۈك كۈيلىرى»، «ئىككى چېمپىيون» قاتارلىق ھېكايىلار بىلەن «مەن شېئىرنى قانداق يازىمەن» ناملىق ماقالىنى ئېلان قىلدى. ئۇ ھازىر «ئومىقىم» ناملىق شېئىرلار توپلىمى بىلەن «قەھرىتاندىكى قۇياش» ناملىق ھېكايىلار توپلىمىغا ئىشلەۋاتىدۇ.

توختى ئايۇپ: «تەگىرىنىڭ ھۆكمى» ناملىق ئىككى توملۇق رومانىنىڭ بىرىنچى تومىنى نەشىرگە بەردى. «كۆكگۈمەدىكى تەنھالىق»، «شورلۇق دالا» قاتارلىق ھېكايىلارنى ئېلان قىلدى. ئۇ ھازىر «تەگىرىنىڭ ھۆكمى» ناملىق رومانىنىڭ 2 - تومىنى يېزىۋاتىدۇ.

ئابدۇراخمان قاھار: «نەۋائى ھەيكىلى ئالدىدا»، «ئوقۇش بەدەل پۇلى» ناملىق ھېكايىلىرى بىلەن «ھايات سىرى» ناملىق رومانىدىن پارچە ئېلان قىلدى. ئۇ يەنە «چىمەنگۈل»، «ئىككى قىزنىڭ تەقدىرى» قاتارلىق ھېكايىلارنى يازدى. «ۋاپا» ناملىق ھېكايىلار توپلىمى بىلەن «كەچۈر، مېنى نازاكەت» ناملىق پوۋېستلار توپلىمى نەشىر قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا «ئاھ، ياشلىقىم» ناملىق پوۋېستلار توپلىمىنى نەشرگە تاپشۇردى. ئۇ ھازىر «كۆكگۈل» ناملىق رومانىنى يېزىۋاتىدۇ.

مۇھەممەت باغراش: «باھار، زېمىن، روھ» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتنى ئېلان قىلدى. «ياۋا ئەتىرگۈل» ناملىق پوۋېستلار توپلىمى بىلەن «ئۇيغۇر خەلق باللار ئۇسسۇلى توغرىسىدا» (باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ يازغان) ناملىق كىتابى نەشىر قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا «كەلكۈن»، «جەزىرە»، «شوپۇرنىڭ چۈشى» قاتارلىق پوۋېستلارنى ھەمدە «رېئالىزممۇ ياكى مودېرنىزممۇ؟» ناملىق ماقالىنى يازدى. بىر ھېكايىلار توپلىمىنى نەشىرگە تاپشۇردى. ئۇ ھازىر رومان ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

△ بۇلتۇر 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شۋېتسىيە ئەدەبىيات ئاكادېمىيىسى 1992 - يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ لاتىن ئامېرىكا شائىرى، دراما تورگى دېرك ۋالكوتقا بېرىلگەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

دېرك ۋالكوت 1930 - يىلى كارىبىيىپ دېڭىزىدىكى كىچىك ئانتىل تاقىم ئاراللىرىنىڭ كۆلىمى 615 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان، ئاھالىسى 12 مىڭغا يەتمەيدىغان سېيىنت لۇسىيە دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. ئۇ غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرىدىن نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۇنجى يازغۇچى بولۇپ قالدى. كىچىك ئانتىل تاقىم ئاراللىرى 1979 - يىلى ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىچىلىكىدىن قۇتۇلغانىدى.

شۋېتسىيە نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى باھالاش ھەيئىتىنىڭ تەبرىكنامىسىدە: «ۋالكوتنىڭ شېئىرلىرى پۈتمەس - تۈگىمەس نۇر ۋە ھارارەت تارقاتتى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تارىخىي نەزەر دائىرىسى ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ، كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتنىڭ تۈرتكىسىدە بارلىققا كەلدى، ئۇنىڭ ئۇسلۇبى ئاھاڭدارلىق ۋە ھېسسىي تۇيغۇغا تولۇپ - تاشقان ... ئۇ بەجايىكى كۆكسى - قارنىغا پاتماي قالغان ئىلھامنىڭ

www.uyghurkitap.com

قوزغىتىشى تۈپەيلىدىن، ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت مۇھىتىدىكى ئورنىنى بېكىتەلىگەن ھەم بۇ كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق ھەممە ئادەم بىلەن مۇڭدىشالىغان... ئۇنىڭ جىسمىدا ئافرىقىلىقلار بىلەن ياۋروپالىقلارنىڭ قېنى ئوخشاشلا كۆۋەجەپ تۇرىدۇ. غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرى مەدەنىيىتى ۋالكوت ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ شائىرىنى تېپىپ چىقتى» دېيىلگەن.

ۋالكوتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ئاتا-ئانىسىنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ بولغان. ئۇنىڭ ئاتىسى رەسسام ۋە شائىر بولۇپ، ئۇ بالا ۋاقىتلىرىدا ئۆلۈپ كەتكەنىدى. ئانىسى شېكسپېرنىڭ سونېتلىرىنى بەكمۇ ياقتۇراتتى، شۇڭا ئوغلىغا كىچىكىدىن باشلاپلا شېكسپېرنىڭ شېئىرلىرىنى ئۆگىتىشكە باشلىدى. ۋالكوت دەسلەپ بۇ ئارالدىكى سانت مارى ئىنستىتۇتىدا، كېيىن يامايكىدىكى غەربىي ھىندى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇدى.

ۋالكوتنىڭ «مايمۇن تاغنىڭ چۈشى» (1970)، «تىچۈن ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى» ناملىق دراممىلىرى ئۇنىڭ نامىنى دۇنياغا تاراتتى. ئۇنىڭ «ئەڭ ئاخىرقى شادلىق بايرىمى» ناملىق دراممىسى شۋېتسىيىنىڭ پايتەختى ستوكھولمدا ئىنتايىن زور داغدۇغا قوزغىدى. ۋالكوتنىڭ 1973-يىلى ئېلان قىلىنغان «يەنە بىر ھايات» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىدا ئارقا-ئارقىدىن مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇنىڭ 1990-يىلى ئېلان قىلىنغان «ئومېروس» ناملىق ئېپىك داستانى قەدىمكى گرېك شائىرى ھومېرنىڭ «ئىلىئادا» ۋە «ئودىسسا» داستانلىرىدىن ئۈلگە ئېلىپ يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا كارايىپ رايونىنىڭ مەدەنىيىتى، ئۆرپ-ئادەتلىرى تەسۋىرلەنگەن. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى ناھايىتى زور شۆھرەت قازانغان ھەم ئۇنىڭ دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى ئورنىغا ئاساس سالغان، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ ھازىرغا قەدەر 18 شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىندى.

1987-يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن يوسىف برودىسكى: «تەنقىدچىلەر خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە ۋالكوتنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى خالىمىدى. ھازىرقى ئىنگلىز تىلى دۇنياسىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ شائىرنىڭ قارا تەنلىك ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمىدى، «مانا ھازىر پۈتۈن دۇنيا ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى تەن ئالدى» دېدى.

ۋالكوت نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ: «مەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بەكلا ھەيران قالدىم، غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرى ئەدەبىياتىنىڭ خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنغانلىقى ناھايىتى كاتتا ئىش بولدى. بۇ شەرەپ ماڭا ئەمەس، كارايىپ خەلقىگە مەنسۇپ، مەن ئۇچىنچى دۇنيادىكى باشقا يازغۇچىلارغا ئوخشاشلا ئۆز ئەسەرلىرىمدە خەلقنىڭ قايغۇ-ئەلەمىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشتىم. مەن ئەنگلىيە ئەدەبىياتىنى ئوقۇپ، ئەدەبىياتنىڭ تىلسىملىكىنى بىلگەن، ئەمما ئەنگلىيىدە ئەمەس، ئۆز مۇھىتىمدا تەرەققىي قىلدىم. شۇڭا مەن يۈزدە يۈز كارايىپ دېڭىزى يازغۇچىسى. ئىنگلىز تىلى بىر خىل يېزىقچىلىق تىلى بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ ئەنگلىيىلىك زېمىنىدىكى يازغۇچىلارغىلا خاس

تىل ئەمەس...» مۇخبىر ئۇنىڭدىن جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ: «ماڭا تەسىرى ئەڭ چوڭقۇر بولغىنى لى بەي بولدى...» دېگەن.

ئۇ ھازىر ئامېرىكىنىڭ بوستون ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئەدەبىياتتىن دەرس بەرمەكتە ھەم ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانماقتا.

△ ماۋدۇن بىلەن باجىننىڭ ئىجادىيەت قارىشىدىكى پەرق: ئاتاقلىق نەزەرىيىچى جۇئەن جىشىڭنىڭ بىر پارچە ماقالىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: سەنئەت كىشىلىك ھايات ئۈچۈن دېگەننى تەشەببۇس قىلىپ، سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىنى تەكىتلەش ماۋدۇن بىلەن باجىننىڭ ئورتاق قىممەت يۈزلىنىشىدۇر، ئەمما پسىخىك ساپا، ئىجادىيەت مۇددىئاسى ۋە بەدىئىي ئىنتىلىشىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن ماۋدۇن بىلەن باجىننىڭ ئاشۇ ئوخشىشىپ كېتىدىغان قىممەت قارىشىنىڭ ئارقىسىغا يەنە ئوخشاش بولمىغان قىممەت ئىستىكى ۋە ئىجادىيەت نىشانى يوشۇرۇنغان. بۇ خىل پەرقنىڭ روشەن ئىپادىسى شۇكى، ماۋدۇن سەنئەتنىڭ سىياسىيغا تېخىمۇ كۆپ ئارىلىشىشىنى، رېئال كۈرەش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپرەك خىزمەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. باجىن بولسا، تۇرمۇش ئۈچۈن يېزىش دېگەننى تەكىتلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىجادىيەتنى تۇرمۇشنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرىدۇ. ماۋدۇن بىلەن باجىننىڭ ئىككى خىل ئوخشاش بولمىغان قىممەت يۈزلىنىشى ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىنى ئوخشاش بولمىغان بەدىئىي تۈسكە ئىگە قىلغان. ماۋدۇننىڭ ئەسەرلىرى دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ۋە رېئالىزملىق خۇسۇسىيەتكە باي، بەدىئىي قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، مەزمۇنى چوڭقۇر، باجىننىڭ ئەسەرلىرى بولسا، تۇرمۇشقا يېقىن، چىن ۋە يېقىملىق، ھېسسىياتقا باي، ئۇسلۇبى ساددا ۋە تەبىئىي. بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ماۋدۇن تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان بولسا، باجىن مەنىۋى دۇنيانى پاكلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

△ 1986 - يىلىدىن 1992 - يىلىغىچە ھەرقانداق بىر «4 - ئەۋلاد» كىشىلەرنىڭ ئۆيىدە چۇڭ ياۋ، شى مورۇڭ، سەن ماۋ قاتارلىق تەيۋەنلىك ئۈچ ئايال يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرگىلى بولىدىغان بولۇپ قالدى. چوڭ قۇرۇقلۇق ۋە تەيۋەن يازغۇچىلىرىنىڭ نەزەرىدە ئادەتتىكى يازغۇچىلار سانىلىدىغان بۇ يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى نېمە ئۈچۈن شۇقەدەر كۆپ كىتابخانىلىق بولىدۇ؟ چۇڭ ياۋنىڭ رومانلىرىدا بۈگۈنكى تەيۋەننىڭ خۇددى ھېسابلاش ماشىنىسىدا قۇراشتۇرۇلغاندەك مۇھەببەت ۋەقەلىرى تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇ مۇھەببەتتىن ئىبارەت مەڭگۈلۈك تېمىنى چىڭ تۇتىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى شەرمى - ھايالىق تەسۋىرلەر كىتابخانلارنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىتابخانلارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتى ئېشىپ بارىدۇ. سەبىي قىزلار ئۇنىڭ قەلىمىدىكى ئايال پېرسوناژلارغا زوقلىنىپ، ئۆزىنىڭ مىجەز - خاراكتېرىنى ئۇلارغا تەقلىد قىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى سوغۇققان، سۇرلۇك، جەسۇر، قەيسەر، بىلىملىك ۋە كۆپ تەرەپلىمىلىك سەنئەت ئىقتىدارىغا ئىگە ئەر پېرسوناژلارغا مەپتۇن بولىدۇ. چۇڭ ياۋنىڭ ئەسەرلىرى

بىر ئەۋلاد ياشلار خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسەتتى.

شى مورۇڭنىڭ شېئىرلىرى چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى بىر قىسىم شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدەك تىرەن ۋە ھېكمەتكە تويۇنغان ئەمەس. ئۇلاردا پەلسەپىۋى پىكىر يوق دېيەرلىك. ئەمما ئۇ سۈكۈت ئىچىدىلا سۆزلەشكە ئامراق. ئۇ ئىچكى تۇيغۇغا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ھازىرقى زامان ھېس ـ تۇيغۇسى بىلەن كلاسسىك پۇراق ياشلارغا يېقىنراق بولغاچقا، ياشلارنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدۇ.

سەنماۋ پۈتۈن دۇنيانى دېگۈدەك ئايلىنىپ چىققان. ھاياتىدا تۇنجى قېتىم ئېسەنكىرەپ، ئازابلىنىۋاتقان ياشلار سەنماۋنىڭ ئەسەرلىرىدىكى رومانتىك مۇھەببەتكە مەپتۇن بولۇپ، ئۇنىڭدىكى پايانسىز قۇملۇقلارغا، قولتۇق ۋە ئاراللارغا ئىنتىلىدۇ. ياشلار تۇنجى مۇھەببەتتىكى ئەگرى ـ توقايلىقلارغا ۋە ئىشقىي ـ سەۋدالارغا قىزىققانلىقىدىنلا ئەمەس، ھاياتقا تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ كىرىش ئۈچۈن دىققەت ـ نەزەرىنى سەنماۋغا ئاغدۇرغان.

بۈگۈنكى ياشلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىدىن قارىغاندا، يېقىنقى ئېستېتىكا قائىدىلىرى ئۇلارنى تىرەن ۋە كلاسسىك ئەسەرلەرنى قوغلاشماستىن، ئاممىباپ ئەسەرلەرگە قىزىقىدىغان قىلىپ قويغان. ھازىر چوڭ قۇرۇقلۇق يازغۇچىلىرىنىڭ 80 پىرسەنتى ئەدەبىيات بازىرىغا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. ئەكسىچە تەيۋەن يازغۇچىلىرى بۇنىڭغا بەكمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەدەبىياتنى ياسايدىغانلارمۇ، ئەدەبىياتنى ئىجاد قىلىدىغانلارمۇ بار. ئۇلار بازارنىڭ ئەھۋالىدىن ئۆزلىرىنى دەڭسەپ باقتى. شى مورۇڭنىڭ شى مورۇڭچە بازىرى بار. يۈگۋاڭجۇڭنىڭ يۈگۋاڭجۇڭچە زېمىنى بار. بىرىنچى دەرىجىلىك يازغۇچىلار بولسۇن ياكى ئۈچىنچى دەرىجىلىك يازغۇچىلار بولسۇن، ھېچكىم ئاتالمىش ئەدەبىيات دائىرىسى ئىچىدە قېتىۋېلىپ ياشاشنى خالىمايدۇ. شۇڭا بۇ ئۈچ ئايالنىڭ تۇتقان يولى ئىنتايىن مۇۋاپىق.






## ئەدىبلىرىمىز تۇرمۇشىدىن







ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



《塔 里 木》 文学月刊（维吾尔文）

TARIMAMONTHLY LITERATURE JOURNAL
IN UIGHUR LANGUAGE

تارىم

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各 地 邮 局 所

1993 ـ يىل 1 ـ سان (383 ـ سان)، 43 ـ يىل نەشرى.
تۈزگۈچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.
ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 ـ قورۇ، تېلېفون نومۇرى: 416214.
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى، شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ.

国际统一刊号：ISSN 1002－9044 ISSN 1002 _ 9044 خەلقئارالىق بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:

国内统一刊号：CN 65－1010／I CN 65 _ 1010 / I مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
邮发代号：58－66 定 价：2.00元 پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 66 _ 58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى: 2.00 يۈەن
邮政编码：830000 پوچتا نومۇرى:

2

1993